

# تارىم

6

1985

www.uyghurkitap.com



قاخشال ئۈرۈك چىقاردى نوتا،
چېچەكلىرى كۈمۈشتەك گويا.

سۈرەتنى قەييۇم قادىر تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

AltunOq

28 - يىل نەشرى

1985

# بوستاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

## نەسرى ئەسەرلەر

تەبەسسۇم (ھىكايە) .................... ئارزىگۈل بىلال 4
ئەقىدە (ھىكايە) ....................غەيرەت ئابدۇللا 18
يىشىل مەرۋايىت (پوۋېست) .................... قەييۇم تۇردى 36
قانلىق قىرغاق (پوۋېست) .................... ئابدۇللا ساۋۇت 73

## شېئىرلار

تۇرپان تەسىراتلىرى .................... مەھەممەتجان سادىق 28
ئەسسالام، تەبىئەت .................... مامۇت زايىت 34
ئۆمرۈم ئوخشار ئاقار يۇلتۇزغا ....................ئابلىز ھوشۇر 34
ئاھ، مىنىڭ خەلقىم (داستان) .................... ئارسلان 60
ياشلىق ئۇچقۇنلىرى .................... غالىپ راخمان 94
شېئىرلار .................... تۇرسۇن نىياز 96
ئىككى شېئىر ....................جېلىلى 97
موتوتسىكلىت مىنگەن قىز ....................ئىمىن راشىدىن 98
باھار شاملى ....................ئۆمەر رەجەپ 98
ئۇستاز ....................مەھەممەت روزى 99
باللارنىڭ ئارزۇسى ....................روزى سايىت 144
شېئىرلار ....................ئابلىكىم روزى 151
ئىككى شېئىر .................... ھەسەن تىلىۋالدى 152
باللار قەلبى .................... ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن 153
باللار ناخشىلىرى .................... ياسىن ئىسمايىل 153
ئايگۈلنىڭ مېھرى .................... مەتىمىن بارى 154

# تارىم


شېئىرلار ............ روزىتوختى داۋۇت 155

دوستلۇق ناخشىسى ............ قادىر تۇردى 157

بۇرغىچى ناخشىسى ............ قادىر سىدىق 160


**بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز**


پىشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن ............ 89

لىرىك شائىر بوغدا ئابدۇللا ............ 92


**ئوبزور ۋە ماقالىلار**


قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە بايان ............ ئىسرائىل يۈسۈپ 100

مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ............ 124

ئەدىبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ............ 131


**تەرمە گۈللەر**


كونا - يېڭى ئىشلار (ھېكايە) ............ مەمتىمىن ھوشۇر 113

مەن مىسالى غىلاپسىز خەنجەر (شېئىر) ............ مۇتەللىپ مەھەممەت (خۇرسەندى) 123


**چەتئەل ئەدەبىياتىدىن**


كەمبەغەلنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقى (ھېكايە) ............ دېككىنس 137



رەسىمنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان، ھۆسنخەتنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەبەسسۇم

(ھېكايە)

ئارزىگۈل بىلال

بازار يېنىدىكى بۇ كىچىك مەھەللىگە بىر قىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، زىلۋا، قاپ-قارا بۇدۇر چاچلىرى مۈرىسىنى ياپقان، 23-24 ياشلاردىكى قىز ئىدى. قىز مەيلى چىراي تۇرقىدىن بولسۇن ياكى يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرىدىن بولسۇن بۇ يەردىكى ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغانلارغىمۇ تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭدەك ياسىنىش ۋە كىيىنىشنى تارىم ۋادىسىنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان بۇ مەھەللىدىكى قىزلار پەقەت ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم قويۇلىدىغان كىنولاردىلا كۆرگەن ئىدى. ئۇ قىز نەگىلا بارمىسۇن كىشىلەر تا ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە كەينىدىن قارىشىپ قالاتتى. ھەتتا مۇشۇ بازاردىكى خېلى-خېلىلارنى ياراتمايدىغان قىز-يىگىتلەرمۇ ئۇنى كۆرگەندە يول بوشىتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

لېكىن نىمىشقىدۇ ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغىنىمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەپتىنمۇ ئەيتەۋۇر ئۇ، مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالدى.

1

كەۋسەر گۈلباغقا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن تۇنجى دوختۇر ئىدى. گۇڭشې دوختۇرخانىسىدا ئۆي بولمىغاچقا، ئۇ، مەھەللە ئىچىدىن بىر ئېغىز ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەلدى.

— نەدىن كەپتۇ، بىلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورۇشتۇردى ھەيران بولغان ئايسىخان.

— ئۇقمىدۇق، ئاڭلىشىمىزچە، دوختۇرمىش، — دەپ جاۋاپ بەردى مەرەمخان

بېشىنى چايقاپ.

— بەك چىرايلىق چوكانكەنغۇ، — دېدى ئايسىخاننىڭ يېنىدا تۇرغان ئېرى ھوشۇر ئاخۇن.

مەرەمخان ھوشۇر ئاخۇننىڭ سوزىنى تۈزىتىشكە ئالدىرىدى:

— تېخى ئەرگە تەگمىگەن قىزمىش.

— راسمىكەن؟ — ھوشۇرئاخۇن ھەيران بولدى.

— ھەجەپ ئوغرىدەك قاراپلا كەتتىڭلا، كۆيۈپ قالدىڭلىمۇ - يا، — ئايسىخان كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئېرىگە ئالايدى.

ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بولدى خوتۇن، يامان يولۋاس يولدا ياتسا شىرغا يول بەرمەس، دەپتىكەن، سىلەر بار يەردە باشقا بىرسىگە كۆيۈپ قالغۇدەك يۈرەك نەدە تۇرۇپتۇ؟ — دېدى ھوشۇرئاخۇن پوكاندەك قىزىرىپ.

بۇ چاغدا كەۋسەر ئۆي ياساش بىلەن ھەلەك ئىدى، ئوچۇق ئىشىكتىن سىرتتىكىلەرنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەۋسەر ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى. چوڭ بولۇپ ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغان بۇ قىزغا بۇيەردىكى ھەممە نەرسە تولىمۇ يېڭىلىق تۇيۇلغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ چاقچاقلىرىغا ئۇنىڭ كۈلگىسى ۋە جاۋاپ بەرگۈسى كەلدى - دە، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى - يۇ، لېكىن يەنە توختاپ قالدى. «ھەي قاملاشارمۇ؟ ھېچكىم بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا سۆز قىستۇرۇش ئەدەپسىزلىك بولماسمۇ؟»

كەۋسەر ئۆينىڭ ئالدىغا ئولىشۋالغان چوڭ - كىچىك خولۇم - خوشنىلىرىغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر سالدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن تۇتقان ئۆيىگە تەكلىپ قىلغۇسى، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكۈسى كەلدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئانچە يېقىن كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل يېرىم بولغان ھالدا ئاستا كەينىگە يېنىپ چىرايلىق كىرلىك يېپىلغان كارۋىتىغا ئولتۇردى.

كەۋسەر ئورۇنلاشقان بۇ كىچىككىنە ئۆي ئۇنىڭ ئەپچىل قولى بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن ئىدى.

«مۇشۇ كىچىك زىمىن ھازىردىن باشلاپ ماڭا تەۋە، مۇشۇ تەۋەلىك ئۈچۈن مەن قانچىلىغان كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم...» ئۇ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىۋېلىپ، بىر جۈپ قىزىل گۈل كەشتىلەنگەن ياستۇققا بېشىنى قويدى - دە، تورۇسقا قاراپ ياتقىنچە خىيالغا كەتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز پەيدا بولدى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا گاھ يېقىندىن، گاھ يىراقتىن كۆرۈنەتتى.

«ئاشۇ كۈندىن باشلاپ مەن كەۋسەر، مۇشۇ يەرگە ئېكىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن مىنۇتتىن باشلاپ مەن كەۋسەر؛ مۇختەر، سەن خاتىرجەم بول، مەن يۇرتۇڭنى يوقلاپ ئەمەس، بەلكى كەۋسەر بولۇپ كەلدىم» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى ھەممە ھىلىقى بىر جۈپ كۆزنىڭ غايىپ بولۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك كۆزىنى ئاستا يۇمۇۋالدى.

تەغدىرگە تەن بەرمەي، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلىدىغان قەيسەر كىشىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش، كەلگۈسى دېگەنلەر نېمىدېگەن گۈزەل؟ نېمىدېگەن قىممەتلىك - ھە!؟ شۇ گۈزەل تۇرمۇش كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى، كىشىنىڭ ئوتتەك مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتاتتى. لېكىن ئەمدىلا مەكتەپنىڭ

بوسۇغىسىدىن چىقىپ جەمىيەتكە قەدەم قويغان كەۋسەر ئۆچۈنمۇ تۇرمۇش ئاشۇنداق شىرىن، كۆڭۈللۈك بولارمۇ؟

بىر كۈنى سەھەردە كەۋسەر ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن كېلىۋېتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، خوشنىلىرى ئايىسخان بىلەن مەرەمخانىنىڭ ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— توۋا خۇدايىم، دوختۇر ئەكەلدۇق دەپ، تازا رەسۋا بىرنىمىنى ئەكەپتىمىز دەيمەن، — دېدى مەرەمخان ئايىسخانغا قاراپ.

— مۇشۇ قىز بالا بوپتىمۇ، قاغا قاق دىمىستە ئۇستىگە تۇزۇكمۇ بىرنىمە ئارتمايلا سوكۇلداپ يۈرۈشىنى كۆرسىلە، ھايا دېگەننى بىلمەيدىكىنا، — دېدى ئايىسخان ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتىرىپ.

— ئاستاراق، ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، — مەرەمخان ئايىسخاننى ئاستا نوقۇپ قويدى.

— ئاڭلىسۇن دەپ دەۋاتىمەن، بۇ مەھەللىدە ئەھلى - ئۆلىمالار ئاز ئەمەس، بۇ قىزنىڭ مۇنداق قىلىقلىرى ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ! — دېدى ئايىسخان تېخىمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

بۇ گەپلەر كەۋسەرگە خۇددى بېشىغا توخماق بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق تۇيۇلدى. ئۇ گەرچە بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە باشقىچە نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى ئانچە - مۇنچە سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە بۇنچىلىك سۆز - ئاھانەتكە قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىدى.

«كونىلارنىڭ ‹يەكچەشىمنىڭ شەھرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىس› دېگەن گېپى بار، بەلكى بۇ كىشىلەرگە مېنىڭ بۇنداق يۈرۈشۈم ياقماي قالغاندۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ھەمدە ئەتىسىدىن باشلاپ ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ چېنىقىشقا چىقىدىغان بولدى.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ، يىراقتىن بىرەرسى كەلسە قىزغىن كۈتىۋالاتتى، لېكىن بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت كەۋسەرگە كەلگەندە ئاقماي قالدى. چۈنكى كەۋسەرنىڭ سىرتقى تۇرقى بۇ كىشىلەرنى ئۈمىتسىزلەندۈرگەن ئىدى، ئۇنىڭ تېببىي جەھەتتىكى تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك يۇقۇرى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، كەۋسەر خۇراپىي ئاڭ سىڭىپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە لايىق كەلمىگەن ئىدى.

— قاراڭلار، چېچىنى قىلىۋالغىنىنى، مۇسۇلمان تۇرۇپ بېشىغا ياغلىق ئارتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، يوپكا دەمدۇ، كوپتا دەمدۇ، بىر نىمىنى كىيىۋېلىپ، نومۇس قىلماي ساغرىسىنى تولغاپ مېڭىشىنى كۆرمەمدىغان...— كەۋسەر ئايىسخاننىڭ شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇراتتى.

دىمىسىمۇ قارىمىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، كىچىكىدىنلا «بېشىغا ياغلىق چەگمىسە جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن بېشى پاتماي دوزاقتا كىرىدۇ، چېچىنى كەسسە يامان بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆزلەر دىلىغا سىڭىپ كەتكەن ئايىسخاننىڭ كۆزىگە كەۋسەرنىڭ بۇنداق غەلىتى كىيىنىپ يۈرۈشلىرى قانداقمۇ سىغسۇن؟

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايىسخاننىڭ شەھەر قىزلىرىغا ئوخشاش ئەركىن يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغان قىزى ئامىنە بولسا كەۋسەرگە بۆلەكچە ئامراق ئىدى. ئۇ ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كەۋسەردەك بىر مەدىنىيەتلىك قىزنىڭ ئۆز مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە تولىمۇ خوشال بولدى. بولۇپمۇ كەۋسەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

تولىمۇ يارىشىملىق ئاپپاق دوختۇرلۇق كىيىمگە ئۇنىڭ بەكمۇ مەسلىگى كېلەتتى، ئۇمۇ كەۋسەرگە ئوخشاش ئاپپاق خالاتنى كىيىپ، تىڭشىغۇچنى بويىنىغا ئېسىپ دوختۇر بولۇشنى قەۋەت ئارزۇ قىلاتتى. بىراق دوختۇرنى خۇدانىڭ رەقىبى دەپ قارايدىغان بۇ ئائىلىدە دوختۇرلۇقتىن سۆز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ شۇڭا ئۇ ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە پات-پات دوختۇرخانىغا بېرىپ، كەۋسەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەۋەس بىلەن سەپسېلىپ قارايتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كەۋسەرچۇ؟ ئۇمۇ ئاشۇ قارا كۆزلۈك، غۇنچىدەك چىرايلىق قىزغا كۆڭلىدە ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىت بىلەن قاراشلىرى كەۋسەرنىڭ بۇ يات يۇرتتا مۇساپىرچىلىقتىن سولغان دىلىغا ئىلھام بەخش ئېتەتتى.

ۋاقىت قۇياشنىڭ سەھەردە شەرقتىن كۆتىرىلىپ سېخى نۇرىنى چېچىشى، كەچلىگى ھاردۇق يەتكەن ھالدا مەغرىپكە باش قويىشىغا ئەگىشىپ خۇددى ئېقىپ كېتىپ بارغان سۇدەك توختىماي ئۆتۈپ باراتتى.

كەۋسەرنىڭ گۈلباغقا كەلگىنىگەمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىر قانچە ئاي بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنى خۇددى قەپەزدىن چىققان قۇشتەك ئەركىن ھىس قىلاتتى. سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئۇپۇق يېرىپ كۆتىرىلگەن چاغدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش، مەھەللە سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىنى ياقىلاپ، كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ شەبنەمگە چىلىشىپ، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ سەيلە قىلىش... ئۇنى گويا چۈشىدىكى غايىۋانە جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھىس-تۇيغۇلارغا چۆمدۈرەتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ ساۋاقدىشى مۇختەرنىڭ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشىنى نىمە ئۈچۈن شۇنچە ئارزۇ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى، ئەمدىلىكتە بۇ گۈزەل، ئاۋات ماكان ئۇنىمۇ ئۆزىگە قاتتىق مەپتۇن قىلغان ئىدى.

2

كەۋسەر بىلەن ئامىنە ناھايىتى تېزلا يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالدى. كەۋسەر بىكار بولۇپ قالغانلىرىدا ئامىنەنى ئىزلەيتتى. ئۇلار ئىككىسى بەزىدە مەھەللە سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويلىرىغا بېرىپ سەيلە قىلىشاتتى، بەزىدە كەۋسەرنىڭ ياتىغىدا ناخشا ئېيتىشىپ كۆڭۈل ئاچاتتى.

بۇ گۈن ئۇلار يەنە ئۆستەڭ بويىغا كەلدى، ئۆستەڭ سۈيى ئەمدى مۇز تۇتقان ئىدى. باش قىشنىڭ سوغاق شامىلى دەرەخلەردىكى ئاخىرقى يوپۇرماقلارنى سىپىرىپ يەرگە ئۇراتتى.

ئۇلار ئۆستەڭ بويىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇزاق مۇڭداشتى.

— ئامىنە، ئاڭلىسام كېلەر يىلى ئەتىيازدا تويىڭىز بولارمىش، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى كەۋسەر گەپ ئارىسىدا ئامىنەگە چاقچاق قىلىپ.

ئامىنەنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئوھوي، توي ئوينايدىكەنمىزدە، — دىدى كەۋسەر شوقلۇق بىلەن كۈلۈپ.

— سىز كۆلمەڭ، مەن بۇيىل 18 ياشقا كىردىم. ئەمدى توي قىلمىسام، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئارىسىدا قېرى قىز بولۇپ قالىمەن — دېدى ئامىنە كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا.

— كەچۈرۈڭ ئامىنە، مەن سىزنى زاڭلىق قىلمىدىم، شۇغىنىسى، كېلەچەكتىكى كۈيئوغۇلنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى، — دېدى كەۋسەر كۈلكىسىنى توختىتىپ.

— ئالدىرىماڭ، ئۇنىڭ كېلىشىگىمۇ ئاز قالدى، تېخى مەنمۇ ئۇنى بىرلا قېتىملا كۆرگەن، — دېدى ئامىنە پەس ئاۋازدا.

— بىرلا كۆرگەن دەمسىز، ئۇ قانداقراق بالا ئىكەن؟ — دېدى كەۋسەر هەيران بولۇپ.

— چىراي تۇرقىغۇ يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ، لېكىن ساۋاتسىز، ماكىمۇ ئامال يوق، ئۆيدىكىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، — ئامىنە ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى.

كەۋسەر گەپ قىلمىدى. ئۇ ئامىنەگە ئېچىناتتى، بىرلا كۆرگەن يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش - هە؟

— سىز نېمىشقا تېخى توي قىلمايسىز؟ سىزنىڭ يېشىڭىزغا بارغاندا مېنىڭ بالامىمۇ يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئامىنە تۇيۇقسىزلا. ئۇ بۇ گەپنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

كەۋسەر سوئالغا دەرهال جاۋاپ بەرمىدى، ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ ئۆستەڭ ئۈستىدىن يىراققا نەزەر تاشلىدى. ئامىنە ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، چىرايىنىڭ ئاجايىپ قايغۇلۇق تۈس ئېلىۋاتقانلىقىنى، كىرپىكلىرىنىڭ نەملەشكەنلىكىنى كۆردى.

— كەۋسەر، نېمە بولدىڭىز؟ — ئامىنە تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ كەۋسەرنى بۇنداق غەشلىككە سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى.

كەۋسەر شۇ هالەتتە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى، ئاندىن هەسرەتلىك بىر تىنىۋېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— بۇنى كېيىنچە سۆزلىشەيلى ئامىنە، هازىر قايتىپ كېتەيلى، بەك كەچ بولۇپ كەتسە ئاپىڭىز ئەنسىرەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

ئامىنەنىڭ سوئالى خۇددى تىمتاس كۆلگە تاش ئېتىپ دولقۇن كۆتۈرىۋەتكەندەك كەۋسەرنىڭ كۆڭۈل تېچلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئۇ شۇ كېچىسى ئۇيقىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى تېگى يوق خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىپ بارغاندەك هىس قىلاتتى.

— قىزىم، كۆزۈڭ هەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتۇ، ئاكا - ئاچىلىرىڭ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىشتى، داداڭ ئاغرىقچان، مەنمۇ كېسەلدىن نېرى بولالمايۋاتىمەن، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ بىرەرسىگە ئورۇنلىشىپ قالساڭ، يېنىمىزدا، كۆزىمىز ئالدىدا تۇرۇپ ئىشلىسەڭ تۇرمۇش ئىشلىرىڭدىنمۇ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىگەن بولاتتۇق، — دەيتتى ئانىسى دائىم كۆز ياش قىلىپ.

ئانىنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەيدىغانلىقىنى كەۋسەر ئوبدان بىلەتتى، ئانىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە ئوخشاش تىببى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان بىر نەۋرە ئاكىسى پولات كەۋسەرنىڭ هەقىقىي لايىقى ئىدى ۋە قىزنىڭ باشقا يىگىتلەرگە كۆڭۈل بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پات - پات:

www.uyghurkitap.com

— ئىككىڭلار ھەم تۇغقان، ھەم كەسىپداش، ئەڭ مۇھىمى، سىلەر كىچىكىڭلاردىن بىرگە چوڭ بولغان، بىر-بىرىڭلارنى ئوبدان چۈشىنىسىلەر. ئىككىڭلارنى خۇدايىم بىر-بىرىڭلارغا ئاتاپلا ياراتقان، — دەيتتى.

ئۇ كەۋسەرنىڭ ھاياتىنى ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى شۇ ئالتۇن قەپەزدە ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتى.

پولاتمۇ كۆكسى-قارنى كەڭ، بىلىملىك، مەرت يىگىت ئىدى. ئۇ كەۋسەرنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى، لېكىن ئۇ كەۋسەرنىڭ باشقا بىر يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كەۋسەرنىڭ قەلب رايىغا ھۆرمەت قىلدى ھەمدە ئۆيدىكىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان گۈلشەن ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلدى.

«ئەگەر پولات توي قىلىشقا ئالدىرىمىغان بولسا، مىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىنمىدى؟» بۇ خىيال كەۋسەرنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە كېچىپ ئۆتتى ۋە شۇ زامان ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن نومۇس قىلىپ ئۆزىنى ئەيىپلىدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقا بىر يىگىت پەيدا بولدى، ئۇ يىگىتنىڭ تۇم قارا ۋە نۇرلۇق كۆزلىرى گويا ئۇنى سىناۋاتقاندەك مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

«ئەگەر شۇ رەھىمسىز كېسەل ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆز قويىنىغا ئالمىغان بولسا، ئەگەر شۇ كۈندىكى مۇسىبەت قاغىسى مېنىڭ بېشىمغا قونمىغان بولسا، مېنىڭ ھايات يولۇم بۆگۈنكىدەك بولارمىدى؟» كەۋسەر چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆمدى.

دوختۇرلۇق يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە خىزمەت. چۈنكى دوختۇرنىڭ قولىغا كېسەلنىڭ ھاياتى تۇتقۇزۇلغان، كەۋسەر شۇنداق ئويلايتتى، كېسەل كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئۈمىت بىلەن تەلمۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ «دوختۇر» دېيىشىدىن ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھىساپلايتتى، كېسەللەر ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشال خوشلاشقاندا ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ، شاتلىققا چۆمەتتى. ئۇلارنىڭ ھىسداشلىقلىرىدىن ئازاپلانغان كۆڭلىگە تەسكىن تاپاتتى.

«كەلگىنىمگە نەچچە ئاي بولدى. بىرەر تال ئوتۇندىن قىسىلىپ باقتىممۇ؟ دوختۇرخانىدا كەچ قالغان كۈنلىرىم يالغۇز قېلىشتىن ئەنسىرەپ باقتىممۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ دائىم.

3

كەۋسەر بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئامىنەنى كۆرەلمەي كۆڭلى دەككە-دۈككە بولۇشقا باشلىدى، ئۇ ئامىنەنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى ئايىمخان دوختۇرخانىنىڭ دورىسىنى يېيىشتىن بەكمۇ پەرھىز قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ بۈگۈن ئامىنەنى ئىزلەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ ئەمدى ھويلىغا كىرىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپ قەدىمىنى توختىتىۋالدى.

— سەن ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر، جومۇ! «قازاننىڭ يېنىغا بارساڭ قارىسى يۇقۇدۇ، يامانىنىڭ يېنىغا بارساڭ يارىسى» دەپتىكەن، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ھېلىتىنلا بېشىڭغا

ياغلىق ئارتىشنى خالمايدىغان بولىۋالدىك، خۇدايىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، گويا قىلساڭ ئۆزەڭگە قىلىسەن. ئۇنىڭ يېنىغا ئەمدى بارغۇچى بولساڭ مەندىن كۆرگۈلىكىڭنى كۆرىسەن. ماڭ، ئۇكاڭنى ئويىنىتىپ كىر !ــ ئايسىخان ئاچچىقى بىلەن ئاممىنىگە ۋاقىراۋاتاتتى.

ــ كەۋسەر يامان قىز ئەمەسقۇ، ئۇ كىشلەرنى داۋالاپ ساقايتسا ماڭا نەپ قالامدىكىن، دەپ سەنلا ئۇنىڭ بىلەن قېرىدىشسەن، ــ دىدى ئاممىمۇ بوش كەلمەي.

بەلكىم ئۆز قىزىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشى ئايسىخانغا هار كەلدى بولغاي، «قارس ـ قۇرس» قىلغان تەستەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ياخشى بولسا مۇشۇ كەمگىچە ئەرگە تەگمەمتى؟ ياخشى بولسا، نەچچە ئايدىن بېرى ئۆيىدىن بىرەر پارچە خەت كەلمەمتى؟ قانداق ئاتا ـ ئانىكەن ئۇ قىزىنى سېغىنمايدىغان؟!... ــ ئايسىخانىڭ ئاچچىقى بىلەن دەۋاتقان بۇ گەپلەردىن كەۋسەرنىڭ يۈرىگى مۇجۇلۇپ كەتتى، هۇجۇدىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى ۋە كەينىگە ياندى ـ دە، يىغۇلۇرگەن پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. «ئاھ خۇدا، مەن نىمە گويا قىلغاندىمەن!؟» ئۇ ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئايسىخانىڭ سۆزلىرىدىن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشىنى سۈرۈشتە قىلغانلىغىنى چۈشەندى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا ئۆيىدىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇ، دۇنيادا ئۆز بالىسىنى سېغىنمايدىغان تاش يۈرەك ئاتا ـ ئانىنىڭ بارلىغىغا ئەسلا ئىشەنمەيتتى. كىممۇ ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىگە كۆيمىسۇن؟ دىمىسىمۇ كەۋسەر ئانىسى ئۈچۈن كۆزىنىڭ قارىچۇغى ئىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، 40 ياشقا كىرگەندە كۆرگەن بۇ قىزى باشقا باللىرىغا زادى ئوخشمايتتى، كەۋسەر كىچىكىدىنلا يۇۋاش ھەم ئەقىللىق ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇماق قىلىقلىرى، ھەربىر تاتلىق سۆزلىرى ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەخت، شاتلىق بولىغى ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەتىۋارلىق بىلەن چوڭ بولدى، ئوقۇدى، ئاكا ـ ئاچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئالى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى يەنە بىر قېتىم خوشال قىلدى، لېكىن كەۋسەر ئانىنى ئاخىرىغىچە خۇش قىلالمىدى. بولۇپمۇ كەۋسەرنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى پولات بىلەن توي قىلمايدىغانلىغى ئانىنى بەكمۇ ئۈمىتسىزلەندۈرۈۋەتتى، ئۇ قىزىنىڭ ئۆز گېپىدىن قايتمايدىغانلىغىدىن گۇمان قىلمايتتى، شۇڭا ئامالسىزلىقتىن بار ئۈمىدىنى كەۋسەرنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يېنىدا خىزمەت قىلىشىغا باغلاپ، ئۇنىڭ رايىغا بارغان ئىدى.

بىراق ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنىلا ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى، كەۋسەرنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ چەت، يىراق بۇ ناھىيىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىدىغۇسىز ئازاپلايتتى، ئۇنىڭ زار ـ زار يىغلاشلىرى، ئاھ ئۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرى كەۋسەرگە كار قىلمىغان ئىدى.

«ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن قىزىغا ئانا قانداقمۇ خەت يازسۇن؟!» دەپ ئويلىدى كەۋسەر. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيالى خۇددى قاناتلانغان قۇشتەك ئۇنى ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان ئۆرۈمچىگە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ يۇرتىنى سېغىناتتى، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىناتتى، گەرچە ئۇنى دادىسىلا بىردىن ـ بىر قوللاپ كەلگەن بولسىمۇ، ماشىنا قوزغالغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگىنىنى كۆرگەن ئىدى.

ئۇ ئانىنىڭ ئىللىق قوينىدا قانغىچە ئۇخلاشنى، دادىسىنى قولتۇقلاپ يول بويىدىكى دەرەخلىقتە ئۇزۇنغىچە سەيلە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ يەنە دوستلىرىنى ئەسلەيتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆتكەن خوشاللىق كۈنلىرىنى ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلدى... ئەمما كەۋسەر بۇلارغا پۇشايمان قىلغان ئەمەس. ئۇ مارك تىۋېننىڭ «تۇرمۇش — بەخت بىلەن ھەسرەتتىن، ئازاپتىن تەركىپ تاپقان بىر تەسۋىي... ئازاپنى قانداقمۇ ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مول مەنىۋى بايلىق ئەمەس دىگىلى بولسۇن؟! ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولغان ئادەم دائىم چاغلىق كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.» دىگەن سۆزىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

ئىشىكنىڭ ئۇشتۇمتۇت قېقىلىشى بىلەن بىر ئايالنىڭ يىغا ئارىلاش چاقىرغان ئاۋازى كەۋسەرنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپلا ئىشىكنى ئاچتى.

— قىزىم، تېز... تېزرەك بېرىپ قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز!... — كەۋسەر ئىشىكنى ئېچىپ جىددىيلىكتىن چىرايىدا قان قالمىغان مەرەمخاننى كۆردى، بىرنىمىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، مەرەمخاننىڭ كەينىدىن مەھەللىگە قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

— زادى نېمە بولدى، مەرەمخاچا؟ — دەپ سورىدى كەۋسەر يولدا كېتىۋېتىپ.

— چوڭ قىزىم ئايشەم ئىككى قات ئىدى. تولغاق تۇتقىلى ئىككى كۈن بولۇپ قالدى، تۇغۇت ئانىسى ئەنە - مانا دەپ بۈگۈن ئاران كەلدى، بىراق بۈگۈن ئەمدى، بىچارە قىزىمنىڭ كۆزىنى ئېچىشقىمۇ ماغدۇرى قالمىدى، بالا تېخى چۈشمىدى... — دەپ ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى مەرەمخان.

— نىمىشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلار؟ — كەۋسەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ: «تۇغۇت خۇددى گۆرنىڭ ئاغزىغا بېرىپ يانماقتۇر، بەزى ئاياللار دوختۇرخانىدا تۇغۇشقا ئادەتلەنمىگەن، ئۇلار يېنىدا يات ئادەملەرنىڭ بولىشىدىن پەرىز قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئايالالارنىڭ تۇغۇت ئازاۋىنى يېنىكلىتىش سىلەرنىڭ بۇرچىڭلار» دىگەن سۆزىنى ئەسلىدى.

— دوختۇرخانىغا بارسام ئىككى خەنزۇ دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا كېيىمنى ئۇقتۇرالمىدىم، ئاخىرى سىزنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم، — دىدى مەرەمخان يىغىسىنى توختىتىپ.

— سىلى دەرھال قايتىپ قىزلىرىغا قاراپ تۇرسىلا، مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ سايمانلارنى ئېلىپلا دەرھال يېتىپ بارىمەن، — دىدى كەۋسەر ۋە دوختۇرخانىغا چاپتى.

«يۈز ئاڭلىغان بىر كۆرگەنگە يەتمەس» — نىمە دىگەن جايىدا ئېيتىلغان سۆز - ھە! كەۋسەر بۇرۇن، باشقىلاردىن بۇ يەرنىڭ داۋالىنىش شارائىتى قالاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرغىمۇ ئانچە بەك ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، دىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئانچە ئىشەنمىگەن ئىدى، ئەمدى ئۇ كۆز ئالدىدىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. كەۋسەر كەلگەندە ئايشەم كاڭغا يېيىتىلغان قومنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى، بالا تەتۈر كەلگەچكە تەمتىرەپ كەتكەن تۇغۇت ئانا نىمە قىلىشنى بىلمەي ھەدەپ ئايشەمنىڭ پىشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتۈپ، بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ سۈپكۈشلەۋاتاتتى.

— ئايشەمنى چاپسان بۇ ياققا يۆتكەڭلار، — كەۋسەر ئۆزىنىڭ تونجى قېتىم بىر مۇشكۈل ئىشقا دۇچ كەلگىنىنى ھىس قىلدى-

دە، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ياردەملىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى، لېكىن مۇشۇ پەيتتە بىر دوختۇرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى ئۇنىڭغا كۈچ بېرەتتى. ئەگەر ئايشەم بۈگۈن ئۇنىڭ قولىدا ئوڭۇشلۇق يەڭگىيەلىسە ئۇ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر-ھە! ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئايشەمنىڭ قېشىغا كەلدى...

ۋاقىت سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ توختىماي ئۆتۈپ باراتتى.

— ئۆزىڭىزنى بەك قويۇۋەتمەڭ، بالا توغرىلاندى، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ھەركەت قىلىڭ، — دېدى كەۋسەر بىر ھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن.

— قىزىم، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلغاي، قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز! — قىزنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرگەن مەرەمخان كەۋسەرگە يالۋۇراتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا.

ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. نەچچە جۈپ كۆز ئۈمىت بىلەن كەۋسەرگە تىكىلدى.

— ئاستا، يەنە كۈچەڭ! يەنە كۈچەڭ!

كەۋسەر ئاستا ئەمما ئېنىق قىلىپ بۇيرۇق قىلاتتى. بالىنىڭ بېشى چۈشتى، كەۋسەر ئىككى قولى بىلەن ئۇنى ئاۋايلاپ تۇتتى-دە، پەم بىلەن ئاستا مىدىرلاتتى، ئۇ قارا تەرگە چۆمگەن ئىدى، ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولى نېرى-بېرى بولۇپلا كەتسە، ئەمدى دۇنياغا كېلىپ تېخى يورۇقلۇققا كۆزىنى ئاچمىغان بۇ كىچىك نارسىدىنىڭ ھاياتى...

— قۇدرەتلىك ئۇلۇغ خۇدا، مۇشكۇلچىلىكنى ئاسان قىلغايسەن! — مەرەمخاننىڭ تىنىماي ئوقۇۋاتقان دۇئالىرى كەۋسەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بالا يەرگە چۈشكەندە تاڭ يورۇغان ئىدى. لېكىن تۇغۇت ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتكەچكە بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈن-تىنىشسىز ياتاتتى.

— ئاغزىغا باش سۆيى قاپلىشىپ قاپتۇ، بالا ئۇزاق تۇنجۇقۇپ قالسا خەتەرلىك، — دېدى كەۋسەر ھولۇققان ھالدا.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى مەرەمخان.

«قانداق قىلىش كېرەك؟» كەۋسەر بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، بىرنىمىنى ئېسىگە ئالغاندەك دەرھال قولىغا دورىغا چىلانغان داكىنى ئورىدى-دە، بالىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغان باش سۆيى پەردىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىۋېتىپ ئاغزىنى بالىنىڭ ئاغزىغا ئاستا ياقتى. ئۆي ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى. بىرئازدىن كېيىن كەۋسەر بېشىنى كۆتىرىپ ئىككى قولى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى پەس قىلىپ كۆتەردى-دە، بالىنىڭ ساغرىسىغا ئاستا بىر قانچىنى ئۇردى.

«ئىڭە، ئىڭە» بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۆي ئىچىنى شاتلىققا تولدۇردى. گويا ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاش يەرگە چۈشكەندەك ھەممىسى يېنىك نەپەس ئېلىشتى، ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئۇپۇق يېرىپ كۆتىرىلىشى بىلەن بۇ يېڭى ھايات يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى.

— رەھمەت سىزگە، كەۋسەر، — دېدى قىينىلىپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئايشەم.

— قىزىم، — قىزىم، — شۇ ئەسنادا ئايشەمنىڭ چوڭ دادىسى قاسىم بوۋاي بوسۇغىدا پەيدا بولدى، ئۇ نەۋرىسىنىڭ ساق-سالامەت تۇغۇلغانلىقىدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— ھەي! ھەممە ئاۋارىچىلىق سىزگە

بولدى، مۇشۇ ياشقا كىرگىچە، تېخى سىزدەك ياتلىق بولمىغان بىر قىز بالىنىڭ تۇغۇت ئانىسى بولغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ھېلىمۇ سىز كېلىپ ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى. رەھمەت قىزىم، رەھمەت،— دىدى كەۋسەرگە قاراپ، ئاندىن سەل قورۇنغاندەك بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.— ئەسلى بىزنىڭ قائىدىمىزدە تۇغۇت ئۆيىگە ئەرلەرنىڭ كىرىشى قاتتىق پەرھىز قىلىناتتى، لېكىن مەن بۈگۈن سىزگە ئۆز ئاغزىم بىلەن رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈنلا كىرىپ سالدىم. خۇدايىم گۇنايىمنى كەچۈرەر.

كەۋسەر كۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا شاتلىق ئۇچقۇنلىرى جىلۋە قىلاتتى. كىممۇ ئۆز ئەمگىكى باشقىلار تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن چاغدا ھاياجانلانمىسۇن.

—ئايشەمنىڭ يەڭگىمەكچى بولغىنىنى مەن ئۇقماي قاپتىمەن. ئەگەر بالىدۇرراق خەۋەر تاپقان بولسام ئۇنچىۋالا جاپا تارتمىغان بولاتتى،— دىدى كەۋسەر بوۋايغا قاراپ.

— ھەي...! ئەگەر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزگە ئوخشاش بىرەر دوختۇر بولغان بولسا، بىچارە پاتەم ھەرگىزمۇ...— بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

— پاتەم دىگەنلىرى كىم؟ ئۇ نىمە بولغان؟— كەۋسەر ئالدىراپ سورىدى.

— كىم بولاتتى، قىزىم، ئايشەمنىڭ چوڭ ئاچىسى، ئۇمۇ ئايشەمگە ئوخشاش نەچچە كۈنگىچە بالا چۈشمەي تۇغۇت ئازاۋىدا قىينىلىپ... ئاخىرى بالا ئانىسىنى ئېلىپ كەتتى...— بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق تولدى.

كەۋسەر جىمجىت ھالدا بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەرھۇم پاتەمنىڭ سەكراتتىكى ھالىتى ئېنىق نامايەن بولماقتا ئىدى.

— ئاڭلىسام، سىزنى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ دەيدۇ، راستىمۇ قىزىم؟— دەپ سورىدى بوۋاي سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

— ھەئە!— كەۋسەر بوۋايغا يېنىك تەبەسسۇم بىلەن قارىدى.

— سىزگىمۇ تەس، بىزنىڭ بۇ يەر بەك چەت، قاتناش قۇلايسىز. ئۈرۈمچىدەك يەرلەردىن بۇ يەرگە كىشلەرنىڭ ئوڭايلىقچە كەلگۈسى كەلمەيدۇ، كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش يىللىرى سىزگە ئوخشاش ئاق چاپان كىيگەنلەردىن ئىككى-ئۈچى كەلگەن، لېكىن بۇ يەرگە كۆنەلمەي قايتىپ كېتىشتى، شۇندىن بۇيان تۈزۈكرەك دوختۇرمۇ يوق ئىدى. ئەمدى سىز كەپسىز،— بوۋاي مېھرىۋانلىق نەزىرىدە كەۋسەرگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.— بۇرۇن بۇ مەھەللىدە مۇختەر دەيدىغان بىر يىگىت بولىدىغان. ئۇمۇ مۇشۇنداق ئاق چاپان كىيىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى.

— مۇختەر؟— كەۋسەر چۆچۈپ سورىدى.

—ھەئە! سىز ئۇنى تونۇمسىز؟— دىدى بوۋاي كەۋسەرنىڭ چۆچىگىنىنى كۆرۈپ.

— بىز بىرگە ئوقۇغان. ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇققانلىرى بارمۇ؟— دىدى كەۋسەر ئالدىراپ.

— بۇ يەردە ئۇنىڭ تۇققانلىرى يوق. ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاچارچىلىق بولغان يىللىرى ئىدى، بىر كۈنى مەرھۇم ھەسەن ئاخۇن 3 ياش چامىسىدىكى بىر بالىنى يېتىلەپ كەپتۇ، ھەسەن ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ بالىنى گۈلباغنىڭ يېنىدىكى چىمەنلىكتىن تېپىۋاپتۇ، بۇ قازا تاپقان بىر ئايالنىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرۇپتىمىش، بەلكىم ئانىسى بولسا كېرەك، ھەي! كېيىن بىز بېرىپ ئۇ رەھمەتلىك ئايالنى مەھەللىگە ئەكىلىپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويدۇق، مۇختەر

مۇشۇ مەھەللىدە قېپ قالدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ۋاقلىغىنى ماۋۇ ئۆيدە، يەنە بىر ۋاقلىغىنى ئاۋۇ ئۆيدە يەپ يۈرۈپ خېلى ئوبدانلا چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى، — بوۋاي سۆزىنى توختاتتى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدى كەۋسەر تاقەتسىزلىنىپ.

— ئۇ خېلى ئوبدان ئادەم بولغان ئىدى، ئۇنى بۇ يۇرتتا ماختىمايدىغان كىشى يوق، ئۇ ھەممەيلەنگە ئوغۇل ئىدى. ھەي، كېيىن، مۇختەرنىڭ كاللىسىغا نىمە جىن كىردى، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ھەدىسىلا دوختۇر بولىمەن دەيدىغان بولىۋالدى، مەھەللىدىكى چوڭلار ئۇنى ئەقلى - ھۇشى جايىدا، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ قالسا، كېيىنچە قارىم، ئىمام بولۇپ قالار دەپ ئويلاشقان ئىدۇق. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ دىگىنىدە چىڭ تۇرىۋالدى، مەن ئۇنى راستىنلا ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، دەپ قالغان ئىدىم. كىم بىلسۇن، ئۇلۇغ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ ئۇرۇمچىدىكى چوڭ دوختۇرلۇق مەكتىۋىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرسىلە، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئىلاجسىز بوپتۇ دىدۇق، ھەي! — بوۋاي ھەسرەتلىك بىر تىنىدى - دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئۇ مەكتەپكە بېرىپ خېلى تۈزۈك ئوقۇپتىكەن، ئارىدا بىر يىلى تەتىلدە بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. تېخى ئاتايىتەن مېنى يوقلاپ كەپتىكەن. مەكتەپتىكى ئوقۇشنى تۈگەتكەندە چوقۇم يەنە قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدىمۇ بەرگەن ئىدى. كىممۇ ئويلاپ يەتسۇن، بىچارىنىڭ رىسقى توشۇپتىكەنمۇ دەيمەن، بۇ يىل ئەتىيازدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، دىگەن خەۋەرى كەپتۇ... — بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى، — يىغلاپ قاخشاشتۇق، بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭغا كۆز ياش قىلمىغان ئادەم قالمىدى، لېكىن نىمە ئىلاج، ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە، ياش قېرىغا باقمايدۇ، دىگەن شۇ - دە، — بوۋاي مىسكىن تەسلىكتە سۆزىنى تۈگەتتى.

كەۋسەر بوۋاينىڭ سۆزىنى يەنە داۋاملىق ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىگى ئازاپ ئىچىدە سىقىلاتتى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، بوۋايغا قاراپ كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە:

— بوۋا، مەن ئەمدى قايتاي، — دىدى - دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

كەۋسەر ئايشەمنىڭ ئۆيىدىن قانداق قايتىپ كەلگەنلىگىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئۆزىنى گويا قايغۇ - ھەسرەتنىڭ تەگسىز قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەندەك ھىس قىلدى. بوۋاينىڭ سۆزلىرى كەۋسەرنىڭ قەلبىدىكى ئەمدى قېتىشقان يارىنى يەنە سويىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىگىدىن قان ئاقتى.

... مەكتەپ ئىچىدىكى گۈللۈكتە ئۇلارنىڭ ئىزى قالغان ئىدى. ئۇ يەردە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلىشقان ئىدى. مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا، تەجرىبىخانىلىرىدا، ئۇلار بىرگە ئۆگەنگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - غايىلىرى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلاشقان، تىببى ئىلىمنىڭ پەللىسىگە بىللە يېتىشكە ۋەدىلەشكەن ئىدى. لېكىن مۇشۇنداق گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ خۇددى تۇماندەك كۆزدىن غايىپ بولىشىنى، مۇختەرنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

كەۋسەرنىڭ نەزىرىدە مۇختەر خۇددى رومانلاردىكى قەھرىمانلارغىلا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا پىششىقلىغى، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندىكى چىدامىلىقلىغى، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى، ھاياتقا بولغان چەكسىز ئىشەنچىسى كەۋسەرنى ئۆزىگە گويا ماگنىتتە-

www.uyghurkitap.com

تەك جەلپ قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىگە بىر قارىسا مەڭگۈ ئېسىدىن كەتمەيدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق ئۆتكۈر كۆزى كەۋسەرنى بەكمۇ مەپتۇن قىلاتتى. تۇرمۇش شۇ چاغلاردىلا نىمە دىگەن گۈزەل ئىدى-ھە!

«مۇھەببەت ئىنسان ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۇستازدۇر، ئۇ ئىنسانغا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۈگىتىدۇ» كەۋسەر مۇختەر بىلەن يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىدە كۆرۈنۈۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران ئىدى. ئۇ مۇختەردىن تۇرمۇشنى سۆيۈشنى ئۈگەنگەن، ئۆز تەغدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ھايات يولىنى ئۆزى تاللايدىغان، تۇرمۇشنىڭ قەيسەرلىرىدىن بولۇشنى ئۈگەنگەن ھەمدە ھاياتنىڭ ھەقىقى قىممىتىنى چۈشەنگەن ئىدى.

كەۋسەر 20 نەچچە يىللىق ئۆمرىدە پۇشايمان دىگەننىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشقا پۇشايمان قىلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى، ئەمما ئاخىرى ئۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇنداق بىر ئىشقا پۇشايمان قىلدىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيتتى.

«ئەگەر مۇختەر ھايات ۋاقتىدا مېنىڭ ئىسمىمنى كەۋسەرگە ئۆزگەرتكىنىمنى ئاڭلىغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى ھە!» ئۇ دائىم شۇنداق ئويلايتتى.

ئۇنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە، مۇختەر بۇ ئىسىمگە بۆلەكچە ئامراق ئىدى. ئۇ دائىم:

— «كەۋسەر» دىگەن سۆز سىزگە بەك باپ كېلىدۇ. مەن ئوقۇغان بىر كىتاپتا بۇ سۆزگە «كەۋسەر — جەننەتنىڭ سۈيى دىمەكتۇر، بۇ سۇنى ئىستىمال قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ ياشىرىدۇ» دەپ تەرىپ بېرىلىپتۇ. بىزنىڭ يۇرتلاردىمۇ شۇنداق شىپالىق كەۋسەر بولسا، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كېسەلنى ئاخۇنغا ئوقۇتۇپ، دانەكچى قايىنتىپ ئىچىشى ھاجەتسىز بولاتتى، دەيتتى. ئۇ چاغلاردا كەۋسەر بۇ گەپلەرنى پەقەت چاقچاقنىڭ ئورنىدىلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇ مۇختەرنىڭ ئۆزىنى ئاشۇنداق شىپالىق كەۋسەر بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن گۈلباغقا بىرىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى پەقەت مۇختەر تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسىدىن بىلگەن ئىدى...

مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە يېقىن سىرتتا پىراكتىكا قىلىۋاتقان كەۋسەر مۇختەرنىڭ تۇساتتىن كېسەل بولۇپ بالنىتسىغا ئېلىپ كېتىلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگىنىدە، مۇختەر جىددى قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇ قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋالغان ساۋاقداشلىرىنىڭ چىرايىدىكى جىددىلىكتىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىگىنى سەزدى-دە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ: «مىڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ» دىگەن گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىغىغا غۇۋا ئاڭلىناتتى.

«ئاشۇ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزنىڭ مەڭگۈلۈك يۇمۇلۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟» مۇختەر تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ: «مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىز خالىسىڭىزمۇ، خالىمىسىڭىزمۇ مەن بىلەن بىرگە گۈلباغقا بارىسىز، بويىنىڭىزغا زەنجىر سالسامۇ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن» دەپ چاقچاق قىلغان ئىدىغۇ، ئارىدا بىر سوتكا ئۆتمەيلا ئۇنى مۇنداق ئالدىراپ تاشلاپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ياق، ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بىرلىكتە گۈلباغقا بارىدۇ، ئۇ يەردىكى كېسەللەر ئۈچۈن كەۋسەر سۈيى ئېلىپ بارىدۇ... شۇ تاپتا، گويا مۇختەر ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك ھىس قىلدى-دە،

قۇتقۇزۇش ئۈيىگە ئېتىلدى.

كەۋسەر كىرگەندە مۇختەر ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مىيىغىدا كۈلۈپ، كەۋسەرنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ نىمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدىيۇ گەپ قىلالمىدى. بۇ چاغدا ئۇ تىلدىن قالغان ئىدى. ئۇ كېسەل ئازاۋىدىن نۇرى ئۆچكەن خىرە كۆزلىرى بىلەن كەۋسەرنىڭ چىرايىغا ئۇزۇنغىچە قاردى. كەۋسەرمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا كەۋسەرنىڭ قەلبى چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، مۇختەرنىڭ كۆزى يۇمۇلدى ۋە كەۋسەرنى تۇتۇپ تۇرغان قولى ئاستا سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى.

— مۇختەر!

كەۋسەر ۋاقىرىۋەتتى.

مۇختەر تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىردانە قىزىل تاشلىق خاتىرىسى بىلەن قەلىمى كەۋسەرگە خاتىرە بولۇپ قالدى. خاتىرىنى ئۇلار مەكتەپكە كەلگەن يىلى كەۋسەر مۇختەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئۇنىڭغا سوغا قىلغان ئىدى. ئۇ يەنىلا شۇ چاغدىكىدەك يىپ - يېڭى، پاكىزە ئىدى.

كەۋسەر خاتىرىنى ۋاراقلىدى. مۇختەرنىڭ تەمكىن ئاۋازى كەۋسەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاشقا باشلىدى:

«كەچۈرۈڭ، گۈلنار. سىز مېنىڭ قەلبىمدە ھىلىقى جەننەت سۈيى كەۋسەر، گەرچە سىز بۇ ئىسمىنى ئانچە ياقتۇرمىسىڭىزمۇ، مەن بۇ ئىسمنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا ئويۇپ قويىدۇم...» بۇ سۆزلەر كەۋسەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ ھاياجانغا چۆمدى.

«مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالدى. باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاش، مەنمۇ ھاياتنىڭ ئاچا يولىدا تۇرماقتىمەن. مەن يۇرتداشلارغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلماي، كەۋسەر بىلەن بىرگە شەھەردە قېلىشىم كېرەكمۇ ياكى مۇشۇ شىرىن مۇھەببەت رىشتىدىن مېھرىمنى ئۈزۈپ، يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن ئۆز بەختىمنى قۇربان قىلىشىم كېرەكمۇ؟»

«ياق، ھەر ئىككىلىسىدىن كېچىشىم مۇمكىن ئەمەس، كەۋسەردىن ئايرىلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىمەن؟ لېكىن ئۆز بەختىنى كۆزلەپ، ئارزۇ - تىلەكتىن ۋاز كېچىش يەنە نىمىدېگەن ئىرادىسىزلىق، نىمە دېگەن نومۇسسىزلىق - ھە؟ بۇنداق كىشىلەرنىڭ روھي دۇنياسى مەنىسىز بولىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىلا نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ياراتقان بايلىقلىرىدىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلالمىسا ئۇنىڭ كىشىلىك غورۇرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئىرادىسىز يىگىتنى ساپ دىللىق بىر قىزنىڭ ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۆرۈشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس؟...»

كەۋسەر يەنە ھىلىقى ئۆزىگە تونۇشلۇق مۇختەرنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

«كەچۈرۈڭ، كەۋسەر. مەن شۇنداق غەيرى خىياللارنى سۆرگەنلىگىمدىن ئالدىڭىزدا خىجىلمەن. كەۋسەر سىز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئارزۇلۇق قىزى، مەن سىزنى چوقۇم مەن بىلەن بىللە گۈلباغقا بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىزنى شۇ يەردىكى تېخىچىلا يۈگەي ئوتنىڭ يىلتىزىنى، توغراق چىچىگىنى قايىنتىپ ئىچىپ داۋالىنىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن بېغىشلاشنى خالايسىز دەپ كەسكىن ئېيتالمايمەن، لېكىن مەن سىزنىڭ بەزى شۆھرەتپەرەس، راھەت - پاراغەت قوغلىشى

دىغان غايىسىز قىزلارغا ئوخشىمايدىغانلىغى
ڭىزغا قەتئىي ئىشىنىمەن. چۈنكى سىزنىڭ قەلبىڭىز ئالتۇنغا بەرگۈسىز...»

كەۋسەرنىڭ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ، تارامىلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرى خاتىرە بەتلىرىنى بوياشقا باشلىدى، «كەۋسەر، ۋاقىت ئاز قېلىۋاتىدۇ، سىز نىمە ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆز ئاچمايسىز؟ سىز بىلەمسىز، مەن سىزگە تەشنا، گۈلباغ بىز ئىككىمىزگە تەشنا!...»

كەۋسەر خاتىرىنى يېپىپ-دە، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز-يېشى گويا تېشىپ كېتىپ بارغان بۇلاقتەك توختىماي ئاقاتتى...

## 4

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كەۋسەر دوختۇرخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يىراقتىنلا مەھەللە تەرىپىدە ئاڭلىنىۋاتقان قىيا-چىيا ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ ئۆيىدىن كۆتىرىلگەن ئوت مەھەللە ئاسمىنىنىڭ يېرىمىنى چوغدەك قىزارتىۋەتكەن ئىدى.

— ۋاي مېنىڭ بالام ئۆيدە قالدى، ۋاي بالام! — ئايىسخانىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالغان ئىدى.

كەۋسەر ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ ھېلىقى ئوت كۆيۈۋاتقان ھويلىغا كىردى. ئوت ئايىسخانىنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن داس-چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى. ئۆي ئىچىدىن چىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كەۋسەر ھېچنىمىگە قارىماي ئۆيگە ئېتىلدى.

— كەۋسەر! — دەپ ۋاقىرىدى كىشىلەر توپىدىن بىرسى.

پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالغان قىيا-چىيا بىردىنلا توختىدى. ھەممە كىشى خۇددى نەپەس ئېلىشتىن توختىغاندەك ئۆي ئىچىگە قارايتتى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتاتتى. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن كەۋسەر تۈتۈن ئارىسىدىن بالىنى ئېلىپ ئىشىككە كېلىشىگە — كۆيۈپ سۇنغان ئىشىكنىڭ يان ياغىچى خۇددى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇنى بېسىپ چۈشتى:

— ۋاي بالام، ۋاي قىزىم!

كىشىلەر ئۇلارنى ياغاچ ئاستىدىن كۆتىرىپ ئالدى، بالا قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى، ئەمما ئۇ ساق-سالامەت ئىدى. بىراق ئوت كەۋسەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى يالاپ تونۇغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان قان ئاپپاق خالىتىنى بوياۋەتكەن ئىدى.

— قىزىم، قىزىم كەۋسەر! — كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كەۋسەرنى چاقىراتتى.

كەۋسەر خۇددى يىراقتىن بىرسى ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك ھىس قىلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىشقا ئىنتىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازاۋىدا قىينىلىپ قىمىرلىيالمايتتى.

— قىزىم، قىزىم كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئاھ، خۇدايىم!

ئۇ كىملەرنىڭدۇ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلىغاندەك بولدى ۋە تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى.

«شۇنچە جىق كىشىلەر نىمىشقا ماڭا قاراپ تۇرغاندۇ؟ ئۇلار تېخى يىغلاپتۇ، نىمىشقا يىغلىغاندۇ؟ مەن نىمە بولدۇم؟» ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى.

(داۋامى 59- بەتتە)

# ئەقىدە

(ھېكايە)

غەيرەت ئابدۇللا

ئايروپىلان ھەيۋەتلىك گۈكىرىگىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلدى - دە، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى پەستە قالدۇرۇپ، تيانشان تېغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى.

مەن شاتلىق ۋە بەختىيارلىق ئىلكىدە قىن - قىنىمغا پاتماي راھەتلىنىپ ئولتۇراتتىم. ئايرىلغىنىمغا 15 يىلدىن ئاشقان ئانا يۇرتۇمنىڭ تونۇش مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

قايسى بىر شائىرنىڭ «ئانا يۇرت، مېھرى ئوت!» دېگەن بىر مىسرا شېئىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان - ھە! شۇ يىللار ئىچىدە ئۆزەم باشقا يەرلەردە يۈرگەن بىلەن كۆڭلۈم ھەمىشە يۇرتۇمدا بولدى. بالىلىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەن مەھەللىلەرنى، تال - چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ ئوينىغان قەدىمقى رەستە - كوچىلارنى، كوچا بويلاپ ئاسمانغا غولاچ يايغان قاپاق تېرەكلەرنى، بويلىرى تالى مەجنۇنلۇق، سۇلىرى چىمىلىق قىرغاقلىرىنى سۆيۈپ ئويناقشىپ ئاقىدىغان ئەگرى - بۈگرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ... زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكەن ئالتە يىللىق ھاياتىمنى ئەسلەش ماڭا ھەممىدىن بەك راھەت بىلىنەتتى. تالاي يىللاردىن بۇيان تېزرەك يۇرتۇمغا بارسام، ئەڭ ئالدى بىلەن ماڭا ئاڭ ۋە ئەقىل بەرگەن مەرىپەت ئۇۋىسى — ئانا مەكتىۋىمگە تاۋاپ قىلسام، پۈتۈن ئۆمرۈمنى ياش نوتىلارنىڭ پەرۋىشى ئۈچۈن بېغىشلاپ كېلىۋاتقان مۇئەللىمەنى بىر كۆرسەم، دېگەن ئارمان مېنى ئېيتقۇسىز ئىنتىزار قىلىپ كەلگەن ئىدى. مانا، شۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئەمدى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئايروپىلان بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتقان قاتمۇ - قات تاغ تىزمىلىرىنىڭ قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئاقباش چوققىلىرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى. مېنىڭ

خىياللىرىم 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى يىراق ئۆتمۈشكە ئايلانغان بالىلىق كۈنلىرىم ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپ قالدى...

باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يېزىمىزدىن تۆت ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندۇق. بىز ئۆزىمىزنى تىزىمغا ئالدۇرغىلى بارغان ۋاقتىمىزدا كونا ئوقۇغۇچىلار بىزنى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى — قاپىقى يامان، سۈرلۈك، ئېگىز بويلۇق، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۇ كىشى بىزنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزنى ئازادە ۋە يورۇق بىر سىنىپقا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى دەرس باشلاندى. تۇنجى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا ئىلمىي مۇدىر ياش بىر مۇئەللىمەنى ئەگەشتۈرۈپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. شۇ ھامان ھەممىمىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى. بۇ ياش مۇئەللىمەنىڭ قەددى - قامىتى سەرۋىدەك زىلۋا ھەم نازۇك ئىدى. بادام قاپىقى، چوڭ - چوڭ شەھلا كۆزلىرى، يۇمۇلاقراق كەلگەن چىھرى ۋە قان تېمىپ تۇرۇدىغان ئىككى زىناقلىق مەڭزىدىن بىر خىل يېقىملىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كالتە يەڭ كۆينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىلەكلىرى خۇددى كىچىك بالىلارنىڭكىدەك نازۇك ئىدى. ئەيتاۋۇر بىز ئۇنىڭ بالا مۇئەللىمە ئىكەنلىكىگە قىزىقىپمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ شەھرىمىز ئۈچۈن غەيرى بولغان يېڭى مودىدا كىيىنگىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا خۇددى ئويۇنچۇقلارغا تەلپۈنگەن بوۋاق بالىلاردەك مۆلدۈرلەپ قاراپ قېلىشقان ئىدۇق.

— خوش! — دېدى ئىلمىي مۇدىر سۈرلۈك قىياپەت بىلەن، — مانا ئەمدى سىلەر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىڭلار. يەنى مەسىلەن، خوش... سىلەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋات چىقاردىڭلار، ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىلىم ئالىسىلەر، يەنى ئۆگىنىسىلەر، ئۆگىنىدىغان نەرسەڭلارنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى تېرەن ...يەنى مەسىلەن، خوش ... سىلەر بۇ يەردە تەبىئىي پەندىن ئىجتىمائىي پەنگىچە، يەردىن ئاسمانغىچە، جۇڭگودىن چەتئەلگىچە، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغىچە ھەممە نەرسىدىن ئاساسى ساۋاتلارنى ئالىسىلەر. خوش ... ئاشۇ ساۋاق، ئاشۇ بىلىمنىڭ ئاچقۇچى مانا مۇشۇ مۇئەللىمە قىزنىڭ قولىدا، مانا مۇشۇ مۇشتۇمدەك قىزنىڭ قولىدا، — ئىلمىي مۇدىر ئاخىرقى سۆزلىرىنى بىگىز قولى بىلەن مۇئەللىمەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى، لېكىن ئۇنىڭ «مۇشتۇمدەك» دېگەن سۆزى ئارىمىزدا كۈچلۈك كۈلكە قوزغىدى. مۇئەللىمە بولسا بۇ كۈلكە تەسىرىدىن ئوتتاشتەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالغان ئىدى.

ئىلمىي مۇدىر يەنە بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، مۇئەللىمگە قارىدى:

— قېنى قىزىم، بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ 40 بالىنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا. يەنى مەسىلەن، خوش ... دادىل بول، قانداق باشقۇرساڭ شۇنداق باشقۇر، لېكىن بىرمۇ بالىنىڭ ئۆمرىنى زايا قىلما، ئۇنداق بولمايدىكەن سېنى مەنمۇ كەچۈرەلمەيمەن، ئەلمۇ كەچۈرمەيدۇ. ھەر ئىككىمىزلا خەلق ئالدىدا گۇناكار بولۇپ قالىمىز، قىزىم! — ئىلمىي مۇدىر شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

مۇئەللىمە بىز بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن، خىجىللىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر چىرايى ئانار-

www.uyghurkitap.com

دەك قىزىرىپ، بىر هازاغىچە ئېغىزى سۆزگە كەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا مۇنبەر ئالدىغا كېلىپ خۇددى ئانىلار ـ دەك مېهرى ـ شەپقەتكە تولغان نەزىرى بىلەن بىزگە بىرمۇ ـ بىر قاراپ چىقتى ـ دە، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەنمۇ تېخى 3 ئاي بۇرۇن ئۈرۈمچىدە — ئالىي مەكتەپتە سىلەردەك ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئەمدى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتۈمەن، ئېهتىمال، ئۆمۈر بويى مۇشۇ مەكتەپتە قالارمەن ... هېلى ئىلمىي مۇدىر ئوبدان سۆزلىدى. دېمىسىمۇ، بىز هازىر ئىلىم ـ مەرىپەتكە تولىمۇ مۇهتاجمىز، بىزگە مەرىپەت كېرەك. مەن بىلگەنلىرىمنىڭ هېچنىمىسىنى سىلەردىن ئايىمايمەن، سىلەرگە قانچىلىك كۆپ بىلىم بېرەلىسەم ئۆزەمنى شۇنچىلىك خوشال هېس قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەت چەكسەممۇ مەيلى: مېنىڭ ئىسمىم شەمشىنۇر، بۇ يىل 18 ياشقا كىردىم. سىلەردىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، مېنى خاپا قىلماڭلار، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار ... مېنى مۇئەللىمە دېمەي، هەدە دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولۇدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئۆز هەدەڭلارگە ئوخشاش ...

بۇ چاغدا يېنىمدىكى تۇرسۇن مېنى بېقىندىدى:

— بىلەمسەن، هەدە دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

هەدە، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. لېكىن پەرىزىمنى هۆكۈم قىلىپلا ئېيتتىم:

— هەدە دېگەن خانىم① دېگەن سۆز، جىم ئولتۇر!

لېكىن تۇرسۇن جاۋابىمدىن رازى بولمىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا قول كۆتىرىپ، مۇئەللىمەنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— خانىم، هەدە دېگەن سۆز خانىم دېگەن مەنىدىمۇ؟!

سىنىپ ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتىرىلدى. مۇئەللىمەنىڭ ئۆزىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— هەدە دېگەن سۆز، ئاچا دېگەن سۆز ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

شۇ هامان تۇرسۇن بىلەن ئىككىمىز هۇپپىدە قىزاردۇق. لېكىن ياخشى بولغىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ هەممىسى مۇئەللىمەنى «خانىم هەدە» دەپ ئاتايدىغان بولدۇق.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. جاهاننى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ـ چىچەكلەرگە كۆمۈپ، گۈزەل ئاپرېل ئېيى يېتىپ كەلدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىيالارنىڭ قايتىدىن بەرق ئۇرۇپ ياشنىغىنىغا ئوخشاش، ساۋاقداشلارمۇ باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.

بەزى باللار چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشاتتى، بەزىلىرى تىك ـ تاك توپ، بەزىلىرى پۇتبول، بەزىلىرى ۋاسكىتبول ... ئوينىشاتتى.

بۇ كۈنلەردە بىز تۆت ئاغىنىنىڭمۇ ئويۇنغا ئالاهىدە مەيلىمىز چۈشۈپ قالغان ئىدى. تەنەپپۇسقا داڭ ئۇرۇلغاندا ئىشكتىن چىقىشقا ئۈلگۈرمەي دەرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈدىغان هۈنەرىمىز كەشپ قىلىنغان ئىدۇق. ئۇنى ئاز دەپ يەنە بەزى كۈنلىرى مەكتەپتىن قايتىپلا شەهەر سىرتىدىكى كونا سېپىلدە قارىغۇ چۈشكىچە چالما جەڭ ئويناپتتوق. ئۆيگە كەلگەندە «مەكتەپتىكى كەچلىك مۇزاكىرىدىن ئەمدى قايتتۇق» دەپ ئانىلىرىمىزنى ئالدايتتۇق. بىر كۈنى كەچتە يازلىق

① جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوقۇغۇچىلار خانىم دېگەن سۆزنى ئايال ئوقۇتقۇچى مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ.

كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەرگە قاغىدەك قونۇپ ئولتۇرۇپ، تۈن تەڭگىچە كىنو كۆردۇق ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە چالا - بۇلا ناشتا قىلىپ، ئاران دىگەندە قوڭغۇراق بىلەن تەڭ سىنىپقا كىردۇق. شۇ كۈنى ئارقىمىزدىنلا شەمشىنۇر مۇئەللىمە سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن ئالدى بىلەن بىر - بىرلەپ ئىسمىمىزنى چاقىرىپ ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىشقا باشلىدى:

— تۇرسۇن، تۈنۈگۈن قايسى تاپشۇرۇق بېرىلگەن، ئېيتىپ باققىنا؟

تۇرسۇن جاۋاپ بېرىش ئەمەس، بەلكى سوئالنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئەخمەت! ... ئابلىز!

ھەر ئىككىسىلا خۇددى تۇرسۇنغا ئوخشاش ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ چاغدا مېنىڭمۇ يۈرىكىم دىپۇلدەپ كەتتى. كونسىپېكىمنى ئېلىپ بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتىۋالماقچى بولدۇم. ئەمما بۇ ئۇرۇنۇشۇم بىكار بولۇپ چىقتى، چۈنكى كونسىپېكنى كۆچۈرۈۋېلىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن ئىكەنمەن. دەل شۇ چاغدا مېنىڭ ئىسمىمۇ چاقىرىلىپ قالدى. مەن بايىقىلاردىنمۇ بەتتەر ھالدا نىمە قىلاردىنى بىلمەي تەمتىرەپ، دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدىم.

— ئاسىيەم! ...

ئاسىيەم سىنىپىمىزدا ھەممىدىن كىچىك، يىگىلەپ قالغاندەك ۋىجىك قىز ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى.

ئاسىيەمنىڭ جاۋاۋى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇئەللىمە بىزگە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

— مەن سىلەرنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرىم دەپ بىلەتتىم، — دىدى ئۇ جىددى تەلەپپۇزدا، — مانا، ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمىدى. دەرس ۋاقتىدا ئۆزەڭلار سىنىپتا، كۆڭلۈڭلەر سىرتتا — ئويۇندا. دەرستىن چۈشكەندە تەكرار دىگەننى بىلمەيسىلەر.

شۇنچە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا تىرناق تاتلاپ تۇرغىنىڭلارغا قاراپ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم...

شۇ كۈنى بىز مەكتەپتە قويدىنمۇ يۇۋاش بولۇپ يۈردۇق. كەچتە مەكتەپتىن يېنىپ تېخى ئەمدىلا تامىغىمنى يەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا ئۆيىمىزگە تۇساتتىن مۇئەللىمە كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا يۈرۈگۈم دۈپۈلدەپ، پۇت - قوللىرىم بوششىپ، خۇددى جانسىز ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا خۇددى ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئەيتى - بەشرەمنى ئېچىپ، مېنى شەرمەندە قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك بىلىندى. ئانام مۇئەللىمەنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تولىمۇ خۇشچىراي ھالدا قارشى ئالدى ۋە كاڭغا كۆرپە سالغاندىن كېيىن، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. لېكىن مۇئەللىمە تەكەللۇپ بىلەن كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ ئانام بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق تېنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

مەن مەكتەپتىكى قىلمىشلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كۈتۈپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتىم. ئانامنىڭ غەزەپلىك كايىشلىرى، دادامنىڭ سوئال - سوراقلىرى ئاياقتىكى ئاشتەك روشەن بولۇپ قالغان ئىدى.

مۇئەللىمە ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىلىنىڭ بۇ شاكىچىكلىرى ھەقىقەتەنمۇ زېرەك. ئۆزىمۇ تىرىشچان، ھەممە پەنلەردە ئەلا ئوقۇۋاتىدۇ، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى...

مەن قۇلىقىمغا ئىشەنەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

— ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەجرى، تەربىيىلىرىنىڭ خاسىيىتىدىن، — دېدى ئانام پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن.

ئەگەر خىجىل بولمىغىنىمدا ئەيىۋىمنى يوشۇرۇپ، مېنى شۇنچىلىك ماختاپ سۆزلەۋاتقان مۇئەللىمەنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، قوللىرىغا سۆيۈپ كەتكەن بولاتتىم.

— لېكىن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مۇئەللىمە، — چارەكلىك ئىمتىھان يېقىنلاپ قالدى. بۈگۈندىن باشلاپ ھەر ئاخشىمى 2 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، بۇرۇن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بەرمەكچىمەن. شۇڭا ئوغۇللىرىنىڭ ھازىر مەن بىلەن مەكتەپكە بېرىشىغا رۇخسەت قىلسىلا.

ئانام قاشلىرىنى ھېمىرىپ، ئالدىراپ ئېتىراز بىلدۈردى:

— ئۆزلىرىگىمۇ يول كۆرسەتكۈچىلىكىم يوق، لېكىن بۈگۈنچە قويۇپ تۇرسىلا، ئېغىزلىرىغا تېتىغۇدەك بىر غىزا قىلاي، بىر ئاخشام مۇڭدىشايلى.

مۇئەللىمە ئانامنىڭ ھەر قانچە تۇتۇۋالغىنىغا كۆنمەي، مېنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋەردى. مېنىڭ كۆزۈمگە مۇئەللىمە بارغانسېرى ئۇرۇقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن «ئۇنىڭ بىرەر كېسەللى بارمىكىن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يىقىلىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ» دېگەن ئەندىشىلەردىمۇ بولدۇم. مۇئەللىمە ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىزنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈۋالاتتى. قىش كۈنلىرى سىنىپىتىكى مەشكە ئۆزى ئوت قالايتتى. كۈندۈزلىرى دەرس ئۆتەتتى. كەچتە بىز بىلەن بىللە تازىلىق قىلاتتى. بۇ ئەھۋاللار بىزگە غەيرى تۇيۇلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەر كېچىسى تۈن يېرىملاشقىچە يەنە دەرس تەييارلاش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش بىلەن بەنت بولۇدىغانلىقىنى ئۇ چاغلاردا خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمىز.

3 - ئوقۇش يىلى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن سىنىپقا كىلىپ، قىزىق بىر ئىشقا دۇچ كەلدۇق. دوسكىنىڭ يۇقۇرى تەرىپىگە چىرايلىق خۇشخەت بىلەن: «يېلداش قاسىم بىلەن يولداش شەمشىنۇرنىڭ توي مەرىكىسى»، تۆۋەن تەرىپىگە «مەڭگۈ بەختلىك بولۇشۇڭلارغا تىلەكداشمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن.

بۇ خەتنى كۆرۈپ سىنىپ ئىچىدە بىردىن شاۋقۇن كۆتىرىلدى.

— ھوي، خانىم ھەدە توي قىپتۇ، خىجىل بولمىغانمىدۇ؟ — دېدى بىرسى.

— توي قىلسا نېمە بوپتۇ، چوڭ بولغاندا ھەممە ئادەم توي قىلىدىغۇ! مەنمۇ توي قىلىمەن، سەنمۇ توي قىلىسەن. سىنىپتىكى قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ ھەممىسى توي قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ شەھەردە توي قاينايدۇ. ھا ... ھا ... ھا!

— ھوي، ھوي، توختاڭلار، — دېدى تۇرسۇن دېگەن بالا سۆزگە ئارىلىشىپ، — تېنىگۈن خانىم ھەدىمىزنىڭ تويىدىمۇ ناغرا چالغانمىدۇ؟ ئەگەر ناغرا - سۇنەي، ئۇسۇل - مەشرەپ بىلەن توي بولغان بولسا نېمىشقىمۇ كېلىپ كۆرۈپ كەتمىدۇق - ھە! ھەي، ئىست! ھەي، ئىست!...

شۇ ئەسنادا سىنىپىمىزنىڭ رەسسامى جېلىل دوسكىدىكى ھۆسنىخەتنىڭ تېگىگە شەمشىنۇر مۇئەللىمە بىلەن قاسىم مۇئەللىمنىڭ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ تۇرغان سۈرىتىنى سىزىشقا باشلىدى. جېلىل ھەقىقەتەنمۇ كىچىكىدىن تارتىپ رەسىم سىزىشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ئادەتتە رەسىم دەرسىدىن ئەڭ ياخشى نومۇر ئالاتتى. ئۇ شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ سىزدىكى، دوسكىدىكى سۈرەت خۇددى

www.uyghurkitap.com

تېرىك كىشىلەردەك كۆرۈنەتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، جېلىلنى ئوراپ ئالدى ۋە رەسىمگە قاراپ كۈلۈشتى. تۇرسۇن يەنە ئالدىراپ سۆز ئالدى.

— سىزىقنىڭ بىر يېرى كەم بولۇپ قاپتۇ - دە.

— نېمىسى كەم بولۇپ قاپتۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى جېلىل.

— ھەر ئىككىلەننىڭ مەيدىسىگە بىردىن گۈل تاقاپ قويماپسەن.

— ماڭا قارى، سەن بىلمەيدىكەنسەن، بۇ دېگەن ئۇيغۇرچە رەسىم.

— سەن ئۆزەڭ بىلمەيدىكەنسەن، كادىرلار، مۇئەللىملەر توي قىلغاندا مەيدىسىگە گۈل تاقايدىغان ئىش بار.

دەل شۇ پەيتتە قوڭغۇراق چېلىنىپ، سىنىپقا مۇئەللىمە كىرىپ كەلدى. سىنىپ دىژۇرنىسى دوسكىنى ئۆچۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. دوسكا ئالدىدىكى بالىلار خۇددى ئۈركىگەن قۇشلاردەك پىتىراپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

مۇئەللىمە بۈگۈن تولىمۇ ئىسسىل كىيىنگەن ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇ چىرايى تۇرۇپ - تۇرۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ، ئوت بولۇپ يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھېچ مەقسەتسىزلا كونسپېكت ياكى يوقلىما دەپتىرىدىن نىمىلەرنىدۇ ئىزلىگەندەك بولاتتى ... بىر كۈلكە ماراپ تۇرغان كۆزلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇششاق ھەركەتلىرىگىچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتۇق. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دوسكا تەرەپكە ئۆرۈلدى ۋە بىردىنلا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. سىنىپ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن مۇئەللىمە ئۆچۈرگۈچنى قولىغا ئېلىپ دوسكىنى تېز - تېز ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا سىنىپنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن پىخىلداپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالدى. ئارقىدىنلا تازا كېلىشمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان زۇنۇن ئىسىملىك بىر بالىنىڭ قوينىدىن تۇيۇقسىز بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن سىنىپ ئىچىدە بىردىن قىقاس - چۇقان باشلاندى. قۇشقاچ سىرتقا چىقىپ كېتىشكە يوچۇق ئىزلەپ دەرىزە ئەينىگىگە ئۆزىنى ئۇراتتى. بالىلار قۇشقاچقا دوپپا ياكى شەپكىلىرىنى ئېتىشاتتى. بەزىلەر قولىنى چوكا، پارتىنى ناغرا قىلىپ تاراڭشىتاتتى. سىنىپ ئىچى بەئەينى بىر قىيامەتكە ئايلانغان ئىدى.

مۇئەللىمە دەسلەپتە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇققان پېتى تۇرۇپ قالغان ئىدى، بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سەل ئۆزىنى تۇتۇۋالدى بولغاي:



— ھەي، تۇرسۇن جىم بول! ھەي، ئەخمەت ... ھەي توختى، توختا! — دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. لېكىن بالىلارنىڭ قىيا-چىياسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بارا-بارا مۇئەللىمەنىڭمۇ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدە چوڭ-چوڭ تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئاندىن ئۇشتۇمتۇت كۆزلىرىگە لىقمۇ ياش ئالدى-دە، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئاجايىپ ئىش: مۇئەللىمە باياتىن شۇنچە ۋاقىراپمۇ بالىلارنى تەرتىپكە كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. لېكىن ئەمدى سىنىپ ئىچى بىردىنلا تىمتاس بولۇپ كەتتى. قۇشقاچمۇ ئاخىرى يىرچۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بالىلار خۇددى گۇناكاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى.

ھايال ئۆتمەي سىنىپقا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى كىرىپ كەلدى.ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. دىممىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى. ئىلمىي مۇدىر قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى سىنىپنى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، كېيىن دوسكا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ھەر بىرىمىزگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى-دە، كىكىرتىكىنى بىر قىرىۋېلىپ، زەردە ۋە كىنايىلىك ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

— يەنى مەسىلەن، خوش، ئەيىپ سادىر قىلىشتىن، ئەيىپنى ئېتىراپ قىلماسلىق يامان. قۇشقاچ بىلەن سۈرەت!... ئىككىلا مەسىلە. قېنى، ئېيتىش، قايسىڭ قىلىشتىڭ؟!

سىنىپنى خۇددى گۆرۇستان جىمجىتلىقى باسقان ئىدى. ئىلمىي مۇدىر يەنىمۇ قاتتىقراق ئاۋازدا ۋاقىرىدى:

— ئىش تېرىغان قايسىڭ؟ سۆزلە دەۋاتىمەن! ياكى ئېغىزلىرىڭنى ئاچماسلىققا قەسەم ئىچىشكەنمىدىڭ؟

شۇ ئەسنادا ئاسيەم قورقۇپراق ئېيتتى:

— مۇدىر، قۇشقاچ... قۇشقاچ زۇنۇننىڭ يانچۇقىدىن ئۇچۇپ چىقتى.

ئىلمىي مۇدىر يەنە ۋاقىرىدى:

— زۇنۇن دېگەن قايسىڭ؟

ھەممە بالىلارنىڭ كۆزى زۇنۇنغا چۈشتى. ئىلمىي مۇدىرمۇ زۇنۇننى تونۇۋالدى ۋە قاتتىق ئاۋازدا بۇيرۇدى:

— تۇر، ئورنىڭدىن!

زۇنۇن تىترەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئىلمىي مۇدىر يەنە ئارقا-ئارقىدىن يەتتىمىزنى ئورنىمىزدىن تۇرغۇزۇپ، ئىلمىي بۆلۈمگە باشلاپ كەلدى. ئۇ يەردە مۇئەللىمە قانداقتۇر بىر گېزىتنى كۆرۈۋاتقان ئىكەن، بىزگە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە كۆزىنى گېزىتكە تىكتى. شۇ پەيتتە مەكتەپنىڭ كاتىۋى كىرىپ، ئىلمىي مۇدىرنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ جىددى ئىش بىلەن چاقىرتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— سىز سۆزلىشىپ تۇرۇڭ سىڭلىم، مەنمۇ ھازىر كىرىمەن، — دېدى ئىلمىي مۇدىر مۇئەللىمەگە قاراپ ۋە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

بىز بۆلۈمدە يەنە مۇئەللىمە بىلەن قالدۇق. مۇئەللىمە ھازىر بۇرۇنقىدەك خاپاچىراي ئەمەس ئىدى. ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىلمىي مۇدىر ئاچچىقى يامان كۆرۈنىسىمۇ، كۆڭلى تۈز ئادەم. سىلەرگە بەك قاتتىق ۋاقىراپ كەتتىمۇ؟! قىزلار قورقۇپ كەتمىگەنسىدۇ؟! خاپا بولماڭلار، مەنمۇ ئۆزەمنى باشقۇرالماي قالدىم...

بىر نىمە دېيىشنى بىلمەي خىجىللىق ئىچىدە كۆزىمىزنى يەردىن ئالالماي تۇرۇ-

شاتتۇق. مۇئەللىمەنىڭ بۇنداق خۇش مۇئامىلىسى بىزنى تېخىمۇ ئۇيالدۇرماقتا ئىدى. كېيىن مۇئەللىمە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمىزغا كەلدى - دە، زۇنۇنىنىڭ مەيدىسىدىكى ئېچىلىپ قالغان ئىككى تۆگمىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ قويدى. جىلىلىنىڭ قىڭغىر كېيىۋالغان شەپكىسىنىڭ چېكىلىگىنى توغرىلىدى... بىردىنلا زۇنۇن ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى. مۇئەللىمە يېنىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، زۇنۇنغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدىكەن؟...

شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىمە بايا سىنىپتا بولغان ئىشنى قىلچە يۈزىمىزگە سالماستىن سىنىپقا قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى.

بىز شۇنچىلىك خۇشال بولدۇق، مۇئەللىمە بىزگە تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ كۆرۈندى. شۇ تاپتا بايا قىلغان بەڭۋاشلىقلىرىمىز ئۈچۈن ئۆز گۆشىمىزنى ئۆزىمىز يېگۈدەك بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. لېكىن پۇشايمىنىمىزنى، هاياجىنىمىزنى، مۇئەللىمە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆچەيگەن هۆرمەت - ئەقىدىمىزنى قايسى يول بىلەن بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يەتتىمىز مەكتەپ بېغىدىكى چىرايلىق گۈللەردىن بىر گۈلدەستە راسلىدۇق ۋە پەيتىنى تېپىپ مۇئەللىمە يوق چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ قويدۇق. لېكىن مۇئەللىمە شۇ گۈلدەستىنى كىمنىڭ ۋە نىمە ئۈچۈن ئەكىرىپ قويغىنىنى تا هازىرغىچە بىلمىسە كېرەك.

ئايروپىلاننىڭ قاتتىق گۈكىرىشى ۋە سىلكىنىشى بىلەن خىياللىرىم بۆلۈندى. ئايروپىلان يەرگە قوندى. بىز يەنە ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرۇپ شەهەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئاپتوۋۇز بىر كۆجۈم مەهەللىگە يېقىنلاشقاندا يول بويىدىكى غايەت زور 3 تۈپ قاپاق تېرەكنى كۆرۈپ، ئەينى يىللاردا مۇشۇ مەهەللىدە ئۆتكۈزگەن بىر هەپتىلىك هاياتىم ئېسىمگە چۈشتى.

بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدىغان يىلى مەكتىۋىمىز مۇشۇ يېزىنىڭ يازلىق يىغىمىغا ياردەملەشكەندە، بىزنىڭ سىنىپ دەل مۇشۇ چوڭ تېرەك مەهەللىسىگە ئورۇنلاشقان ئىدى، چۈشلۈك ۋە كەچلىك دەم ئېلىش مەزگىللىرىدە ساۋاقداشلار قىن - قىنىغا پاتمايتتى. بەزىلىرى، قېرى سۆگەتلەرگە گۈلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچۇپ، قىقاس - چۇقان كۆتىرىشەتتى؛ يەنە بەزىلەر، سۆگەت تاللىرىدىن سەللە ياساپ بېشىغا كىيىپ، دوست - دۈشمەنگە ئايرىلىپ «جەڭ» قىلىشاتتى؛ بەزىلەر، سۇغا چۆمۈلىشەتتى...

بەزىدە شۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلەر ئىچىگىمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر يوشۇرۇنغان بولىدىكەن. ئىش تەقسىماتى بويىچە سىنىپتىكى باللارنىڭ چوڭلىرى ئوما ئورۇپ، كىچىكلىرىمىز ئۈنچە باغلايتتۇق. قىزلار بولسا باش تېرەتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كېرىم دېگەن بالا نۇردۇن دېگەن بالىنىڭ ئەمدىلا بىلەپ قويغان ئوغىقىنى ئېلىپ ئۆزىچە ئوما ئورۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئەسلىدە ئۈنچە باغلاشقا ئايرىلغان ئىدى. بىر كەمدە باشقىلارنىڭ ئوغىقىنى بىلەپ، بېرىۋاتقان نۇردۇن ئىشنى تۆگىتىپ قايتىپ كەلدى - دە، كېرىمدىن ئۆز ئوغىقىنى تەلەپ قىلدى، لېكىن كېرىم كۆنمىدى. بىر كاج بىلەن بىر جاهىلنىڭ بۇ ماجىراسىغا ئاخىرى سىنىپ باشلىقى ئارىلىشىپ، ئوغاقنى نۇردۇنغا قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئومىچى بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان كېرىم سىنىپ باشلىقىغا قېيدىغان هالدا باش ئېگىپ، ئوغاقنى نۇردۇننىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئەمما كۆتۈلمىگەندە ئوغاق

قاڭقىپ چىقىپ، نۇردۇننىڭ پاچىقىغا تەگدى. شۇ ھامان نۇردۇن خۇددى ئىلان چاققاندەك چىقىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پاچىقىدىن شۇقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. بىردىن قىيا-چىيا كۆتىرىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇئەللىمە ئابلىز بىلەن ئىككىمىزنى مەكتەپنىڭ ھەمشىرىسىگە يۈگۈرتتى. بىز، ھەمشىرە خانىمنى باشلاپ يېتىپ كەلگەندە، چىرايى گەجدەك ئاقىرىپ كەتكەن نۇردۇن مۇئەللىمەنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ ئىڭراپ ياتاتتى.

ھەمشىرە خانىم نۇردۇننىڭ پۇتىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، لېۋىنى چىشلەپ قالدى:

— شەمشىنۇر، بۇ بالاڭنى تېز يۆتكە، گۆڭشى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بار، بىچارىنىڭ پېيى كېسىلىپتۇ، — دېدى ئۇ.

مۇئەللىمە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئالدى. كۆز يېشى!... مۇئەللىمەنىڭ كۆز يېشى ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ئىدى. يارىلانغان ساۋاقدىشىمىز ئۈچۈن نىمىلىكى لازىم بولسا، شۇ زامان تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدۇق.

ھەمشىرە خانىم نۇردۇننىڭ پۇتىنى ئاق داكا بىلەن باغلاپ، قان توختىتىشقا ياردەم بېرىدىغان دورىلارنى چېپىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىمە نۇردۇننى ھاپاش قىلدى-دە، مېنى ۋە تۇرسۇننى ئەگەشتۈرۈپ، گۆڭشى دوختۇرخانىسىغا ماڭدى. ئارىلىق ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلەتتى. مۇئەللىمە يول تاللاپ تۇرمىدى. ئۇ گاھى ئېتىزلارنى ئارىلاپ، گاھى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ياقىلاپ كېتىپ باراتتى.

گۆڭشى دوختۇرخانىسىدىكى دوختۇرلارمۇ نۇردۇننى تەكشۈرۈپ كۆرۈپلا بىزگە ئۆزرە ئېيتتى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، پەي ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى خېلىلا نازۇك بىر ئىش ئىكەن. بۇنداق ئوپېراتسىيىگە بۇ دوختۇرخانىنىڭ چامى يەتمەيدىكەن. شۇڭا بىزگە شەھەرلىك دوختۇرخانىدىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىپ بېرىپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تامام قىلىدىكەن...

ئىش شۇلارنىڭ دېگىنىچە بولدى.

شەھەرلىك دوختۇرخانىدا پەي ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مۇئەللىمەنىڭ چىرايىغا ئاز-تولا خاتىرجەملىك يۈگۈردى. چۈنكى دوختۇرلارنىڭ: «ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بالىنىڭ پۇتى بۇرۇنقىدەكلا بىجىرىم ساقىيىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بولغان ئىدى.

مۇئەللىمە تۇرسۇننى نۇردۇننىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن بىر پارچە خەت يېزىپ، 5 موچەن پۇل بىلەن ماڭا تۇتقازدى ۋە دەرھال گۆڭشىغا قاتنايدىغان ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرۇپ چوڭ تىرەك مەھەللىسىگە بېرىشىمنى، بۇ خەتنى مەكتەپ مۇدىرىغا تاپشۇرۇشىمنى تاپىلىدى.

مەن ئاپتوۋۇزدا كېتىپ بېرىپ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇئەللىمەنىڭ خېتىنى ئاچتىم. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

«يولداش مۇدىر!

سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ قالدىم. بولغان ۋەقەنى بەلكىم ھەمشىرە خانىمدىن ئاڭلىغانسىز. بولمىسا بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان بالا تەپسىلى سۆزلەپ بېرەر. ھازىر نۇردۇننىڭ ئەھۋالى ياخشى. لېكىن يېنىلا دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ. مېنىڭچە، نۇردۇننىڭ پۇتى تەلتۆكۈس ياخشى بولماي تۇرۇپ، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمىغۇدەك

www.uyghurkitap.com

مەن. شۇڭا ئۇما ئاخىرلاشقىچە سىنىپتىكى 39 نەپەر ئوقۇغۇچۇم سىزگە ئامانەت قالدى.

ئېھتىرام بىلەن: شەمشىنۇر»

خەتنى ئوقۇپ بولۇشۇمغا كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى. مۇئەللىمەگە بولغان چىن دىلىمدىكى ئامراقلىقىمنى قانداق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ ئىپادە قىلىشنى بىلمەي بېشىم قاتقان ئىدى...

*

مەن شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم ۋە ئەتە ئەڭ ئاۋال ئاتا مەكتىۋىمگە بېرىپ، قەدىردان مۇئەللىمەگە سالام بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم.

مەكتەپنىڭ ياغاچ رىشاتكىلىرى ۋە دەرۋازىسى يېڭىدىن ياسىلىپ سىرلىنىپتۇ. سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدى - كەينىگە قويۇلغان ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ياڭاق... دەرەخلىرى بىر - بىرىگە گىرە سېلىپ ئۆسۈپ، مەكتەپنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. مەن ئۇدۇلدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوقۇتۇش بىناسىغا قاراپ خېلى بىر هازاغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. قەلبىم جۇشقۇنلاپ، يۈرەكلىرىم ئويناپ، تومۇر - تومۇرلىرىمدا هاياجانلىق بىر تۇيغۇ ئاقماقتا ئىدى. تەڭداشسىز ئالى ئېھتىرام تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى... مانا بۇ بىزنىڭ زېھنىمىزنى ئاچقان، بىزگە ئەقىل ۋە پاراسەت بەرگەن، ئىلىم - پەن بۆشۈكى ئىدى. مەكتەپ ئىچى تىمتاس ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن چۈشۈشىنى كۈتكەچ، ئاستا - ئاستا بىنانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەينى يىللاردىكى بىز ئوقۇغان سىنىپنىڭ دەرىزىسىگە يېقىنلاشتىم. كۆزۈم سىنىپ ئىچىگە — دوسكا ئالدىغا چۈشۈشى بىلەن يۈرىكىم بىردىن جىغغىدە قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترىدى... چۈنكى قەدىردان ئۇستازىم — شەمشىنۇر مۇئەللىمە دوسكا ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، بادام قاپىقى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى ئەتراپىغا قورۇقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. يومىلاق كەلگەن چېھرىدىن ياشلىق لاتاپىتى ئۆچەكەن بولۇپ، خېلىلا جۈدەڭگۈ كۆرۈنەتتى.

مۇئەللىمەگە قاراۋەرگەنسېرى قەلبىمدىكى هۆرمەت تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى. خىيالىم دېڭىزدەك تەگسىز ئوي - پىكىرلەر بىلەن تولدى. ۋۇجۇدۇم هاياجان ئىلكىدە تىترىدى...

دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىندى. ئەمدى قەدىردان مۇئەللىمە بىلەن دىدار كۆرۈشىدىغان، ئۇنىڭ مېھرىۋان چېرايىغا ئېھتىرام بىلەن تىكىلىدىغان قىممەتلىك مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. مەن چەكسىز ئىپتىخار ۋە چوڭقۇر هاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۇرپان تەسىراتلىرى

مەھەممەتجان سادىق

## مەي ۋە تەبەسسۇم ١

مەي تۇتتۇق،
ياقۇت مەي تۇتتۇق
يۈزۈڭدە
مۇھەببەتتىن ئىللىق تەبەسسۇم.
ئاھ، ئالاي قايىسىنى:
ئۈزۈم سۈيى ـ شاراپىنىمۇ،
كۆڭۈل كۈيى ـ تەبەسسۇمىنىمۇ؟...
قەلبىمدە
گۈل ـ چېچەكلىك مەۋسۇم...
تالدىمۇ مەي تۇتقان قولۇڭ؟
تالدىمۇ تىكىلگەن كۆزۈڭ؟
كەچۈر!
تورۇپ قالدىم
گاھ ئۇنىڭغا،
گاھ بۇنىڭغا تىكىپ كۆز.
بىلمىدىم، مەي مۇھەببەت ئوتىمۇ،
تەبەسسۇم ـ يالقۇنىمۇ؟
قەلبىم ھاياجاندا،
قىلالماي ھېچ سۆز...
ئاھ، بىردىنلا كەتتى قىزىپ
قالغاندەك پېژغىرىم تومۇز ئىچىدە
دىلدىكى ساراي...
شۇندىن بېرى
ئوڭۇمدىمۇ،
چۈشۈمدىمۇ
مەي ئاققان ئۈزۈمزارلىق،
تېگىدە تەبەسسۇملۇك ئاي...

## ئاسقىن تىل تۇمار

ۋاھ، شۇ دەم ھاياجان
ھەمدەم شۇنچىلىك،
قورلارغا مۇھەببەت تىزىۋاتقان
ئالتۇن قەلەمگە!
ئىشىك ۋە دەرىزىسى ـــ
قەدىمي تۇرپانىنىڭ،
يەنە بىر ئېچىلدى، قارىغىنە،
جىمى ئالەمگە! ...
ھەي تارىخ، يادىڭدىمۇ:
بۇ قۇتلۇق دىيار
بىر زامان مۇشۇنداق تەنتەنە بىلەن
جاھانغا ئاچقان باغرىنى!؟ ...
ئاڭلىغان سېلەتلىك گۈزەل ياۋروپا،
نەقىشلىك پەشتاقلىرىدىن
ياڭرىغان سېنەي ـ ناغرىنى! ...
پارىژدا ـــ
يۇلتۇزلۇق ساراي ئىچىدە
بەزمە ۋازىسى

تولدى كىشىمشكە،
پاختا ۋە مەشۇت
تولدى رىم، لوندۇننىڭ سارايلىرىغا.
ھۇمېرنىڭ ناخشىسىدەك رەڭدار قەدەھتە
چاقنايدۇ ياقۇت مۇسەللەس،
ئۆرلىدى شەپەق
سۆيگۈ پەرىسى ماڭلايلىرىغا ...
تۇمانلىق شەھەرنىڭ شاھانە مۇزېيلىرىدا
ئىددىقۇت تەۋەررۇكى
بۈيۈك كىتاپلار
تۇرۇدۇ قىممەتلىك بايلىقتەك، قارا.
قالدى ھەي، يېشىلمەي
زەر يىپ تۈگۈنى،
كەزسىمۇ لىكۇكتەك ئالى سەيياھلار،
گۈل - سۇرەت غەزنىسى —
بىزەكلىك ئارا ...
نىمشقا گۈللىگەن شۇ ئالتۇن دىيار
بولدى ئاھ، ھۇقۇش ماكانى؟
بىلمىدىم، تەككەنمىكىن كۆز
بوينىغا ئاسماستىن تىل تۇمارى؟!
كۆز ئۈزمەي قارايمەن خارابىلىققا،
كۆز ئۈزمەي قارايمەن گۈل - نەقىشلەرگە
بېسىلماس يەنىلا
يۈرىگىمنىڭ پىنھان - خۇمارى ...
شۇ قەدىم،
شۇ قۇتلۇق،
شۇ ئېزگۈ جايغا،
كەلمەكتە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن
دوستلار، مېھمانلار،
مىسالى مەككىگە كەلگەندەك،
يەنە ...
قۇم - توپا ئاستىدىن چىقىپ، باھاردەك —
گۈللەۋاتقان مۇقەددەس تۇرپان،
قىلماقتا يەر شارى كوچىلىرىدا
يېڭى تەنتەنە! ...
مەرھابا، باشلانغان ئالتۇن دەۋرىڭگە!
بۇ قېتىم، ھەي، گۈزەل يالقۇنتاغ گۈلى
«تىل تەگمىسۇن باھارىڭغا
ئاسقىن تىل تۇمار!»...①
ھاياجان ئىچىدە تۇرغان بايرۇننىڭ
بالزاك ۋە گابائىنلارنىڭ
كۆزىدە تۇرپان ئوبرازى:
ئەرشكە ئۆرلەۋاتقان نەقىشلىك مۇنار!

## ئەرك جىلغىسى

(تۇرپان پارتىزانلىرىنى ئەسلەپ)

يۈرىگىم!
ۋاھ، يۈرىگىم!
ۋۇجۇدۇم چىمەنلىگىدىن
ئەڭ گۈزەل گۈللەرنى تىزىپ،
مەيلى چاچ ھۆرمەتتە
سىڭگىم ئىچىگە!
بىلەمسەن، گۈل بولار ھەي، دائىم
يۇلتۇزلار،
يورۇق يۇلتۇزلار
تاڭ ھارپىسى —
زۇلمەت كېچىگە! ...
كۆرۈمەن ئوت گۈلى
يورۇقلۇق گۈلى
ياندۇ شۇ قەدىم جىلغىنىڭ —
ھەر تېشى،
ھەر قۇمى،
تۇپرىقىدا ھەم.
ساي ئىچى گوياكى جىمىرلاپ تۇرغان —
يۇلتۇزلار گۈلشەنى،
ئاقماقتا كۆزۈمدىن
تاراملاپ شەبنەم ...
ئاھ، ئۇچۇرۇپ كېتەرمۇ
تۆكۈلگەن يامغۇر،

① بۇ ئىككى مىسرا ئابدۇكېرىم خوجايېۋنىڭ.

جىلغىسىدا يالقۇنلىغان —
ئالتۇن ئۇچقۇنلارنى؟!
ئاھ، سۇلارمۇ قايغۇنىڭ قارا گۆرىگە
ساي - سالادا كىرىپ يۇرگەن
ئەرۋاھلارنى —
جۇشقۇنلارنى؟!
ياق!
يۇلتۇز دىگەن كۆرەمدىكەن گۆر
ئۇ، ھەممىشەم چاقنايدۇ، قارىغىنا،
قەۋرە تېشىدا!
ئۇ، ھەممىشەم بۇيۇكلۇكتە:
چاقنايدۇ ۋىجدانلىق يارۇ - دوست،
ۋاپادار ئەۋلاتلىرى
ئۇستىدە - بېشىدا ...
تۈككۇلگەن شەبنەم
تۈككۇلگەن يامغۇر
ئەمەسمۇ
يۇرگىمنىڭ مۇقەددەس جىلغىغا
چاچقان گۇللىرى؟!
توختا! ...
ئاڭلاۋاتامسەن؟
ياڭرىماقتا تۇلپار كىشنىشى،
جاراڭلىق ئەرك كۇيلىرى ...
ئەنە! يەر سۆيۇپ،
تاغ سۆيۇپ تۇردى نەۋقىران
ئازاتلىق ئىزدىگەن مىلتىغىدىن
زۇلمەتكە ئەجەل چىچىپ.
ھۇررا!
گۇلدۇرلەيدۇ يالقۇنتاغ
ئوق تەككەن كۆكسىدىن
قىزىلگۇل ئېچىپ ...
ياق! بىر ئەزەلدىن يىقىلغان ئەمەس—
دۇم!
قېنىدىن قىزارغان قەيسەر كۆزىدە
قىزارغان شەپەق،
قىزارغان تاڭ - سەھەر!

ياق! بىر ئۆلۈشكە رازىمىزكى،
پۈكمەيمىز تىزىمىزنى.
ئاھ، خەير - خوش مۇقەددەس ئارمان،
كۆزىمىز قارىسىدەك —
ئەزىز ئانا يەرا! ...
ئەنە ئۇ، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ،
ئەنە ئۇ، ئاخىرقى ئۆچىنى يىغىپ،
ئالدى بۇركۇتتەك قىسىپ
زۇلمەت چېرىگىنىڭ گېلىنى! ...
قويۇۋەتمەي بىللە ئۇچتى قىيادىن،
ھا! ... ھا! ... ھا! ...
ۋاي! ... ۋايجان! ...
ياڭراتتى كۇلكە ۋە نالە
ساي ۋە جىلغىنى ...
كېلىمەن شۇ كۇلكە،
شۇ يىغا ياڭرىغان ساي - سالادا،
پەخىرلىنىپ،
يۇرگىمدە ھاياجان!
بىلەمسەن، شۇ قاھ - قاھ ... تىن تۆ -
رەلگەنمەن،
ئىشەنمىسەڭ
كۆزلىرىمگە قاراپ باق،
ئانام سۇتىدەك ئاق،
ۋىجدانىدەك تازا
تەبەسسۇم نامايەن! ...
ھەي، جەڭ جىلغىسى!
ھەي، ئەرك جىلغىسى!
ھەي، شان - شەرەپ جىلغىسى!
چاچىسەن كۆزۈمدىن
يۇرگىم گۇللىرىنى
ساڭا —
سىڭگىم ئىچىگە!
بىلەمسەن، گۇل بولار ھەي، دائىم
يۇلتۇزلار —
يورۇقلۇق گۇللىرى،
تاڭ ھارپىسى —
زۇلمەت كېچىگە ...

www.uygurkitap.com

# شېئىرىيەت باھارى

بۇيىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇرپاندا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى
مۇھاكىمە يىغىنى بولدى بۇ شېئىر — مۇشۇ يىغىنىنىڭ تەسىراتىدىن ئېچىلغان بىر گۈل.

كىم دەيدۇ
يالقۇنتاغنى ئۆچتى، دەپ؟
ئەنە ئۇ، قارىغىنا،
يالقۇن چاچماقتا!
يەلپۈگۈچلۈك جىن - پەرىلەر،
قىش - زىمىستان ئەرۋاھلىرى
كۆيمەقاپتا
بەدەر قاچماقتا ...
بىلەمسەن، باشلىنار ھەممىدىن ئاۋال
تۇرپاندا باھار،
ناخشا چېچىپ داللارغا
ئۇچماقتا خۇشپۇراق شامال
غۇلاپ تاغ ئۈستىدىن
چۈشتى ھەسەن - ھۈسەن،
مەجنۇن تال تېگىدە،
ئۆستەڭ لېۋىدە
چاچ تارايدۇ مەلىكە —
ئاھ، ساھىبجامال ...
تىڭشىغىنا، ئامانىسا ناخشىسى
نەقەدەر جۇشقۇن،
نەقەدەر يېقىملىق! ...
بوينىغا ئاسقان ئايىنى
بوغماق① قىلىپ.
مارجىنى يۇلتۇزلارمىكىن؟
ھالقىسى چولپانمىكىنە؟
كەلدىمۇ يېڭى بىر «ئىشرەت ئەنگىز» —
ئىلھامى،
ماڭدى ئۇ، بېشىغا
شەپەق سېلىپ ...
داللاردا جاراڭلايدۇ ناغرا - سۇنەي،
چوقىلاردا ئاپتاپنىڭ ناز - تەبەسسۇمى ...
كىملەر ئۇ، كېلىۋاتقان
ساماغا يول ئېلىپ؟!
كەلمەكتە ئاپىرىنچۇر تېكىن،
كەلمەكتە بادام دوپپىلىق ئۇيغۇر،
«قاينام ئۆركىشى»،
ھاياجان ئىچىدە ئەنە، قول سېلىپ! ...
مەرھابا!
شېئىرىيەتنىڭ قەدىمى تيانشانىدا
يېڭى بىر ناخشا،
يېڭى بىر سەپەر
باشلاندى يولەن بىلەن ھاي - ھاي! ...
قىزىيدۇ ئەتىگە
(كۆرۈۋاتامسەن؟)
بۇ كۆكۈللۈك بەزمىدىن
ئايدىكى يۇلتۇزلۇق ساراي! ...
ئۇ يەردە يەنە بىر
بوۋىمىز مەھمۇتتەك
سالىمىز جاھاننىڭ بەيگىسىگە
ئۇيغۇر تىلىنى،
سۆزلىمەكتە تەرپىلەپ ئەنە، سورۇندا
مارس رادلىۋفى
يېڭى بىر شەۋكەتلىك «بەخت ئىلمى»②نى!
ئەھ، ئايدىكى بەزمە،
شادىيانە توي

① بوغماق — «تۈركى تىللار دىۋانى» دا مىدالىئون دەپ ئىزاھلانغان.

② «قۇتادغۇ بىلىك» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تەنتەنىسى ئالتۇن دەۋرىگە
نەسرى، نەزمىنىڭ!
پەرزەنتىمىز دىمەڭلار،
ھەي، مىڭ ئۆيىنى نەقىشلىگەن پەرھات،
جاھاننى «خەمسە» دە كۆلدۈرگەن ئۇستاز
بولمىساق ساھىپخانى
يۇلتۇزلۇق سارايدىكى بەزمىنىڭ!
مەرھابا!
شېئىرىيەتنىڭ بۇ قەدىمىي دەرگاھىدا
باشلاندى يېڭى بىر ناخشا،
يېڭى بىر سەپەر!
كىملەر ئۇ، كېلىۋاتقان
گۈل - چېچەك ئارا.
ئايغا يول ئېلىپ!؟
كەلمەكتە خىرقىتى
قولىدا چوغدەك قىزىلگۈل
ئۈستىدە پەرۋانە خۇشئاۋاز بۇلبۇل...
كەلمەكتە بىر ئالتۇن دەۋر،
قارىغىنا،
مەغرۇر قول سېلىپ!

1985 - يىل، فېۋرال، تۇرپان — ئۈرۈمچى.

# ئەسسالام، تەبىئەت

(سىكىل)

**مامۇت زايىت**

## مۇقەددىمە

تەبىئەت، قايتتىم قېشىڭغا، ئەسسالام، ,
قۇچىغىڭغا ئېلىشىڭغا، ئەسسالام.
تۆھپىكارسەن، بەك ئۇلۇغ، بەك كەمتەرسەن،
سۇكۇنات ھەمرا ئىشىڭغا، ئەسسالام.
بىر مەھەل، كۆيلەش سېنى بولدى گۇنا،
يادىدى جۇت، تۆھمەت بېشىڭغا، ئەسسالام.
ئەمدى سەن گۈللەش، ۋىسالىنىڭ ئىلكىدە،
قوندى نۇر يازۇ - قىشىڭغا، ئەسسالام.
پاك، تەبىئى ئۇزلىغىڭ، ئادىللىغىڭ،
ياقىدۇ مەن سىردىشىڭغا، ئەسسالام.
ساقتىلىقتىن ئەل بىزار، مەنمۇ بىزار،
كۆيىچىدىن خاكۇ - تېشىڭغا، ئەسسالام! ...

## گۈل

تاڭ سەھەر، مەشرىق ئاقارغان چاغ ئارا،
سەيلە قىلدىم چەت ۋە خىلۋەت تاغ ئارا.
بۇ — تەبىئى ھەم گۈزەل گۈلشەن ئىكەن،
بىر ئۇماق ئاق گۈلنى كۆردۈم باغ ئارا.
دىدى: «خالىسەن ئايازنىڭ جۇتىدىن،
تاغ قويالماس مېنى ھەسرەت - داغ ئارا.»
تاڭغى شەبنەم لېۋىدىن سۆيگەن ئۇنىڭ،
جىلۋە ھەم ناز قىلدۇ ياپراق ئارا.
رازى ئۇ، ئۆز تەقدىرىدىن، پۇشتىدىن،
بولمىغاي دەپسەندە يات ئاياغ ئارا.
يېنىدا سۆيگەن نىگارى — بۇلبۇلى،
بەختىنى كۆيلەيدۇ خەندان شاخ ئارا ...

## ئۈرۈك

سەن يېتىلدىڭ بەك مۇشەققەتتە، ئۈرۈك،
نوتا ۋاقتىڭ ئۆتتى كۆلپەتتە، ئۈرۈك.
چاتىدىم، قويماي شېخىڭنى ئۆسكىلى،
قارىدىڭ پالتامغا ھەسرەتتە، ئۈرۈك.
پەرۋىرىش قىلماق ئىدى بۇرچۇم، بىراق،
ئاچ، سۇسىز قالدىڭغۇ غۇربەتتە، ئۈرۈك.

بولدى سايەك، پۈتىغىك ...ەك گونا،
زەربە بەردىم ساغا ھەر پەيتتە، ئۈرۈك.
ئەمدىلا تاپتىم ئەقىل، كەچۈر مېنى،
ئەركىن ئۆسكىن مېنىڭ ـ شەپقەتتە، ئۈرۈك.
پور تېرەكلەر قالدى پەگادا بۈگۈن،
مىۋە، سايەك شانۇ ـ ھۆرمەتتە، ئۈرۈك.

## تالنىڭ شاتلىغى

مەن ئىدىم ئۆز، ئەۋرىشىم، نازۇك چىراي،
مارىلايتتى شاخلىرىمدىن تۈندە ئاي.
ياپ ـ يېشىل بەخت كۆكلىمى ھەمرا ئىدى،
تەن ـ غولۇم ياپراق بىلەن شەرۋەتكە باي.
سىدە، ئارچا قىلسا ھۆسنۈمگە ھەسەت،
تالسۆگەت دەيتتى «بويۇڭدىن ئايلىناي!»
رەڭمۇ ـ رەڭ شىرىن ئىدى بەرگەن مىۋەم،
ھەممە ئۆتمەيتتى يېنىمدىن ماختىماي.
ۋاقت مېنى دوڭغاق ۋە قاقشال ئەيلىدى،
سوقتى يىللار بورىنى ھېچ توختىماي.
ئالدى ئورنۇم، ياشلىغىمنى نوتا تال،
رازى ـــ مەمنۇنمەن، نىچۈن شات ياير ىماي!؟

## لازا بىلەن شېكەر قومۇشى

دەپتۇ بىر كۈن لازىغا شىكەر قومۇش:
«مەن تۇرۇغلۇق، ياشىماق ساغا نومۇس.
بېرىمەن شىرىن ھوزۇر ئەل ئاغزىغا،
ساغا ئارتۇقچە يانا لەيلەپ يۈرۈش.
داستىخاندىن نېرى تۇرغىن، بەغەرەز،
ئاچچىغىڭغا بولمىغاي چىداپ تۇرۇش.
باشلىنار، يىسە سېنى قايسى كىشى،
كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ، قاپاق تۈرۈش ...»
لازا دەپتۇ: «ھەي قومۇش، بولما نادان،
ئىككىمىز سىز، بولمىغاي بەزمە قۇرۇش.
بىرلا تەملىك ئاش ـ غىزادىن ئەل بىزار،
بىللەمىز، خاھ بول ئاداش، خاھى ئۇرۇش!...

## تۈرنىلار

كايىما، كەتسە جەنۇپقا تۈرنىلار،
قايتىدۇ كۆكلەمدە يۇرتقا، تۈرنىلار.
بار ئۇنىڭدا ئۆزگىچە خىسلەت، غۇرۇر،
شۇنچىلىك ئۈچ قىش ۋە جۇتقا، تۈرنىلار.
ئەيىپلىسەڭمۇ، دەپ «تۇراقسىز قۇش» بىراق،
بارمىدى دەۋاغا، سوتقا، تۈرنىلار.
چۈشتى تېخى بىر مەھەل تۆھمەت بىلەن
باغلىنىپ، قەپەزگە، ئوتقا، تۈرنىلار.
شۇندىمۇ ئۆزمەي ئۈمىتنى ئەتىدىن،
قىلمىدى ھېچ سەجدە بۇتقا، تۈرنىلار.
ئۇ سۆيەر ھۆرلۈك، قۇياش، كۆكلەمنى ھەم
ئۇچۇدۇ ئۆرلەپ بۇلۇتقا، تۈرنىلار ...

## پاختەك

ماغا ياتتۇر گەپنى يۈزدە سۆزلىمەك،
پايدىسىز، لاچىن بولۇشنى كۆزلىمەك.
مەنكى پاختەك كەم زۇۋان، كامىل ئەقىل،
«يۈك ئېشەككە تولا ـ ئارتۇق سۆز» دىمەك.
دەيدۇ «قورقۇنچاق» مېنى، كارىم نىمە،
باشقا چىققاي يېگىنچە يول ئىزدىمەك.
ئېھتىيات، تەشۋىشتىمەن ... ئادەت ماغا:
«بىر بالاسى تەگمىسۇن» دەپ، غەم يىمەك.
بولمىسامىمۇ تۆھپىكار، تېنچ ياشىدىم،
بەك قاراملىق تاقچا، كۆككە ئۆرلىمەك.
قارغۇ چاشقانغا كېلەر زوق ـ ھەۋىسىم،
جان بېقىش ئەۋزەلغۇ، يۈزدە ـ يۈز دىمەك ...

## پوجاڭزا

مېنى پوجاڭزا ئاتايدۇ ھەممىسى،
كىرگۈزەر بايرامغا تۈس دەپ غەلۋىسى.
ئەسلىدە ئورنۇم ئەمەستى ئانچە چوڭ،

قىلدى چوڭ، يالغانچىلىقنىڭ غەلىبىسى.
مېنى ئاتقانلار ئۆزىنى ئالدىدى،
ئاچ قوساق، كۆزدە شاتلىق جىلۋىسى.
قىلدى ھەيۋەم بارچىنى بىخوت ـ گاراڭ،
تېخى كېرىلدى نادانلار گەۋدىسى.
ئاخىرى پاش بولدى سىرىم ئەل ئارا،
يوقىلىپ ئالدامچىلىقنىڭ دەللىسى.
ھەممىنىڭ ئۆز ئورنى بار، داۋراڭ بىلەن
قىسقىرىپ قالماس يۈرۈشنىڭ پەللىسى ...

### ئەينەك

بىر پاقا تۇرار قىياغا يامىشىپ،
مەقسىدى: چىقسا ئېگىز بەلدىن ئېشىپ.
قىلسا بىر ھەركەت، تۆۋەنگە سىيرىلار،
يامىشار ئۇ، يەنىلا تەرلەپ ـ پىشىپ.
كۆڭلىدە ھەسەت ئوتى تاقتا قاراپ،
چوققىدا بۈركۈت تۇرار بەك يارىشىپ.
يامىشىش ھەم سىيرىلىش قىلدى داۋام،
ئۆرگىدى ئىلھاملىرىم قايناپ ـ تېشىپ.
تەبىئەت ـــ گويا كى تۇرمۇش ئەينىكى،
بىر ھەقىقەتنى ماڭا بەردى يېشىپ.
ئويلىدىم: بۈركۈتكە چوققا يارىشار،
پاقىغا ئۇ، بولمىغاي ئاخىر نىسىپ ...

### يەر بىلەن سۆھبەت

مەن دېدىم: «يەر، سەندە نەدۇر ئېھتىياج؟»
يەر دېدى: «قالدىم مانا تەشنا ۋە ئاچ».
مەن دېدىم: «ئاچلىق ساڭا يات ئانىسەن،»
يەر دېدى: «ئاچقا يارىشماس ساختا تاج.»
مەن دېدىم: «قانداقچە قالدىڭ ئاچ ـ يېلىڭ؟»
يەر دېدى: «ئېگەم نادان، ھورۇن ۋە كاج.
ئەتمىدى پەرۋىش مېنى، لەيلەپ يۈرۈپ،
قىلمىدى باي بولغىلى ھەركەت ـ ئىلاج.
ئەسلىدە مۇنبەت ئىدىم، بولدۇم قاقاس،
تاپمىدى كۆپ لاپ ئۇرۇپ، ئۇمۇ راۋاج.
بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەنسەن يىگىت:
مېنى ئاچ قويغان ئۆزى ئاچ ـ يالىڭاچ ...»

### تاغ

تۇرۇۋسەن كۆككە تىرەپ باش، گىدىيىپ،
جىلغىنى ئىلماي كۆزۈڭگە، گۆلىيىپ.
ياكى سەندە يوق ھاياتلىقتىن ئەسەر،
كۆرمىدىم تۇرغان گىيانى كۆكىرىپ.
يوق ئىكەن ئاستىڭدا بايلىق كانلىرى،
كەتتى بىر ـ بىر گېئولوگلار قىدىرىپ.
جىلغىدا ياشنار ھايات، ياۋلايدۇ مال،
چاقنىتار كۆز گۈل ـ چىچەكلەر قىزىرىپ.
ئەجىبا، دەيسەن: «ئۆزۈم گىگانت، بۈيۈك،»
ئەلگە نەپ بەرمەي تۇرۇپلا، بېزىرىپ.
ئويلىدىم: ماسمۇ بۈيۈكلۈك تاغ ئۈچۈن،
ياتسا نەپسىز كاتتا نامنى كۆتىرىپ؟! ...

## ئۆمرۈم ئوخشار ئاقار يۇلتۇزغا

ئابلىز ھوشۇر

ياق، خىجىللىق ھىس قىلدى بەلكى،
كۆكتە بىر ـ بىر ئۆچتى يۇلتۇزلار.

### قەلبىم يۇلتۇزى

جىلۋىسىدىن سۇبھى قىزىنىڭ
تەئەججۈپكە چۈشتى يۇلتۇزلار.

كۆكتە يۇلتۇز ئۆچتى ۋە لېكىن
ياندى چاقناپ قەلبىم يۇلتۇزى.
ئۇ قاقدۇ ئالتۇن كىرپىكىن،
قۇياش قانچە پارلىغانسېرى.

## ئاقار يۇلتۇز

تەبىئەت گۈل چەكتى زەڭگەر ساماغا،
هەر گۈلنىڭ هۆسندە ئۆزگىچە ئۇزلۇق.
ئىشقىمنى ئىلكىگە بېرىپ شۇ ئەسنا،
تىكلىدىم كۆز ئۇزمەي كۆككە يۇلتۇزلۇق.

بىر يۇلتۇز ...
ئاھ، شۇدەم ئاقتى ـ دە، ئۇچتى،
(سەندەلدىن چاچرىغان ئۇچقۇندەك گويا.)
ھىسسىياتىم تەپەككۇر ئىلكىگە كۆچتى،
ئۆمۈرنى ئوخشاتتىم ئاقار يۇلتۇزغا.

1984 ـ يىل، دېكابىر.



# يېشىل مەرۋايىت

(پوۋېست)①

قەييۇم تۇردى

## 8. «ساندۇقتىن چىققان هاكىم»

شۇنداق قىلىپ، ئۈمىت نۇرىغا تولغان كۆڭلىمىز يەنە خىرەلەشتى. قولىمىز ئىشقا بارمايلا قالدى. بۇ كۈنلەردە مەتنۇر شۇجى نىمىشقىدۇر هېچ ئىش بولمىغاندەك، پۈتۈنلەي خاتىرجەم ئىدى. ئادەتتىكىدەك، كەتمىنىنى مۈرىسىگە سالغىنىچە ئېتىزغا چىقىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئىشلەيتتى، يېزا-كەنتلەرنى ئارىلاپ، مەهسۇلاتنى هۆددە ئالغانلارنى ئىلهاملاندۇراتتى، ئەمما مەن مەتنۇر شۇجىنى كۆرسەملا، قىممەتلىك بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك، تىت-تىت بولۇپ كېتەتتىم. بىر كۈنى ئۇ، مېنىڭ بۇ هالىتىمنى سېزىپ:

— روزىمەت ئاغا، بەل قويۇۋەتمەڭلار، مەركەزنىڭ دېگىنى هىساپ، — دېدى.

«مەركەزنىڭ دېگىنى هىساپ!» — بۇ گەپ شۇ كۈنلا ئۆيدىن-ئۆيگە، قۇلاقتىن-قۇلاققا تارىلىپ كەتتى. هەممىمىز گۇۋەر تېپىۋالغاندەك مۇشۇ گەپنىلا غۇلغۇلا قىلىش-

① بېشى ئۆتكەنساندا.

تۇق: دۇرۇست، مەركەزنىڭ دېگىنى ھېساپ، مەتنۇر شۇجىنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشىنىپ، مەركەزنىڭ پەرمانىنى بىجا كەلتۈرگىنىدىن باشقا نىمە ئەيىۋى باركەن؟ مەركەز دېخانلار بېيىسۇن، روناق تاپسۇن، بۇنىڭ چارىسىنى ئۆزلىرى كېڭەشسۇن دېگەن تۇرسا! يېگىرمە يىلدىن بۇيان ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ بىر ئىزدا چۆگىلەپ بىر نېنىمىزنى ئىككى قىلالمىدۇققۇ! كىم بىزنى نان تېپىدىغان يولغا باشلىسا، بىز شۇنىڭ پېشىنى تۇتۇمىز. مەتنۇر شۇجىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن! بىز ھېچ ئىشنى باشقا ئېپچىقالمايدىغان شۇجىدىن جاق تويغان! ...

بىز بۇ ھەقتە ناھىيە بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئارىمىزدىن بەش كىشىنى ۋەكىل قىلىپ سايلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسىنى ئىزلەپ يۈرۈپ، بىزگە ئۇزاقتىن بۇيان تونۇش بولغان يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ بوجاڭى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى، دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر. يولداش مەتنۇرنىڭ مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى كۆرگەندىن كېيىن بىردىنلا قاناتلانغىنى راست. داشۆسىلىك ئەمەسمۇ، بىر قاراپلا مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ يېتەلىدى، ئۇزاق يىل داۋام قىلغان قاتماللىقنىڭ يىمىرىلىشىنى كۆرەلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق سەۋىيە، جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ. يولداش مەتنۇر يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بەل باغلاپ، كونا رامكىلارنى بۇزۇپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق پۈتۈن ناھىيىدە چوڭقۇر زىلزىلە پەيدا قىلدى، دېخانلارنىڭ كۆڭلىگە تازىمۇ ياقتى، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى سىلەردە بولۇپ قالدى. ئەمما، بەزى كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى يولداش مەتنۇردەك چۈشىنەلىگىنى يوق، ئەكسىچە، غەلىتىلىك ھېس قىلىۋاتىدۇ، مەن سىلەرنى بىرىنچى شۇجىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرەي، ئۆز تەلىۋىڭلارنى ئارتىنماي دەڭلار. بۇ، ھۆججەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا جەزمەن تۈرتكە بولۇدۇ...

ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى بىزنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈشكە بىر سائەت قالغاندا قوبۇل قىلدى. بۇ ئادەم ماڭا تونۇش. ئۇ يەر ئىسلاھاتىدا پومىششىك - زومىگەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتكەن يولۋاس ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ھاردىم - تالدىم دېمەي يېزا - كەنتلەردە چېپىپ يۈرۈپ، كۆپچىلىكنى تىرىشىپ ئىشلەپ، باي - پاراۋان بولۇشقا قوزغاپ، بىزنىڭ قالتىس ھۆرمىتىمىزگە ئىگە بولغان. كېيىن ناھىيىمىزنى ۋىلايەت بويىچە ھەممىدىن ئاۋال تولۇق كوپېراتسىيىلەشكەن ناھىيىگە ئايلاندۇرۇپ داڭ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىگەن ئىدىم. قارىغاندا، ئۇ ھازىر خېلىلا قېرىپ قاپتۇ، ئەسلىدىكى غەيرىتىدىن ھېچنېمە قالمىغاندەك ئىدى.

— مەتنۇر مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويدى، پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىمىدى، — دېدى ئۇ بىزنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسىمىزنى چالا - بۇلا ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىلەر ئۇنى ئاقلاپ ئاۋارە بولماڭلار، بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، شۇنداق ئاسانمىكەن! مەتنۇر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدىن يوليورۇق سورىماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خەقنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. يېگىرمە نەچچە يىل كۈرەش قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە يۆلەپ تۇرغۇزغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى بىرلا قويۇن چىقىرىپ ۋەيران قىلدى. ئېسىڭ-

لاردا بولسۇنكى، بۇزماق ئاسان، قۇرماق تەس. مەتنۇر تېخى بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ! ...

— مەتنۇر شۇجى بىزگە مەركەزنىڭ هۆججىتىنى يەتكۈزگەن، — دېدىم مەن ئەلەم بىلەن خورسىنىپ، — مەركەزنىڭ هۆججىتىدە ...

— هۆججەت!— شۇجى ئاچچىقى كەلگەندەك بوزۇرۇپ كەتتى،— بىلىمەن، بىلىمەن، مەن ئۇنى كۆرمەپتىمەنمۇ، ئوقۇماپتىمەنمۇ؟ كۆرگەن، تازا كۆرگەن! ئەلۋەتتە، مەركەزنىڭ يوليورۇغى قانۇن. لېكىن هەر ئىشنىڭ ئۆز قەدەم - باسقۇچى، هەر جاينىڭ ئۆز شەرت - شارائىتى بولىدۇ. مەن تېخى هايات. بۇ هۆججەت توغرىسىدا دېۋىدىنىڭ بىرەر نەرسە دەپ ئېغىز ئاچقىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئاۋال باشقىلار قىلىپ كۆرسۇن، دېۋېيىمۇ ئاق قەغەزگە قارا سىيادا بىر نېمە يېزىپ، قىزىل تامغا بېسىپ، ئىجرا قىلىڭلار، دەپ يوليورۇق چۈشۈرسۇن. ئاشۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن مىدىرلايمىز ...

شۇجى شۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى، بۇ گەپلەرنى باشلانغۇچ كوپېراتىپ مەزگىلىدىن تارتىپ تولا ئاڭلاپ قۇلىقىمىز پىشىپ كەتكەچكە، ئازراقمۇ يېڭىلىق هېس قىلمىدۇق. ئەمما، تاقىتىمىز - تاق بولۇپ تۇرغان سوئاللىرىمىزغا بولسا، يېقىن يولاشنى خالىمىدى، ئەكسىچە، «مەتنۇرنى يەنە ئاقلايدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىسىلەر»، دەپ پوپوزا قىلدى ...

كۈنلەر، ئايلار ئۆتسىۋەردى، بىز «مەركەزنىڭ دېگىنى هساپ» دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، هۆددە ئالغان يېرىمىز بىلەن هەپىلىشىۋەردۇق. گۈڭشېمىزغا ناهىيىنىڭمۇ، دېۋېيىنىڭمۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى كۆپ قېتىم كېلىپ كېتىشتى. ئەمما يا «ياخشى»، يا «يامان» دېگەن گەپنىمۇ قىلىشمايتتى. هە دېسىلا مەتنۇر شۇجىنىڭ ماڭغان - تۇرغان قەدەملىرىدىن بىر نىمە ئىزلەيتتى. بىزدە بولسا ئۇنى «يامان» دەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. تەلپۈنىمىز مەتنۇر شۇجىنى قايتۇرۇۋېلىش!

كۈزلۈك يىغىم - تېرىم راسا قىزىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە هەممىنى سۆيۈندۈرگەن بىر خەۋەر گۈڭشېنى قاپلاپ كەتتى:

— مەتنۇر شۇجى قايتىپ كەلدى! ...

— مەتنۇر شۇجىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەپتۇ!

— مەتنۇر شۇجى تامغىسىنى قولىغا ئاپتۇ! ...

بىز ئارا - گۇرجەكلىرىمىزنى تاشلاپ گۈڭشې ئىدارىسىغا يۈگۈردۇق، مەتنۇر شۇجىنى كۆتىرىۋېلىپ ئاسمانغا ئاتتۇق. ناهىيە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى يا «توغرا»، يا «خاتا» دەپ ئېنىق بىرنىمە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز كۆڭلىمىزدە بىلىملىك، جۈرئەتلىك شۇجىيىمىزنىڭ مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى توغرا چۈشىنەلىگەنلىكىنى، سىناقتىن ئۆتەلىگەنلىكىنى دەررۇ پەملىۋالدۇق! ...

شۇ يىلى گۈڭشېمىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم يۈرەك چىلاشقىدەك هوسۇل ئالدى. ناهىيە بويىچە 1 - بولۇپ غەللە - پاراقلىرىمىزنى تاپشۇرۇۋېتىپ، ئارتۇق ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانلىرىمىزنى دۆلەتكە سېتىپ بەردۇق. ئاشلىق سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ تەييارلىغى بولمىغاچقا، سېتىۋالغان ئاشلىقنى سىغدۇرىدىغان ئىسكىلات تاپالماي، ساقلاپ بېرىشنى ئۆزىمىزگە هاۋالە قىلغان ئىشمۇ بولدى تېخى! ...

12 - ئايدا ناهىيە 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. بىز بىر ئېغىزدىن مەتنۇر شۇجىنى بۇ قۇرۇلتايغا ۋەكىل قىلىپ

سايلىدۇق. گەپنىڭ لاۋلاسىنى ئېيتسام، يەر
ئىسلاھاتىدىن كېيىن مەن كۆپ قېتىم خەلق
قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئۇ
چاغلاردا بىز رەھبەرلىرىمىز ھەممىنى تەل
قىلىپ بېرىدۇ، دەپ ساددىلا ئويلايتتۇق.
قۇرۇلتاي جەريانىدىكى مېنىڭ ۋەزىپەم ئۈچ ۋاقلىق
ئىسىل، پۇلسىز غىزانى تۈزۈت قىلماي يېيىش،
ئىلگىرىكىسىدىن پەرقى بولمىغان بىر خىل
مۇقامدىكى ھېساۋات دوكلادىنى مۈگدەپ
ئولتۇرۇپ ئاڭلاش، ھاكىملار نامزاتىغا نېرى-
بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قول كۆتىرىش
بولغان دېسەم، قىلچە يالغان ئېيتقان بول-
مايمەن.

لېكىن - زە، بۇ قېتىم ئىش ئۇنداق
بولمىدى. 467 ۋەكىل يىغىندا بېرىلگەن
دوكلاتلارغا ئەمەس، ئەكسىچە، پۈتۈن دىق-
قىتى بىلەن بىزنىڭ گۇڭشېدىكى ئىسلاھاتنىڭ
ھاسىلاتىغا ھەۋەس قىلىشتى. ھېساۋات دوكلا-
تىدا بىزنىڭ گۇڭشېدىكى ئىسلاھات تىلغا
ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەكىللەر ھەددىسىلا
بىزنى ئىزلەپ، ھەممىنى سۈرۈشتۈردى، ۋە-
كىللەر ئۆمەكلىرى گۇڭشېمىزدىن كەلگەن
ۋەكىللەرنى ئۆزلىرى چۈشكەن ياتاق - مېھمان-
خانىلارغا تەكلىپ قىلىپ، ئىسلاھاتنى سۆز-
لەتكۈزدى، مەتنۇر شۇجىنى دەڭسەپ
باھالاشتى.

خۇلاسە كالام، ھاكىم سايلاشنى
باشلىۋەتتۇق. ئەلۋەتتە، بىز تەجرىبە - ساۋاق-
لىرىمىزدىن ياش، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بىر
باشلامچىنىڭ، ئارزۇيىمىزغا، ئىستىقبالىمىزغا
بېۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى، ئۇمىت —
ئىسلاھاتقا باشلامچىلىق قىلغۇچىدا ئىكەنلىكىنى
تونۇپ يەتكەن ئىدۇق. شۇڭا، قايتا - قايتا
كېڭىشىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ھەممىمىز
بىردەك مەتنۇر شۇجىنى ھاكىم نامزاتى قىلىپ
كۆرسەتتۇق. كىم بىلسۇن، بۇنىڭدىن بەزى
ناھىيە رەھبەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى،
بولۇپمۇ قېرى شۇجى ئۆزىنى باسالماي قال-
دى. تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، مەتنۇر شۇ-
جىنى ھەدەپ ئەيىپلىگىلى تۇردى. تالاش -
تارتىش، تىركىشىش بىر كېچە، ئىككى كۈن-
دۈزگە سوزۇلدى ...

ئۇلار: «مەتنۇر مەدەنىيەت ئىنقىلا-
ۋىدا ئىسيان كۆتەرگەن، بۇنى ئېنىقلاش
زۆرۈر» دېۋىدى، بىز: «ئىسيان كۆتەرگىنى
راست. كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن نەپ-
رەتلەندى، ئۆزىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى»
دەپ پاكىت سانىدۇق. ئۇلار «مەتنۇر سو-
لاقتا چۈشكەن» دېۋىدى، بىز زەردىمىز قاي-
نىغان ھالدا: «بۇ، ئۇنىڭ شەرىپى!» دەپ
كۆرسەتتۇق، تېخى «مەتنۇر رەھبەرلىك بىلەن
قارشىلاشتى، باشباشتاق» دېگەنلەرمۇ بولدى.
بىز بۇ گەپكە: «كونا قېلىپ ۋە ئۆلچەملەپ
مېڭىشقا قارشى چىقتى، تۈزۈكرەك كۈن كۆ-
رىشىمىز ئۈچۈن، يېڭى يول ئاچتى ... » دېدۇق.
«مەتنۇر بىر زىيالى، زىيالىنىڭ قىزغىنلىقى
ئۇزاققا بارمايدۇ» دېگەننى قارىمامدىغان!
بىز ئۇلارغا: «بۇ ئەبجەق چىققان كونا
سەپسەتە. بۈگۈنكى كۈندە زىيالىي بىزنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىمىز، ئارزۇيىمىزنىڭ ۋەكىلى»
دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلىدۇق. يەنە: «مەتنۇر
تېخى ياش، بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئۆت-
مىگەن» دېگەنلەرمۇ بولدى. كۆپچىلىك بۇ-
نىڭغا: «ياش بولسا نېمە بوپتۇ، ياشلارنىڭ
جۈرئىتى تولۇپ - تاشقان بولىدۇ، ئىسسىق -
سوغاقنى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئادەم باشتىن
كەچۈرىدۇ» دەپ رەددىيە بەردۇق ...

قىسقىسى، ئىككى كۈن تىركىشىپمۇ ھەر
ئىككى تەرەپ قايىل بولمىدى، ئاخىرى
ۋەكىللەر ئىچىدىكى زىيالىلار، ئوقۇتقۇچىلار
«ئاساسىي قانۇن» نى ھەمدە «سايلام قانۇ-
نى» غا پۈتۈلگەن ھېكمەتلەرنى كۆتىرىپ

چىقىپ، يوشۇرۇن ئاۋازغا قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ شۇ زامان ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ماقۇللىشىغا ئېرىشتى. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى بىر ھازا باش قاتۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا مەتنۇر شۇجىنى ناھراتلىقتىن چىقىرىۋېتىپ، سايلىنىدىغان بەش ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ نامزات ئىسىملىكى كۆرسىتىلگەن سايلام قەغىزىنى قولىمىزغا تارقىتىپ بەردى.

ياپىردىم! ... بۇنىڭغىمۇ شۈكرى دېدۇق. چۈنكى بىر بىرىمىز بىلەن قۇلاق قېقىشىپ بىر نېمە دېيىشمىسەكمۇ، قولىمىزدىكى قەغەزنىڭ ئۆز ئىرادىمىزنى باسىدىغان تامغا ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزى ھوقۇق، بۇرچىمىزنى ئادا قىلىدىغان، ھېچكىم ھۆررۇ - پۆررۇ قىلالمايدىغان گۈھەردەك پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدۇق. شۇڭا سايلام بېلىتىگە ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى يازدۇق-تە. «سايلام ساندۇقى» غا تاشلىدۇق.

ئەسلىدە، ۋاقىت چۈشكە تاقاپ قالغاچقا ئاۋاز بېرىش بولغاندىن كېيىن، چۈشلۈك غىزاغا چىقىساقمۇ بولاتتى، لېكىن بۇ قېتىم ھېچكىم غىزانى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. خۇددى ساندۇقتىن كارامەت چىقىدىغاندەك، ھەممەيلەن «سايلام ساندۇقى» دىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قەغەز تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، زالنىڭ ئىچى بىر خىل سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالدى.

ئاۋاز بېرىش ئاياقلاشتى، — دەپ ئېلان قىلدى باش بېلەت نازارەتچىسى، — ۋەكىللەرنىڭ تاماقتا چىقىشنى تەكلىپ قىلىمىز، سايلام نەتىجىسى چۈشتىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ تەكلىپكە ھېچكىم مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويمىدى. ۋەكىللەر «سايلام ساندۇقى» غا مىقتەك قادىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇ ھال باش بېلەت نازارەتچىسىنى تەمتىرىتىپ قويىدى بولغاي، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ، سەھنىدە ئولتۇرغان شۇجىغا قاراپ قويدى. شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نېمە دېمەكچى بولىۋىدى، دەل شۇ پەيتتە، تۆۋەندە ئولتۇرغان ۋەكىللەردىن بىرەيلەن:

— غىزا ھېچنەگە قاچمايدۇ، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بەرسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى.

پۈتۈن زالنى گۈلدۈرلىگەن چاۋاك، قىقاس - سۈرەن قاپلاپ كەتتى. باش بېلەت نازارەتچىسى بىلەن شۇجى كۆتۈلمىگەن بۇ ماللماندىن ھودۇقۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. شۇجى بىر نەچچە قېتىم مىكروفون ئالدىغا كېلىپ نېمىندۇر دەپ توۋلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى «ئېلان قىلىپ بەرسۇن!» دېگەن سادا ئىچىدە كۆمۈلۈپ كەتتى...

خۇلاسە كالام، سايلام قەغىزىنى ئاشكارا ساناشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ھەممىمىزنىڭ كۆزى سەھنىدە، كۆڭلىمىزدە بۇ قەغەزلەرنى ھەممىمىز تەك سانايتتۇق، تەقەززالىق بىلەن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، باش بېلەت نازارەتچىسى ۋە باش بېلەت سانىغۇچى ئاۋازلار جەملەنگەن بىر ۋاراق قەغەزنى شۇجىغا ئەكىلىپ كۆرسەتتى، ئاندىن بۇ قەغەز يەنە بىر نەچچە كىشىنىڭ قولىدىن ئۆتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدۇق، ئۇشتۇمتۇت بىر نەچچە باش بىر يەرگە كېلىپ قالدى، سەھنىدە ئۇزاق گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ھۆكۈم سۈردى، شۇجى ھېلىقى قەغەزنى مىجىقلاپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، سەھنىدە نېمىشقىدۇر پەرىشانلىق بىلەن ئۇياقتىن - بۇ-

www.uyghurkitap.com

ياققا ماڭاتتى.

بىز تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئىختىيارسىز يەنە چاۋاك سوقتۇق. شۇجى بىر ئاز تەمتىرىگەندەك، كۆزلىرىنى پال - پۇل قىلىپ مىكروفون ئالدىغا كەلدى - دە:

— ياخشى، ۋەكىللەرنىڭ سايلامغا مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنلىگى كاتتا ئىش. بۇنى قارشى ئالىمىز، قالتىس گەپ. لېكىن، سايلام نەتىجىسىنى يۇقۇرىنىڭ پىكرىنى ئالغان، زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى ئۆتكەندىن كېيىن ئېلان قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى.

بۇ گەپلەر بىلەن تەڭ، پۈتۈن زال ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار زالنى كۆتىرىۋەتتى:

— سايلام قانۇنى قېنى؟! ...

— بۇ قۇرۇلتاي نېمگە ھېساپ؟! ...

— سايلام نەتىجىسىنى دەرھال ئېلان قىلىپ بەرسۇن! ...

— بولمىسا، كۇدە - كۆرپىمىزنى كۆتىرىپ كەتتۇق! ...

— قەتئى نارازىلىق بىلدۈرىمىز! ...

— ......

شۇ ئەسنادا مېنىڭ كۆزۈم سەھنىدە ئولتۇرغان بىزگە تونۇش بۇجاڭ بىلەن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىر فۇ شۇجىسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار باش بېلەت نازارەتچىسى بىلەن باش بېلەت سانىغۇچىغا جىددى تۈردە نېمىنىدۇر دېگەندەك قىلدى. باش بېلەت سانىغۇچى قەتئى نىيەتكە كەلگەندەك، ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي گۈس - گۈس دەسسەپ مىكروفون ئالدىغا كەلدى - دە، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىۋەتتى:

— يولداش مەتنۇر 431 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بويىچە بىرىنچى.

— يولداش ... 391 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بويىچە ئىككىنچى.

— يولداش ... 387 ئاۋاز، ئاۋاز سانى بويىچە ئۈچىنچى.

— يولداش ...

باشقا گەپلەر قۇلىقىمىزغا كىرگىنى يوق. كۆڭلىمىز شاتلىق بىلەن دولقۇنلاندى. دوپپا - تۇماقلىرىمىزنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئالقانلىرىمىز قىزىپ كەتكىچە چاۋاك چالدۇق. قول سىقىشىپ، بىر - بىرىمىزنى مۇبارەكلىدۇق، راسا پۇخادىن چىقتۇق. خوشاللىقىمىزنى باسالماي، بۇ خەۋەرنى شۇ زامان ناھىيە ئىچىگە يېيىۋەتتۇق. بىزنىڭ ھاكىم ساندۇقتىن ئەنە شۇنداق چىققان! ...

## ٩. جاراھەت

روزىمەت تاغا سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىن توختىۋېلىپ بىزنى ئالدىمىزدىكى قوغۇنغا تەكلىپ قىلدى. پىشقەدەم پروفېسسور رازىمەنلىك بىلەن روزىمەت تاغىغا قارىدى:

— رەھمەت، كۆپ رەھمەت. بۇ قوغۇنغۇ بەك شىرىن ئىكەن، «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» نىڭ ھېكايىسى تېخىمۇ شىرىن بولدى - دە، دېدى ھەمدە تاقەتسىزلەنگەندەك، روزىمەت تاغىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — قېنى ئاڭلايلى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرى نېمە بولدى، مەتنۇر ھاكىم مۇنداق ئادەم ئىكەن - دە! — دەپ ھېكايىسنىڭ ئاخىرىغا تەلپۈندى.

روزىمەت تاغا تىزىنىڭ ئۈستىگە

ئىككى قولىنى ئۈزىتىپ قويغىنىچە بىر پەس تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئاخىرى يەنە بار. مەن بۇنى ئاڭلايدىغانلا كىشى بولسا دەپ كېلىۋاتىمەن، ئازراق سەۋرى قىلىڭلار. مۇنداق بولسۇن، بۇ يەر مېنىڭ چۈۋۈق كەپەم ئەمەس، قوغۇنلۇق. قوغۇنلۇقتا ئاياق بېسىپ كەلگەن مېھمان ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېمىسە ھساپ بولمايدۇ. بايىقىسى مېنىڭ مېھماندارچىلىقىم. ئەمدى ئۆزەڭلار چۈنەك ئارىلاپ خالىغانچە تېتىپ بېقىڭلار، قېنى، مەرھەمەت قىلىڭلار...

بىز قوغۇنغا تويغان ئىدۇق، رەھمەت ئېيتتۇق، لېكىن روزىمەت تاغا:

— ئۇنداق دېمەڭلار، مېھمان پىلەكتىن ئۆز قولى بىلەن بىر قوغۇن ئۈزۈپ يېسە، ئۈزگەن يەردە سويىمىسى ئۈن بولۇپ ئاۋۇيدۇ، دېگەن گەپ بار، مېھمانىنىڭ رىسقى ئۆزى بىلەن ئەمەسمۇ، قېنى، بەھۇزۇر ئىلتىپات قىلىڭلار... — دېگىنىچە چەلە قاشانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

پىشقەدەم پروفېسسور كۈلۈپ: «قىزىق ئادەتكەن - ھە، ئالىمجان، قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ماڭا قارىدى.

— قېنى، روزىمەت تاغىنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن، تەلىيىڭىزنى بىر سىناپ كۆرمەمسىز؟ — دېدىم مەن پروفېسسورغا.

پروفېسسور ئىشەنچسىزرەك قەدەم بېسىپ چۈنەككە چۈشتى. قايسىنى ئۈزسەمكىن دېگەندەك، پىلەكلەر ئارىسىدا ياتقان ھەر خىل رەڭدىكى قوغۇنلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ ماڭدى. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدى بولغاي، بەقەسەم يولۇق بىر قارا قاش قوغۇننى تەۋەككۇل قىلىپ ئۈزدى. مەن «ئىم» دەپلا قالدىم. چۈنكى قارا قاش كۆزلۈك قوغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ پىششىغا تېخى بىرەر ئايچە ۋاقىت بار ئىدى.

پىشقەدەم پروفېسسور كاللا مۇڭگۈزى سايلىق پىچاقنى قولىغا ئېلىپ قوغۇننى تىلدى ھەمدە ئالدى بىلەن بىر تىلىمىنى روزىمەت تاغىغا سۇندى. روزىمەت تاغا قوغۇننى تېتىپ كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— تەم كىرىپتۇ، يامان ئەمەس، ئالىما تاتلىقى بوپتۇ. بىزنىڭ بۇ قومۇلۇقتىكى تىرىكچىلىكىمىزگىمۇ ئەمدىلا تەم كىردى. خۇدا خالىسا، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەممە ئىش باشقىچە بولىدۇ، يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق قوغۇنلارنى ئۆز تۈرى بويىچە پاسىل قىلىپ ئايرىپ تېرىيمىز، ئۇ چاغدا قولىغا چىققىنىنىڭ ھەممىسى ناۋات بولىدۇ!...

ئاندىن كېيىن روزىمەت تاغا بىزنى كېپەز - قوناقلىرى ۋە كۆزگى بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئېتىزلىرىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— ئاشۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن كېيىن، — دەپ باشلىدى ھېكايىسىنى بوۋاي، — غايىپتىن بىرسى كېلىپ ئېگىلگەن قەددىمنى رۇسلاپ قويغاندەك، يىگىرمە يىل كەينىمگە يېنىپ ئۇنتۇلغان ياشلىرىمنى قايتىدىن تېپىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى، پۈتۈن بىر ھۆكۈمەتنى ئۆزىمىز دەكسەپ ئۆزە قىلالىغان يەردە، نېمىشقا خۇدا بەرگەن كاللا بىلەن قول - پۇتىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزە قىلالمايمىز، دەپ ئويلىدىم. مەسئۇلاتنى ھۆددە قىلىش دېگەن نېمىكەن؟ شۇ يىلىنىسى مەسئۇلاتلا ئەمەس، يەرمۇ قولىمىزغا ئۆتتى. لېكىن، دوپپىماچىلىق بۇ يەر مېنىڭ ئۆزەمنى ئۆزە قىلىش ئارزۇيۇم بىلەن قانداقمۇ كېلىشەلىسۇن؟ 40 يىلدىن بۇيان دىلىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا جاراھەت بولۇپ ساقلىنىپ كېلىۋ-

ۋاتقان بىر ئۆي باشقىدىن لاۋۇلداپ يېنىپ قالدى. بىر كۆنى ئوغۇللىرىم، كېلىنلىرىم، نەۋرىلىرىمنى يىغىپ:

— باللىرىم، ئىشلىگەن چىشلەيدىغان زامان يېتىپ كەپتۇ. داستىخان كىچىك كېپقالدى. قەدىمىي ماكانىمىزغا بېرىپ بەگىۋاش قۇم بىلەن يەر تالىشىمىز، ئۇ بىزنىڭ بولىدۇ، ئۇ يەردە نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، گۆھەر تەلمۈرۈپ ياتسا سايدا، بېرىپ قولغا ئالمىساق نېمە پايدا، دېدىم...

ئوھۇ...ماۋۇ پىشكەلچىلىكنى كۆرمەمدىغان! مېنىڭ بۇ گېپىم ھە دېگەندىلا پۈتۈن ئائىلىمىزدە چوڭ غەۋغاغا سەۋەپ بولدى. تىلى ئۇزۇنراق بىر كېلىنىم:

— دادىكا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ توپىتىن ئايرىلغاننى توپا يەپتۇ، ئەلدىن ئايرىلغاننى بۆرە، دېگەن گەپ بار. يەنە ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسىغا بارىمىزمۇ؟ — دېدى نارازى بولۇپ.

— دادا، بىزگە تەقسىم قىلىنغان يەر ھېچكىمنىڭكىدىن ئاز ئەمەس، توپىسى بەزرەك بولسىمۇ، ئەجىر قىلساق نەپ بېرىدۇ. بىزنىڭمۇ قولىمىزنىڭ پەنجىسى بەش. سۇسەللىرى، باغ - ۋارانلىرى بار مۇشۇنداق يەرنى تاشلاپ يەنە نەگە بارىمىز؟ — دېدى چوڭ ئوغلۇم.

— ئەمدى ئۇھ دېدۇق، بىر چىشلەم يەرگە ئىگە بولدۇق، خۇدا ئۇرسۇن ئۇ قۇملۇقنى! — دەپ ماي تارتتى ئوتتۇرانچى كېلىنىم.

— ئىسىت بالام، كۆز قارىچۇغۇم، يۈرۈگۈمنىڭ پارىسى، سېنى ئاشۇ دوزاق خازان قىلىمىدىمۇ؟ مەن بۇ دەرتكە قانداق قىلاي، قانداق چىداي. مېنى ئۇ يەرگە باشلىغىچە مۇشۇ يەرگىلا تىرىك كۆمۈڭلار...، — دەپ ھازا ئېچىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى ئانىسى.

چوڭ ئۈچ ئوغلۇم، تۆت كېلىنىم خۇددى مەن ئۇلارنى بارسا كەلمەس كۆيىقاپقا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقاندەك، غەزەپتىن يېرىلىپ، قەدىمىي ماكانىغا قايتىشقا نە ئۆزەمبىلا ئۇناشمىدى. 4 - ئوغلۇم مەتتوختى بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ ھېچنېمە دېمىدى، ھەدەپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى. پەقەت كەنجى ئوغلۇم مەتتۇرسۇن بىلەن نەۋرە ئوغلۇم مەتسايىتلار شەھەر كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلىشتى. مەتسايىت:

— بېرىپ باقمايمىزمۇ، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟ — دەپ تىپىرلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

خۇلاسە كالام، بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز دەتالاش قىلدۇق، ئوغۇللىرىممۇ، كېلىنلىرىممۇ، ھەتتا چوڭ - كىچىك نەۋرىلىرىممۇ ئىككى قاش بولۇپ كەتتى. نېمە دېگۈلۈك، ئەرلىرى ماقۇم دېسە، خوتۇنلىرى تېرىكەتتى، خوتۇنلىرى بوپتۇ دېسە، ئەرلىرى ئۇنىمايتتى. يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە ھازىرلانغان كېلىنلەرمۇ، ئۆي ئايرىپ بۆلەك بولماقچى بولغان ئوغۇللارمۇ چىقتى. قىسقىسى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتتىن، كۆنۈپ قالغان جامائەتتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، كۆپرەكى يىگىرمە چاقىرىم چەتتىكى دەشتى باياۋاندىن نېمە چىقار دەپ ئەنسىرەپ ھۆدۇقاتتى...

روزىمەت تاغا سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، نېمىنىدۇر يادىغا ئېلىپ شوك بولۇپ كەتتى. ساقال باسقان كالپۇكلىرى تىترەپ، سەل كومشەكرەك بۇرۇن چاناقلىرىنىڭ كېرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ بىزگە قاراپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— دۇرۇست، بۇ بىر ئىش سىلەرگە

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇ، بۇنىمۇ دەپ بېرەي، خەقلەر مېنى: «يېڭى سىياسەت روزىمەت تاغامغىلا ياراشتى، گۆسىۋۇستەك بەش ئوغلى بىلەن ئاسمانغا چىقىۋەن دىسىمۇ چىقالايدىغان بولدى» دېگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزى مېنىڭ بەش ئوغلۇمغىلا چۈشكەن. لېكىن تولا كىشىلەر مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ئەسلىدە بەش ئەمەس، ئالتە ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئويلىسام، ھېلىمۇ يۈرىكىم قانغا تولىدىغانلىقىنى ئۇلار نىمە بىلسۇن؟

روزىمەت تاغا ئۈچىتەك ئاقارغان قاشلىرىنى ھۈرپەيتىپ، بىردىنلا قىيىرىپ قالغاندەك سولىشىپ، ھەپىلىسى قاچقان ھالدا تال بىلەن تۇقۇلغان كەپىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چاقپەلەكلىك قۇدۇققا نادامەت بىلەن تىكىلدى-دە:

— ئۇ بالامنى كۆمۈۋەتكەن، ئاشۇ قۇدۇققا تىرىك كۆمۈۋەتكەن! — دەپ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەن خۇددى تىك سوقۇۋەتكەندەك، تېنىم شۈركىنىپ، ئىتتىك روزىمەت تاغامغا قارىدىم. ئۇ، ساقاللىرى تىترىگەن ھالدا تامدەك تاتىرىپ، بېشىنى سىلاپ، بىر ھازاغىچە ئۈنچۈقمىدى.

— بۇنىڭدىن قىرىق يىل مۇقەددەم، — دەپ تىترەك ئاۋازدا ھىكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، — نىمىسىنى دەي، شۇ تاپتا سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ بىر تاناپ يەر نەدىمۇ مۇنداق يۇلغۇن، يانتاقلىق بولسۇن؟ خېلىلا كۆچۈم مەھەللە ئىدى. بۇ يەرلەر، ئۇنىڭ ئايىغىدا ئوت-چۆپلىرى مول كەڭرى يايلاق بولىدىغان. كەچ كۈزدىن تاكى ئەتىيازغىچە مال-ۋاراننى سۇغىرىشقا، ئۆزىمىز ئىچىشكە يەتكۈدەك سۈپ-سۈزۈك بۇلاقمۇ، ياز كۈنلىرى يوروڭقاش دەرياسىنىڭ بىر ئېرىق سۈيىمۇ ئېقىپ كېلەتتى. يايلاق يۇرت كاتتىسى بەگ ھاجىغا تەۋە بولۇپ، قىش-ياز ئۇنىڭ بىر قوتان ئۇزۇن يۇڭلۇق ئاق قويلىرى ئوتلايتتى. ئاز-تولا تېرىلغۇ يەردە بولسا، بىر ئون نەچچە تۈيلۈك نامرات دىخان سۇ-سەلىنىڭ يېتىشكە بېقىپ تىرىكچىلىك قىلاتتۇق. نىمە چارە، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلغۇلۇق.

بىر يىلى نىسى كۈيىقاپنىڭ تېمى ئۆرۈلگەندەك، بىر ھەپتىگىچە بوران قوتراپ، قۇم يېغىپ سۇ كېلىدىغان ئېرىقنى كۆمۈپ تاشلىدى، ئېرىقنىڭ ئۆزى تۇگۈل ئىزناسىمۇ قالمىدى. بۇلاقنىڭ كۆزىگە قۇم تىقىلىپ كاردىن چىقتى. ئېرىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوڭاي بولمىغاچقا، ھەممىمىز ئولىشىپ بۇلاق كۆزىنى چەنلەپ قۇدۇق قازدۇق. قۇدۇق ئىچىدە ئادەم بويىسى سۇ توپلاندى، لېكىن سۇ قانچە قىلساقمۇ تۆپىگە كۆتىرىلىپ چىقالمىدى. چاقپەلەك ئارقىلىق سۇنى تارتىپ چىقىماقچى بولدۇق. ھەممە ئىش پۈتكەندە، بەگ ھاجى يېتىپ كەلدى:

— بولدى، بەس. قۇدۇقنىڭ سۈيى مال-چارۋىغا كېرەك، ئاشقىنى يايلاقنى سۇغارسۇن. سىلەر يۇرتقا قايتىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كەمدە كىممۇ ئۇنىڭغا تىل قايتۇرالىسۇن! ئۇنىڭ دىگىنى قانۇن تۇرسا! شۇنداقتىمۇ «ئەمدى نەدە سەرسان بولۇپ يۈرىمىز، قۇدۇقنى بىز كولىدۇقغۇ؟» دەپ تىركەشتۇق. بەگ ھاجى:

— مەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئەمەسمەن، گەپ شۇ. قۇدۇقنىڭ سۈيىدە ھەر قايىسىڭ يەر سۇغارساڭ، چارۋا بىلەن يايلاقنى مەن تەلپىگەندە سۇ توشۇپ سۇغىرامدىمەن؟! دەپ، زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ زەردە بىلەن گۆلەيدى.

نېمە قىلغۇلۇق! دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتتۇق، كۆزە - كۆرپىمىزنى تېڭىپ يۇرتقا قايتىپ، بەگ ھاجىغا يىللىقچى، ئوتاقچى بولۇشقا مەجبۇر بولدۇق. يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى بەگ ھاجى يىللىقچىلار ئىچىدىن ئۈچ كىشىنى تاللاپ چارۋىسى بىلەن قودۇقتىن خەۋەر ئېلىشقا بەلگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم مەتسىيىتمۇ بار.

مەتسىيىت شۇ چاغدا ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، پۈتى يەر دەسسىگەندىن تارتىپ ماڭا قول - قانات بولىۋاتقان بالا ئىدى. بەگنىڭ ئىشىغا ھېلە قىلمايتتى، كۈندۈزى مالنىڭ كەينىدە چاپسا، كېچىسى مېنىڭ دەردىمگە دەرمان بولاتتى، بىر پارچە يۇمشاق نان تاپسا ماڭا قىسىنىپ ئېلىپ كېلەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ: «دادا، ھەجەپ ئىشكەن، قوينى بىز باقساق ياغلىق گۆشى ئۇلارنىڭ، جاپا تارتىپ يەرنى بىز تېرىساق، نېمىشقا بۇغداي بىلەن پاختىسى ئۇلارنىڭ؟» دەپمۇ قويىدىغان... گەپىنىڭ قىسقىسى، بەگ ھاجى دىگەندىكىن نېمە چارە؟ قانتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك بويۇن قىسىپ مەتسىيىتنى تاشلاپ يۇرتقا كەتتۇق.

كېيىنكى يىلى جۇدۇنلۇق ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى مال قوتىنىدىن شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى: كۆپ - كۈندۈزدە بوران قۇتراپ، يەر جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ. بوران بىلەن تەڭ، چۆل ئىچىدىن بىر توپ چىل بۆرىلەر ئېتىلىپ چىقىپ مال پادىسىغا چاڭ ساپتۇ، نەچچە يۈز ئاق قوي ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھۈركۈپ - تېنەپ يايلاقتىن چىقىپ قۇملۇق تەرەپكە پىتىراپ قېچىپتۇ. بۆرىلەر ماللارنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، بوققىنىنى بوغۇپ، قارنىنى يارغىنىنى يېرىپ غالجىرلىق بىلەن سۆر - توقاي قىلىۋېتىپتۇ.

ئۈچ پادىچى شۇ كۈنى چۈشتىن تارتىپ ئەتىسى تاڭ ئاتقىچە ماللارغا ئەگىشىپ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئوغلۇم مەتسىيىت بۆرى تالاپ قانسىرىتىۋەتكەچكە، باشتىلا ھوشسىزلىنىپ بىر ئازگالدا يېتىپ قالغان ئىكەن. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قۇملۇق ئىچىدە نە پادىچى ھەمراھلىرى، نە قويلار كۆرۈنمەيتتۇ. بىر ھازا ئاقتۇرغاندىن كېيىن، دەسلەپ قانغا مىلەنگەن، چىشلەپ تارتىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن ماللارنى، كېيىن بۆرى تالاپ قىيما - چىيما قىلىۋەتكەن ئىككى پادىچى قېرىنداشنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپتۇ...

بەگ ھاجى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنلا ئېتىنى چېپىپ يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. ئاق قوي بەگ ھاجىنىڭ جېنى بولۇپ، بىرەر - يېرىمىتىسىنىڭ زايە بولۇشىغا يول قويمايتتى، ئاغرىپ ئۆلگەن بىرەر قوي ئۈچۈن ئۆمۈر بويى بەگدىن قەرزىنى ئۆزەلمىگەن پادىچىنىمۇ كۆرگەن بىز. نېمىشقا دىسە، ئاق قوينىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئۇزۇن ئىنچىكە يۇڭىدىنمۇ پاتمانلاپ پۇل تاپاتتى، ئاشۇ بىر قوتان ئاق قوينى دوچىقىپ باشقا بايلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى، تېخى ئاق قوي يۇڭىنى لاداخ يولى بىلەن قايسىبىر ئەلگە يۆتكەپ، ھەر خىل گەزلىمىگە تېگىشىپ سودا - سېتىقمۇ قىلاتتى. بەگ ھاجى كەلگەن پېتى ھالسىز بېشىنى سېلىپ قول باغلاپ تۇرغان مەتسىيىتنى سوراقسىز تارتىپ كېتىپتۇ:

— ھوي ئوغرى، سەن تېخى تىرىكمۇ؟! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

مەتسىيىت چىشىنى چىشىغا بېسىپ، كۆزى ئېلىشىپ ئىندىمەپتۇ. بەگ ھاجى:

— مەن ساڭا نېمە دىگەن - ھە! ئاق

www.uyghurkitap.com

قويلار بار — سەنمۇ بار، ئاق قويلار يوق — سەن-
مۇ يوق، جانغا - جان ئالىمەن، قويلار ساڭا
ھۆددە دىمىگەنمىدىم! قوي قېنى؟ دەپ چە-
قىراپ كېتىپتۇ. مەتسىيت تىترەپ:

— قويلارنى...بىقۇۋۇل كەپقالدۇق، بۆ-
رىلەر...— دىگەن ئىكەن، بەگ ھاجى:

— قويىنىڭغۇ بۆرى يەپتۇ، سىنىچۇ، سىنى
نىمىشقا يىمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تۆلەيمەن، ئىشلەپ تۆلەيمەن،—
دەپتۇ بىچارە ئوغلۇم مەتسىيت.

— ھوي ئوغرى، سەن نىمەڭگە تۆلەي-
سەن، پېتىڭگە تۆلەمسىنا! — دەپ بەگ دەر-
غەزەپ بولۇپ ئەتراپىدىكى يالاقچىلىرىغا
قاراپتۇ، — بۇ ئوغرى مىنى زەردىگۆش قىلىپ
ئۆلتۈرمەكچى، ئەسلى - ۋەسلىنى قورۇ-
تىۋېتىشكە قەست قىلغان. دوغا! مەتسىيتنى
تۇت، قۇدۇققا تاشلا!...

يالاقچىلار مەتسىيتنى سۆرەپ قۇدۇق
بېشىغا ئىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، قو-
دۇققا تاشلاشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككى كۆزىگە قان
قۇيۇلغان بەگ ھاجى چىقىراپ ئېتىلىپ بېرىپ،
نىم جان ياتقان ئوغلۇم مەتسىيتنى پۇتىدىن
سۆرەپ قۇدۇققا بېشىچە تاشلاپ، ئۈستىدىن
ئۆز قولى بىلەن قوم تاشلاپ كۆمۈۋېتىپتۇ...

مەن ئىككى پۇتۇمنى ئات، ئىككى قو-
لۇمنى قانات قىلىپ قۇدۇق بېشىغا يېتىپ
كەلگىنىمدە، يالىماۋۇز بەگ ھاجى ئېتىغا
مىنىپ، يالاقچىلىرىنى كەينىگە سېلىپ يۇرتقا
قايتاي دەپ تۇرغان ئىكەن. بىچارە ئوغلۇم-
نىڭ بېشىغا چۈشكەن تەتۈر قىسمەتنى ئاڭلاپ
كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. تاپىنىمدىن
كىرگەن بىر ئوت مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى.
«ئاھ، ئوغلۇم، ئاھ، مىنىڭ شور پىشانەم،
ئاھ، جىگىرىم بالام!» دەپ ۋاقىرىغىنىمچە،
ئېتىلىپ بېرىپ بەگ ھاجىنىڭ ياقىسىغا ئې-
سىلدىم، ئىگەر ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە
ئېتىۋەتتىم.

— ھەي مۇناپىق، كۈندۈزنى قاراڭغۇ
قىلىۋەتكەن مىنىڭ ئوغلۇممۇ؟ بۆرىنى چىللاپ
كەلگەن پادىچى قېرىنداشلىرىدىمۇ!؟ سەندە
ئىمان، ئىنساپ دىگەن نەرسە بارمۇ - يوق!؟
جانغا - جان، خۇنغا - خۇن! — مەن بەگ ھا-



جىنى تېگىدىگە يېتىپ، مەيدىسىگە دىسلاپ كانىيىنى بوغۇپ شۇ گەپنى دىگىنىمنى بىلىمەن. ئارقامدىن بىرى كالتەك بىلەن بېشىمغا «قاس» قىلىپ ئۇرغانلىغىنى سەزدىم. ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، پۈتۈن بەدىنىم تىلىم-تىلىم يېرىلغان، قانغا بويالغان ھالدا ئۆزەمنى ھۆكۈمەتنىڭ گوندىخانىسىدا كۆردۈم...

## 10. ھىكايىنىڭ ئاخىرى

روزدەت تاغا شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر ۋاققىچە تىم-تاس بولۇپ كەتتى، ئۇ ھەسرەت يېشىنى بىزگە كۆرسەتىشنى خالىمىدى بولغاي، چەتكە قارىۋالدى. لېكىن بىز ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۈن-تىنىسىز يىغلاۋاتقانلىغىنى، مويسىپىت چېھرىسىنى بويلاپ ئاققان يېشىنىڭ بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن تامچىلاپ قومغا چۈشۈپ سىڭىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئاخىر يەلكىسىنىڭ تىترىشى توختاپ، ئېسەدىشنى باستى. بەلۋىغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز-يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ مۇنداق دىدى:

— مەن ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەشنى خالىمايمەن، يۈرەكنى زىدە قىلىدىغان ئۇ جىنايەتلىك جەمىيەتنىڭ ھازىر كىشىگە لازىمىسى! لېكىن، ئائىلىمىزدە داستىخان ئۈستىدە بىچارە ئوغلۇم مەتسىيتنىڭ پاجىئەسىنى ئەسلىشىم ئوغۇل، كېلىنلىرىم، نەۋرىلىرىمنىڭ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن تومۇرلىرىدىكى قاننى قىزىتىپ قويىدى، غەزەپلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىشتى، بولۇپمۇ ئانىسى: «مېنى مەتسىيتنىڭ قەۋرىسىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈڭلار» دەپ ھازا ئېچىپ ئالەمنى دالەم قىلىۋەتتى. ئۆي ئىچى «ئاھ، ئۇھ» قا تولدى. مەن:

— گەپ شۇ، بالىلىرىم، مېنى كونا ماكانىڭ نىمىشقا ئۆزىگە شۇنچە تارتىدىغانلىغىنى ئاڭلىدىڭلار، قالغىنىنى ئۆزەڭلار دەڭسەپ كېسىڭلار، — دىدىم.

راست گەپنى دىسەم. بۇ ئىشتا ھەممىدىن بۇرۇن ئىسيان كۆتەرگىنى يەنە مەتسايىت بولدى. ئۈچ كۈنگىچە ياغ ئىچىۋالغاندەك بوغۇلۇپ يۈردى. كېيىن مېنى ئالدىرىتىپ كەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەزمەن دىخان بولغۇسى بارلىغى ماڭا ئايان ئىدى. ئائىلىمىزدە يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى بىلىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى، كۆپ نەرسىلەرنى مەتسايىت ئارقىلىق ئاڭلايتتۇق. خۇلاسە كالام، شۇ يىلى باش باھارنىڭ ئىزغىرىن شامالىرى يۈز-كۆزىمىزنى چىمدىپ تۇرغان بىر كۈنى كۆك ئېشەكنى ئالدىمىزغا سېلىپ، مەتسايىت بىلەن بىللە مۇشۇ قۇملۇق ئارىسىغا كەلدۇق، مەتسىيتنىڭ قەۋرىسىگە دۇئا-تەكبىر ئوقۇدۇق. مەتسايىتقا كۆزى تىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەتراپنى نەم كۆتىرىپ تۇرغان بۇلاقنى، كۆمۈۋېتىلگەن قۇدۇقنى، سوك-سوك بىلەن يۇلغۇن كۆتەكچەكلىرى قاپلاپ كەتكەن قەدىمىي ئېتىزلارنىڭ قىر-تىگەنلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرسەم، ساي ئىچىدە ئاسمانىدىن چۈشكەندەك، ئۇشتۇمتۇت ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى.

— بوۋا، بوۋا، قارىغىنا، مەتنۇر ھاكىم، مەتنۇر ھاكىم كېلىۋاتىدۇ، — دىدى نەۋرەم مەتسايىت خوشال بولۇپ:

— ماۋۇ كارامەتنى كۆرمەمدىغان! ساي تەرەپتىن بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى ئادەم — بىرسى بىزنىڭ مەتنۇر ھاكىم، يەنە بىرسى بولغۇسى كېلىن ئاغچا تۇنسايىمنىڭ دادىسى ھامۇتاخۇن ئىكەن ئەمەسمۇ! مەتنۇر

هاكىم ساندۇقتىن چىققاندىن كېيىن، ئىككى ئايغا يېقىن گوڭشىمىزدا تۇرۇپ، ئاندىن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتكەچكە، ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز ئىلگىرىكىدەك قويۇق بولماي قالغان ئىدى. مانا بۇمۇ بەلەن بولدى. قۇدۇق بېشىغا كۆچۈپ كېلىش خىيالىمغا نىمە دەيدىكىن، كەڭتاشا بىر سىرزلىنىشۋالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، هامۇتاخۇن باشقا يېزىلىق بولسىمۇ، بىر بۇرۇنتىنلا ئوبدان تونۇش. ئۇمۇ جىق قازاندا قاينىغان، پىشقان، يوقسۇزلۇقنىڭ دەرت - ئەلەمىنى تارتقان، كېيىن كەنت دىخانلار جەمئىيىتىگە رەئىسمۇ بولغان ئادەم ئىدى. قىلمەن دىگىنىنى قىلىدىغان، جىگىرى بار دىخان ئىدى. شۇغىنىسى، ئۇنى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرمەيتتىكەنمەن، شۇ تاپتا، كۆزۈمگە قەددى تىكلىنىپ، ئىسكەتلىك ياسىتىلغان ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىپ، ياشلىقىغا يېنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خىيالىدىن: هامۇتاخۇن يەنە بىر نىمىنى ئويلاپ تاپتىمغۇ ھەقىچان. ئۇنىڭ مەتنۇر ھاكىمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ قۇملۇقنى چۆگىلىشىدە بىر گەپ بار، دىگەن ئوي كەچتى.

مەتنۇر ھاكىم بىلەن هامۇ تاخۇن بىزنى كۆرۈپ قەددىمنى ئىتتىكلەتتى، بىر ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئۇرۇق - تۇققانلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ دىدارلاشتۇق.

— شۇ...دىمەم - دىمىسەم يەنىلا نىيەتىمىز بىر يەردىن چىقتى، روزىئەت تاغا، — مەتنۇر ھاكىم ماڭا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويدى، ئۇنىڭ پۇتىدا پەتنەكە بولسىمۇ، ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۇرۇۋالغان بولۇپ، كالتە كەمزۇلنى مۇرىسىگە ئېسىۋالغان ناسۋال رەڭ ئاسما سوەكىنىنىڭ بېغىغا قىستۇرۇۋالغان ئىدى، — كۆڭۈللىرىگە كىرىۋالغان ئوت سىلىنى ئاخىرى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ - دە!...

— ئات ئايلىنىپ ئۆز ئوقۇرىنى تاپىدۇ، دىگەن گەپ بار ئوغلۇم، پەلەكنىڭ چاقى ئۇلۇك ئايلىنىۋەرسە، چۆلنىڭ گۈلستان بولمىغى ھېچ گەپ ئەمەس. كۆزىمىزنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ، شۇنچە بەلەن ئىتىزلارنى قۇمنىڭ يالىاپ يۇتۇۋېتىشىغا تاشلاپ بەرسەك، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلامدۇ؟ — دىدىم مەن ئۇنىڭغا.

مەتنۇر ھاكىم ھامۇتاخۇننىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى:

— مانا، ھامۇتاخۇن ئاكامۇ شۇ خىيالدا ئىكەن، ياخشى بولدى، — مەتنۇر ھاكىم نەۋرەم ئوغلۇم مەتسايىتنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭ پاخماق چاچلىرىنى سىلىدى:

— ھە، يىگىت، دىخان بولۇمەن، بوۋامنى دورايمەن دىگەننىڭ، راستىنلا بوپسەن - دە. سەن مەكتەپتە ماڭا شۇنداق دىگەن ئەمەسمىدىڭ؟

مەتسايىت مەتنۇر ھاكىمغا قاراپ راست دىگەندەك بېشىنى ئىرغىتتى.

بىز كۈلۈشتۇق. مەتنۇر ھاكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇشتۇق ۋە نان - پان يەپ ئۇزاق مۇڭداشتۇق.

مەتنۇر ھاكىم خېلىلا تارتىلىپ، يۈزلىرى يېرىلىپ ئازراق قارىداپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى ئىشەنچلىك يېنىپ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - غەيرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. گەپ قىلغاندا كۈلكىسى جاراڭلاپ بىردەمدە پاراڭنى قىزىتىۋەتتى. بۇ بىر ئايدىن بۇيان ئۇ پىيادە يۈرۈپ ناھىيىمىزنىڭ چەت - چۆرىسىدىكى قۇملۇق بارمۇ، بىنام، يۇلغۇنلۇق بارمۇ، قۇم يۇتىۋالغان قەدىمىي ئىتىز - ئېرىق، مەھەللە - كويلارنىڭ ئىزلىرى بارمۇ، ھەممىسىنى كېزىپ كۆرۈپ چىققان. ئىكەن، قۇم سىقىپ چىقىرىۋەتكەن كىشىلەرنى ئىزلەپ

تېپىپ مۇڭدىشىپتۇ، هامۇتاخۇن ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىكەن.

— ئەمدى قۇم بىلەن كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ، — دىدى مەتنۇر هاكىم بىر پارچە قۇرۇق ناننى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — مەن تەكشۈرگەن ئۈچ يېزىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى قىرىق - ئەللىك يىلدىن بۇيان قۇم سىلجىپ كېلىۋېرىپ مۇشۇ ئۈچ يېزىدىنلا ئونمىڭ موچە تېرىلغۇ يەرنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. كۆكتېرەك يېزىسىدىكىلەر بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بەل قويۇۋەتمەي قۇمغا قارشى ئورمان بەلۋاغلىرى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر توساقلىرى بىنا قىلغاچقا، قۇم دەككە يېگەن، ئېتىزلارغا سىلجىپ كېلىۋېرىشتىن يالتايغان. بۇنى ئۇلار «يېشىل سېپىل سوقۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش» دەپ ئاتىغان، يارايدىغان چارە ئەمەسمۇ؟...

مەتنۇر هاكىم بىر تال ئامۇتنى پىچاق بىلەن ئاقلاپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قارىغاندا، قۇملۇقنىڭ ھەممىلا يېرى قۇم دۇنياسى ئەمەسكەن، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەرمۇ، دەرھاللا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان قەدىمىي ئېتىزلارنىڭ ئىزلىرىمۇ بار ئىكەن. بەزى يەرلەرگە سۇ باشلاپ كېلىش ئىمكانىيىتى كۆرۈنۈپ تۇردۇ، بەزى يەرلەردە سۈيى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلاق، تاشلاندۇق قۇملارنىمۇ كۆردۈم. هامۇتاخۇنكام تۈنۈگۈن كەچتە تۈنەپ «بۇ يەر ماڭا تەۋە بولسۇن» دەپ قېزىق قاققان يەر بۇ يەرگە يېقىنلا. ئەسلىدە قۇم يۇتۇپ كەتكەن بۇ ئېتىزلار هازىر يەنە قۇم كۆچۈپ خۇددى رەتلەپ قويغاندەكلا ئېچىلىپ قاپتۇ. ئازراقلا ئەجىر قىلساق، دەريادىن سۇ باشلاپ كەلگىلىمۇ بولىدىكەن. هامۇتاخۇنكام ئىشنى بۇ يىل ئەتىياز ئورمان بىنا قىلىشتىن باشلىماقچى بولىدى. مەن مۇڭداشقان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق ئۈمىتتە بولۇۋاتىدۇ...

— سىلجىپ كېلىۋاتقان قۇم، — دىدى ئۇ، — كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشكارا دۈشمەن. ناهىيە بۇ هەقتە مۇكەممەل بىر ئىلمىي پىلان تۈزمەكچى، بۇنى تۇتماسلىق تارىخ ئالدىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇندىن باشقا هەرخىل چارىلەر بىلەن قۇم شەدىرىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئاز - تولا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشىمىزمۇ زۆرۈر. بۇنى «قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى» دىسەكمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا يەكمۇ - يەك جەڭ قىلىشقا، ئاز - تولا جاسارەت كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن مەتنۇر هاكىم ماڭا قاراپ:

— قېنى، ئەمدى گەپنى سىلىدىن ئاڭلايلى، — دىدى.

مەن نىمىنمۇ دەيمەن. ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغان تۇرسام!...شۇ قېتىمقى مۇڭدىشىشتىن كېيىن نەۋرەم مەتسايىت ئوت بولۇپ يانىدى، جاسارىتى ئۇرغۇپ كەتتى، ئەتراپىنى ئۆلچەپ، خەرىتىلەرنى سىزدى. شۇنداق پىلانلارنى تۈزۈۋەتتىكى، ئاهھاي... نەۋرەمنىڭ ئويلىغىنى كەلسۇن. ياخشى ئارزۇسىغا مىڭ رەھمەت، دىدىم ئىچىمدە. كەنتكە قايتقاندىن كېيىن، مېنى قايىل قىلىپ قويۇپ ئۆزى پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنى قوزغاپ، ھەممەيلەننى بىر بىرلەپ قايىل قىلدى. مەتنۇر هاكىممۇ 3 قېتىم ئائىلە كېڭىشىمىزگە داخىل بولۇپ مەدەت بەردى. خۇلاسە كالام، نىمە دىگۈلۈك، ئۆتكەن يىل قۇتلۇق باهار بىلەن تەڭ «يا باغدىن چىقسۇن، يا تاغدىن» دەپ قۇملۇققا كۆچتۇق. مانا سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كەپىلەرنى تىكىپ، قۇدۇقنىڭ كۆزىنى ئاچتۇق. هامۇتاخۇن بىلەن خوشنا

بولغىنىمىز تازىمۇ بەلەن ئىش بولدى، بەش يىللىق پىلان بىلەن مۇسابىقە شەرتىمۇ تۈزدۇق. بۇ پىلاندا نىمە بار دىمەمسىلەر، يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيى، ئۆستەڭمۇ بار تېخى!

ـــ ئەمما يامان بولغىنى، ئۆتكەن يىل كۈزدىكى ھۆسۈلىمىز كەنت ئىچىدە ئالدىنقى يىلى ئالغان ھۆسۈلىمىزنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىدى، ئوغۇل ـ كېلىنلىرىم ئازار يىگەندەك چىرايىدا توپا ئۆرلەپ لېۋىنى چىشلەشتى، تېرىككەك بولۇپ قېلىشتى. 3 ـ كېلىنىم بىلەن ئوغلۇم ماي تارتىپ قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. ئەمما، مەتسايىتلا بەل قويۇۋەتمىدى، بەلكى بارغانچە قەيسەرلىشىپ، نىمىشقا ئەمگەككە لايىق ھوسۇل ئالالمىغانلىغىمىزنىڭ سىرىنى تېپىشقا تۇتۇندى...

مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرغىنىمىزدا بۇ يەرگە چىچەك يۈزلۈك بىر كىشىنى باشلاپ مەتنۇر ھاكىم كېلىپ قالدى. ئەلۋەتتە مەتنۇر ھاكىمغا يازدىن بۇيانقى ھەممە ئوقىتىمىز مەلۇملۇق ئىدى. ئۇ پات ـ پات كېلىپ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، مەسلىھەت بېرىپ تۇرغان ئىدى.

ـــ بۇ كىشى ئاگرانوم مەجىت، ـــ دىدى مەتنۇر ھاكىم ھەمراسىنى تونۇشتۇرۇپ، ـــ ئوبدان تونۇشىۋېلىڭلار. ھازىردىن باشلاپ، مۇشۇ ئەتراپتا قومۇلۇقتا كۆچۈپ كىرگەن 9 ئائىلىنىڭ دىخانچىلىغىغا تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلەندى. بۇياق كۆپ يىللاردىن بۇيان قومۇلۇقنى تىزگىنلەشـ ئۆزگەرتىشنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. سىلەرگە جەزمەن ياردىمى تېگىدۇ...

ئاگرانوم مەجىت بۇ يىلقى پىشكەلچىلىكنىڭ سىرىنى يېشىپ بەردى. بىرسى، ئېتىز ئۈستىدىكى بىر قەۋەت قوم ھاۋا تازا قىزىغاندا زىرائەتنىڭ يىلتىزىنى كۆيدۈرۈپ ناكا قىلغان، يەنە بىرسى، يۇلغۇن چىرىندىسى كۆچلۈك كېلىپ، زىرائەتنى پاك قىلىۋەتكەن. بۇ دۇرۇست گەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەكلىۋى بويىچە قىشچە ئىككى ئىش قىلدۇق. بىرى، قۇينىڭ تېرىسىنى سويغاندەك، ئېتىز ئۈستىدىكى بىر قەۋەت قومنى قىرىپ چىقىرىۋەتتۇق؛ يەنە بىرى، قۇدۇقنى تىرەن ئويۇپ، سۇ تارتىش چاقپەلىگىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ ياسىدۇق. ئاگرانوم مەجىت راستىنلا بىر جان كۆيەر ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ قوسىغىدىكى ھىكمەتكە ئەقلىم ھەيران. مانا ئۆزەڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئاشلىقتا ئون مىڭ جىڭلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئومىدىكى ئىش بولۇپ قالدى، قومساق بىلەن كېۋەز ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ، مەن ئويلايمەن، بۇ يىل كۈز ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىدىغان كېلىن بولماس. ئەمدى مەتنۇر ھاكىم ھەل قىلىپ بەرگەن تىراكتورنى ئەكىلىۋالساق، ماتور سېتىۋېلىپ سۇ تارتىشنى ماشىنىلاشتۇرساق، بۇ يىل قىش يورۇڭقاشنىڭ سۈيىنى بۇرنىدىن تارتىپ بۇ يەرگە ئەكىلىشنىڭ يولىنى ئاچساق، كۆرىسىلەركى، كېلىنلەرمۇ ئىلگىرىكى ئىشلىرىغا خىجىل بولىدۇ، تېخى!...

## 11. سېرىق قار

تىك ئۇچار ئايروپىلان كەچكى شەپەق نۇرلىرىغا پۈركىنىپ خوتەن ئايرودورۇمىغا قوندى. ئالىجاننىڭ ھىكايىسىمۇ ئاياقلاشتى. خىيالىمنى روزىمەت تاغا ۋە ئۇنىڭ

پەرزەنتلىرى ھەممە ئۇلار ئۆز ئۆمىتىنى باغلىغان «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» ئەسىرى قىلىۋالدى. قەلبىم ھاياجانلىق ھىسسىياتلارغا چۆمۈلۈپ، ئالىمجاندىن ئاڭلىغانلىرىمنى شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي خاتىرە دەپتىرىمگە بىر بىرلەپ يېزىۋالدىم-دە، ئەتىسى ھەمرالىرىم بىلەن خوشلاشتىم.

— يولداش مۇخبىر،— دېدى پىشقەدەم پروفېسسور بىلەن ئالىمجان قولۇمنى قىسىپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ، — ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ ئوبدان تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق. روزىمەت تاغىغا، مەتنۇر ھاكىمغا بىزدىن سالام دەڭ. ناۋادا پات-ئارىدا ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولسىڭىز بىزنى ئىزلەڭ، روزىمەت تاغا توغرىسىدا، مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا ئاڭلىغىمىز كېلىدۇ...

مەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تەكلىماكان قىرغىقىدىكى «ن» ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدىم.

بۇ كۈنى ناھىيە بازىرى بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، چوڭ كوچا ۋە قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئۈستىدە توغرىسىغا تارتىلغان «ناھىيىلىك 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» دېگەن خەتلەر يېزىلغان پىلاكاتلار لەپىلدەپ تۇراتتى. كوچا-كويلار پاكىزە بولۇپ، سۇ سېپىلگەن ئىدى، نەۋرىلىرىنى يېتىلىۋالغان ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، بېشىغا ئاق داكىدىن لېچەك سالغان مومايلار، رەڭگا-رەڭ كىيىنگەن شوخ، چېچەن قىز-يىگىتلەر رادىيودىن بېرىلىۋاتقان قۇرۇلتاي ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاچ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەجنۇنتاللىق يوللاردا سەيلى-تاماشا قىلىشىپ يۈرۈشەتتى.

كوچا دوقمۇشلىرى ۋە گۈزەرلەردە قايمام-تاشقىنلىق بىلەن خېرىدار چاقىرىپ تىجارەت قىلىۋاتقان كاۋاپچى، سامسىپەز، باققال، ھۆپىگەرلەرمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ تىجارىتىنى ئۇزۇپ قويۇپ، رادىيوغا قۇلاق سېلىشاتتى ۋە بىر بىرىگە قاراپ نېمىندۇر دېيىشىپ قوياتتى...

ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىدىكى بىر يولداش مېنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن:

— مېھمانخانىلار ھازىر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولغان. قۇرۇلتاي ئەتە، ئاياقلىشالامدىكىن،... خالىسىڭىز، مەن سىزنى ۋەكىللەر تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىلاردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. ئاندىن سۆزلىشەيلى،— دېدى.

«قۇرۇلتاي ئەتە ئاياقلىشالامدىكىن» دېگەن مۈجمەل سۆز مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى:

— قۇرۇلتاينىڭ قانچە كۈن ئېچىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولغىيتتى؟— سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— بەلگىلەنگەن، بەلگىلەنمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟— ئۇ شۇ گەپنى دەپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى. ئوتتۇرا بوي، پېشانىسى كەڭ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ كۆزىگە سىنچىلاپ قارىغاندا، ئۇنىڭدا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ھاياجانلىق بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇ نەرسە مېنى بىر ئاز تەئەججۈپلەندۈردى، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىككى كۈن ئۇزارتىلدى. ئەتە ئاياقلىشالمىسا ئۈچ كۈن! پۈتۈن ناھىيە خەلقى ھېچقاچان خەلق قۇرۇلتىيىغا مۇشۇ قېتىمقىدەك كۆڭۈل بۆلگەن ئەمەس. قۇرۇلتاينىڭ ئىچى-تېشى بىرلىشىپ كەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. كارامەت يېڭىلىق! نېمە دېسەڭ شۇنىڭغا ئۇسۇل ئويناۋېرىدىغان خەق ھازىر نەدە تۇرۇپتۇ؟ خەق ئۆزىنىڭ ۋەكىلىنى تال-

لاۋاتىدۇ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ، يۈرۈك، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى ...

مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېھمانخانا تەرەپكە كېتىۋېتىپ سورىدى:

— تونۇشۇپ قويايلى، سىز بۇ يەردە كىم بولىسىز؟

— خىزمەتچى، نىمە دىسەم بولىدۇ، بۇجاڭ ...

— يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭمۇ؟

— شۇنداق، يېزا ئىگىلىگى بىلەن شۇغۇللىنىش مېنىڭ كەسپىم بولۇپ قالدى.

— مۇنداق دەڭ، ئۇنداقتا، مەتنۇر ھاكىمنىڭ ئىشى توغرىسىدا روزىمەت تاغام بىلەن سۆھبەتلەشكەن كىشى سىز ئوخشىمامسىز؟

— مانى قاراڭ، بۇنى سىز قانداق بىلىسىز؟

— ئاڭلىغان، تېخى تونۇغۇنلا ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە بۇ تۆت يىل بۇرۇنقى ئىش.

ئۇ نەمىندۇر ئويلىنىپ ماڭا غىل - پاللا كۆز يۈگۈرتتى:

— سىز بۇ ناھىيىگە شۇ ئىش بىلەن كەلدىڭىزمۇ، ئىگەللەپ باقاي دەۋاتامسىز؟

— ياقەي، مەن روزىمەت تاغا توغرىسىدا، «يۈزمىڭجىڭچى» كەسپىي ئائىلە ... باشقا ئىش بىلەن ...

بۇجاڭ سەل توختاپ بولۇق قوشۇما قاشلىرىنى ئىگىز كۆتەردى:

— قانداق باشقا ئىش بولسۇن؟ ئىككىلىسى بىر گەپ، تارىمۇ بىر گەۋدە دەڭا، روزىمەت تاغىنى، قۇملۇقتا بۆسۈپ كىرىپ ئىگىلىك تىكلىگەن نەچچە ئون كەسپىي ئائىلىنى مەتنۇر ھاكىم ئۆزى يول ئېچىپ يۆلەپ تۇرغۇزغان، ئۇلارنىڭ خامىنىدىكى ھەر بىر تال دانغا يۈرەك قېنىنى سىڭدۇرگەن تۇرسا! ئۇلارنى قانداقمۇ ئىككى ئىش دىگىلى بولسۇن؟ روزىمەت تاغىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مەتنۇر ھاكىمنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. سىز مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

مەن ئالىمجاننىڭ ھېكايىسىنى مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمنى قىسقىچە دەپ بەردىم.

— بۇ، ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرىكى ئىش، — دىدى بۇجاڭ، — گەپ بۇ يەردە ئەمەس. دېۋېي يېقىندا ئىچكى قىسمىدا ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەكشۈردى. بىزدە ئىلگىرىكى يەتتە چاكۇپىيدىن قېرىپ كەتكەنلىرى ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر داشۆسىلىك، ئىككى تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ياش چاكۇپىيغا كىرگۈزۈلدى. بىراق، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا رەسمىلەشتۈرىدىغان ھاكىملار نامزاتى ئىچىدە يولداش مەتنۇر يەنە يوق. يوقلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ئاممىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ۋەكىل بولۇپ سايلىنىشىغىمۇ يول قويۇلمىدى. قۇلاق سېلىڭ، مەسىلەن: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساس قىلىنغان سايلام رايونىدا كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ئۇنى 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل قىلىپ سايلىماقچى بولغاندا، شۇجى ئۇشتۇمتۇت ئادەم ئەۋەتىپ، «مەتنۇر يۇقۇرىنىڭ تەستىقى بويىچە سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا جۇيجاڭ قىلىپ تەيىنلەندى، بۇ يەردە سايلىنىش مۇۋاپىق ئەمەس» دىگەننى ئۇقتۇردى. سۇ.ئېلېكتر ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ سايلىماقچى بولغاندا، يەنە: «بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان ۋەكىل ئايال بولۇشى لازىم» دىيىلدى. شۇنىڭ بىلەن يولداش مەتنۇر ۋەكىل بولالمىدى. ھازىر بۇ ئىش قۇرۇلتايدا جىددى سۈرۈشتۈرۈلىۋاتىدۇ، تالاش - تارتىشمۇ مۇشۇ ئىشتىن چىقتى ...

www.uyghurkitap.com

مەن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ سورىدۇم:

— ئاڭلىسام، بۇ ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى ھەقىقەتەن كىشىنى رازى قىلىدىكەن، ئۈنۈمىمۇ چوڭ ئىكەن. شۇجى يەنىلا ئاشۇ بۇرۇنقى قېلىپىتىمۇ؟

— گەپ بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى بوجاڭ تەمكىنلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، — ھازىر چاكۇېيلار ئىچىدە يېڭى سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا باشقىچە قارايدىغان بىرمۇ كىشى يوق. شۇجىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئەكسىچە، بۇ جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجە ۋە يۇقۇرىنىڭ ماختاشلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى شۇجىنىڭ تۆھپە دەپتىرىگە يېزىقلىق. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، تەشەببۇس - تۆھپىسى، نام - شۆھرىتى بەزىدە ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن - دە! مانا، مەتنۇر ھاكىمنى ئالايلى، ئۇ 6 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىدا ھاكىم بولۇپ ساندۇقتىن چىققاندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەرنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى تېز ئۆزگەردى، پۈتۈن ناھىيىنى ئىسلاھات دولقۇنى قاپلاپ كەتتى، يولداش مەتنۇر يېزا - كەنتلەردە دېخانلار بىلەن بىللە خىلمۇ - خىل سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆز شارائىتىغا باپ كېلىدىغان ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، كېڭەيتتى. خەقلەرنىڭ بۇنى «يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق» دەپ ئاتىشى بىكار گەپ ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى قېتىپ قالغان كونا رامكا، تۇرغۇنلۇقنى بۇزۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى ناھىيىمىزنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. يىل ئاخىرىسىدا ئۇنىڭ ھاسىلاتىغا ھېچكىممۇ كۆز يۇمالمىدى. ئەلۋەتتە، ھەممە ئىش يولداش مەتنۇرغىلا باغلىق ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەر ئاغزىدا «مەتنۇر» دېگەن بۇ نام ئىسلاھاتنىڭ بايرىقى بولۇپ قالدى، شېئىر - قوشاقلارمۇ توقۇلدى. بۇ ئىش نېمىشقىدۇر شۇجىغا ياقماي قالدى...

— نېمە، ياقماي قالدى دەمسىز؟ ھېچبىر چۈشىنەلمىدىم، نېمىشقا ياقمايدىكىنا؟ — سورىدىم مەن.

— ھەي ... نېمە دېگۈلۈك، گەپ ياقماسلىقتىلا ئەمەس، — دېدى بوجاڭ ئېغىر تىنىپ، — سىز بۇ مىساللارغا قۇلاق سېلىڭ، ئالدىنقى يىلى شۇجى شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش يۈزىسىدىن بىر يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەھەرنى تۇتاش سېمونتلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ يىگىرمە يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى تەشەببۇسى ئىدى. شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈشكە كىم ھەۋەس قىلمىسۇن! جىق كىشىلەر بۇنىڭغا قىزىقتى، قوللىدى، لېكىن، كۈتۈلمىگەندە يولداش مەتنۇر «شەھەرنى سېمونتلاشتۇرۇش پىلانىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى سىلجىپ كېلىۋاتقان قۇمغا تاقابىل تۇرۇش، مۇداپىئە ئورمان بەلۋاغلىرى ئەھيا قىلىش، قۇملۇققا كۆچۈپ كىرگەن كەسپىي ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش ھەمدە قۇم كۆمۈپ تاشلىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىش» دېگەن تەكلىپنى قويدى. ئۇ بۇ تەكلىپنى ئىزاھلىغاندا:

— قۇمنىڭ تەھدىتى — جىددىي خەۋپ، شەھەرنى يالماپ يۇتىۋېتىش، جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش خەۋپى يىراقنى ئويلىغاندا قۇرۇق گەپ ئەمەس. بۇ ئىشقا جىددىي قارىماساق، كەلگۈسى ئەۋلادلار، تارىخ ئالدىدا يۈز كېلەلمەي قالىمىز، — دېدى.

بۇ، ناھىيىمىزگە نىسبەتەن ھەممە كىشى

سىزىپ تۇرغان رىئال مەسىلە بولغاچقا، گەر-
چە بۇ ھەقتە شۇجى بىلەن مەتنۇر ئۇتتۇرى-
سىدا نۇرغۇن تالاش - تارتىش، قىزىرىش بول-
غان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك چاكۇپىلار-
نىڭ مايىللىقى، قوللىشى بىلەن مەتنۇرنىڭ
تەكلىۋى ئاخىر كۈچكە ئىگە بولدى. ياشى-
نىپ قالغان شۇجى ... ھەي ...

بىر ئوتتۇرىسىغا چىرايلىق گۈللۈك قى-
لىنغان 4 كوچىنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتتۇق.
گۈللۈك مېنىڭ زوقۇمنى تارتتى. بۇجاڭ سۆ-
زىنى داۋام قىلدى:

— يەنە بىر مىسال: ئۆتكەن يىل مەت-
نۇر ھاكىم بىر ئىشتا مەغلۇپ بولدى. گەپ
مۇنداق، ئۇ شۇ يىلى بىر تەرەپتىن ئۆز
تەكلىۋىدىكى ئىشلارنى قەتئىيلىك بىلەن ئىشقا
ئاشۇرۇشقا تۇتۇندى، قۇمنى تىزگىنلەش،
كەسپىي ئائىلىلەرنى يۆلەش بىر دولقۇنغا
ئايلىنىپ كەتتى، يەنىلا قاينام - تاشقىنلىق
ۋەزىيەت جۇش ئۇرۇپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنى
«قۇم ئالىمغا ھاكىم بولدى» دېگەنلەرمۇ بول-
دى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى
ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن
بىكار قالغان تىراكتورلارنى تۈپلاپ، چوڭ
يۇلغۇنلۇقتا پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بول-
دىغان يېزا ئىگىلىك شىركىتى تەشكىللىدى.
بۇنىڭغا ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەر ئاۋاز قوش-
تى. مەتنۇر ھاكىمنىڭ مەقسىدى، بۇ شىركەت
ئارقىلىق ھەم «يېشىل سېپىل» سوقۇشنى
ئىلگىرىلىتىش، ھەم بەزى كەنت ھەم شەھەر-
دە بىكار لاغايلاپ قالغان كىشىلەرگە ئىش -
ئوقەت يولى تېپىپ بېرىش ئىدى. بۇ شىر-
كەتكە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى قىزىقىپ
قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ دەمال-
لىققا ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولغاچ-
قا، نۇرغۇن كىشىلەر ئىككى - ئۈچ ئاي ئىش-
لەپ بېقىپلا قول شىلتىپ يېنىپ كەتتى.
شىركەت مەغلۇپ بولدى، راستىنى ئېيتقاندا،
شۇجى دەسلەپتىلا بۇ شىركەتنى غەلىتە نەرسە ھېس
قىلىپ، ئەمەلدە ھېچقانچە قوللىمىغان ئىدى.
شىركەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا،
بۇنى مەتنۇرنى ئەيىپلەيدىغان، كوكۇلىسىدىن
تۇتۇۋالىدىغان دەستەك قىلىۋالدى ... ھەي،
قاراڭا، مانا، چىراقلارمۇ يېنىپ كەتتى، نا-
ھىيە بازىرىمۇ بارا - بارا گۈزەللىشىپ كېتى-
ۋاتىدۇ ... كۆرۈۋاتامسىز، قانداق چى-
رايلىق!...

## 12. تىنىك قامەت

دۇرۇست، شەھەر كىچىك بولسىمۇ گۈزەل،
پەرقىلىق ئىدى. كوچىلاردىكى ئېلېكتىر
لامپۇچكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ۋاللىداپ
يېنىپ، شەھەر نۇر ئىلكىدە داۋالغۇپ گۈزەل-
لىشىپ كەتتى. چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرى-
پىدىكى مەجنۇنتال، ئاكاتسىيە يوپۇرماقلىرى
لەرزان تەۋرىنىپ ئېلېكتىر نۇرى بىلەن چىر-
مىشىپ يول ئۈستىگە سايە تاشلايتتى. رادىيو
كانايلىرىدىن شات مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىدى...
مەن بۇجاڭنىڭ يەنە نېمىدۇر دېيە-
شىنى ئۈمىت قىلىپ، ئۇنىڭغا ياندىشىم:

— شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ... ئاخىرى
نېمە بولدى؟

— ھازىر بىر نېمە دېيەلمەك تەس. لېكىن،
سىرىق قارنىڭ ئۆمرى قانچىلىك بولىدۇ
دەيسىز...

بۇجاڭنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى، دەل
شۇ مىنۇتتا، مەجنۇنتاللىق يول بويىدىكى
ئېرىقتىن بىر قىز بىلەن بىر يىگىت «لىپ»
قىلىپ سەكرەپ ئۆتۈپ ئالدىمىزغا چىقىپ

توختىدى.

— سالام، يولداش مۇخبىر!

— خۇش كەپسىز، مۇخبىر يولداش!...

مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم:

— يولداش مەتسايىت، تونۇسايىم! — دەپ ۋاقىرىۋەتتىم بۇ بىر جۈپ ياشنى تونۇپ.

بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. مەتسايىت خۇشال ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سەل تارتىناتتى، كۆزلىرى بىر ئاز قىسىلغان بولۇپ، كالپۇكىنىڭ چەتلىرىدە ھاياجانلىق كۈلكىسى جىلۋىلىنەتتى. تونۇسايىم بولسا، باشقىچە، مەن ئۆرۈمچى ئايرودرومىدا كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاشلا مەغرۇر ئىدى. قەددىنى تىك تۇتۇپ زوقىقا تولغان كۆزلىرى بىلەن بىزگە ئەمەس، كۆپرەك شەھەرنىڭ كەچكى گۈزەللىكىگە، ئۆتكۈنچىلەرگە قاراپ قوياتتى، ھېچنېمىنى پەسەنتكە ئالمىغاندەك بىپەرۋا كۆرۈنەتتى.

مەن مەتسايىتنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدىم.

— بىز سىزنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى قىز چىرايلىق ئۇزۇن بويلىرىنى مەن تەرەپكە بۇراپ. قىزنىڭ بويىنىدىكى مەرۋايىت كۆزلۈك يېشىل زۇننار ۋاللىدا چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ، — دېدى مەتسايىت قىزنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ، — كۆرمەمسىز بۇ ئىشنى. ئۆرۈمچىدە ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا، تونۇسايىم: «ئاپلا، تازىمۇ ھاڭۋاقتىلىق قىلىپتىمىز ئەمەسمۇ، مۇخبىر يولداشقا رەھمەت - ھەشقاللا دېگەن گەپنىمۇ قىلماپتىمىز» دېدى. خوتەن ئايرودرومىدا ئۆرۈمچى ئايرودرومىدىكى ھېلىقى دوستىمىز بىزگە تېلېفون بېرىپ، سىزنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن يولغا چىققانلىقىڭىزنى، بىر ئىككى كۈن كېچىكىپ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلغان ئىدى. سىزنى ساقلىشىمىزدىكى مەقسەت قۇمۇلۇقتىكى ئۆزىمىزنىڭ بوستانلىقىغا سىزنى تەكلىپ قىلماقچى...

— راستمۇ، بەك ئوبدان گەپ، — دېدىم مەن. تونۇسايىم ئىززەت - ئىكرام بىلەن دېدى:

— تەكلىپ قىلساق، بىزنىڭ مەھەللىگە بارارسىزمۇ؟

— بارىمەن، نېمىشقا بارمايدىكەنمەن.

— بېرىڭ، كۆرۈڭ، — دېدى قىز، — بارمىسىڭىز، ئارماندا قالىسىز. لېكىن، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھازىرغىچە نېمە ئىش قىلغانلىقىمىزنى كۆز - كۆز قىلىش ئەمەس، بەلكى، ئالەمنى كېزىپ كەلدۇق، ئەمدى نېمە ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى دەپ بېرىش.

بىز كۈلۈشۈپ، بۇ گەپنى ماقۇللىدۇق. مەتسايىت دېدى:

— ئۇنداق بولسا ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئەتىلا يولغا چىقىمىز، زېرىكىپ قالمىغايمىكىن دەپ ئەنسىرىدەك، مەشرەپلەردىن زېرىكىسىڭىز، شاڭخەيدىن سىنئالغۇمۇ ئەپكەلدۇق، قويۇپ بېرىمىز...

— ياخشى، ياخشى، مانا يېڭىلىق دېگەن!

— ئەمىسە گەپ شۇ. ئەتە يولغا چىقىمىز.

— ئەتىلىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى مەتسايىت، — بوۋام قۇرۇلتاينىڭ نەتىجىسى چىققىچە قايتمايمەن، سىلەر كېتىۋېرىڭلار، دەپ ئىجازەت بەردى...

— ئوھو ... مۇنداق دەڭ روزىمەت تاغام يەنە ۋەكىل ئىكەن - دە؟

— ئەلۋەتتە...

بىز ئۇلار بىلەن بىللە، ئېلېكتىر نۇرىغا چۆمۈلگەن مەجنۇنتاللىق سالقىن كوچىدا يېرىم سائەتچە سەيلى قىلىپ، ئەتە كۆرۈش-

دىغان بولۇپ خۇشلاشتۇق.

بۇجاڭ مېنى ئىككى قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مېھمانخانىنىڭ بوستانلىق ھويلىسىدا ۋەكىللەر سەيلى قىلغاچ، ئۈچتىن - تۆتتىن غۇجىدەكلىشىپ ئىمىنىدۇر قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. بىر ۋەكىللەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ 2 - قەۋەتكە كۆتۈرۈلدۇق. كۈتۈۋچى ئايال ۋاقىتلىق قونۇپ تۇرۇشقا بولىدىغان بوش ئورۇن ئىزلەپ بىر ھازا ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، مېنى بىر ئىشىكتىن كىرىدىغان ئىككى خانىلىق ئازادە ئۆينىڭ تاشقارقى خانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە بىر بوش كارۋات، ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلار بار ئىدى.

— خوش، سىزگە يەنە نېمە لازىم؟ — سورىدى بۇجاڭ.

— ھازىرچە ھېچنېمە، ئەتە كۆرۈشەمدۇق.

— ئانداق بولسا سىز ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ئەتە چۈشتىن بۇرۇن مەن بىرئاز ئالدىراش، ئېھتىمال سايلام بولۇپ قالارمىكىن، چۈشتىن كېيىن سىزنى ئىزلەيمەن...

بۇجاڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى رەتلىگەچ، ئۇنىڭ مەتنۇر ھاكىم توغرىسىدا دەپ بەرگەن گەپلىرىنى يادىمغا ئالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ يېرىچۇغىدىن بىر كىشىنىڭ:

— ياق، ياق! ئوچۇق سۆزلىشەيلى، گەپ يۈزدە بەلەن، ئۇسۇل تۈزدە. ئارىمىز ئوچۇق بولسۇن. ھەق ئالمايمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بولمىسا، تېخنىكا پونكىتىدىكى خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ ماڭىلا كېلىڭ. 80 كوي مائاش ئالىمەن دېدىڭىزما؟ بولىدى مەن 120 كوي بېرەي. ياق دېمىسىڭىز توختام تۈزەيمىز. ھازىر ماڭا زۆرۈر بولۇۋاتقىنى سىزنىڭ ئاشۇ ھۈنىرىڭىز، ئاگرونوملىقىڭىز، — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى.

— ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، — دېدى قارشى تەرەپ بوغۇق ئاۋازدا، — مەن بولسام دۆلەت كادىرى. 9 كەسپىي ئائىلىگە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم. مەتنۇر ھاكىم بۇ ھەقتە ...

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى، — ھازىر مەسلىھەتچىلىك بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ. ھۆددە توختىمى تۈزۈش مۇھىم، پايدا - زىيانغا تەڭ ئىگە بولىمىز. ھازىر مەن سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزگە مۇھتاج. شۇ سەۋەپتىن ئائىلاج 2 - نەۋرەمنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا 3 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتىۋەتتىم. يىراقنى كۆزلىمىسەك بولمايدۇ - دە! بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي تۇرغاندا، بۇ ئىشنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر كەلگەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. بوپتۇ، ئوقۇپ كەلسۇن. لېكىن، ئۈچ يىلغىچە قاراپ تۇرالمايمەن، سىز مېنى چۈشىنىڭ، قولىمىزدا ئېنىق توختامنامە بولسۇن...

— سىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، زىرائەتلەرنى تەكشۈرەكچى بولۇۋاتىلىغۇ؟ مەن مۇشۇ ھەقتە...

— بۇ، مەتسايىتنىڭ پىكرى، — دېدى ھېلىقى كىشى، — ئۆزىڭىزگە مەلۇملۇق، بۇ يىل بىز «يۈز مىڭ جىڭ» لىق ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق، بەگ ھاجىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېتە - قوپا بىر قوتان چارۋىمۇ قىلدۇق، 20 مولۇق باغمۇ مېۋىگە كىردى. ھەپتىدە يېرىم ماشىنا توخۇمنىمۇ بازارغا ئاپىرىۋاتىمىز. بۇ نەرسىلەر ئەينى چاغدىكى بىر شياۋدۈينىڭ ئومۇمى كىرىمىدىن كەم ئەمەس. لېكىن مەتسايىتنىڭ كاللىسىغا باشقا بىر پىلان كىرىپتۇ، ئۇ ئاشلىقنى تېرىش بىلەن بىللە، مۇھىمى، ئۇزۇن تاللىق پاختىغا مەخسۇسلىشىشىمىز كېرەك، — دەيدۇ. بۇ گەپتە مەنا

www.uyghurkitap.com

بار. ھساپلاپ كۆرسەك، ناۋادا ئۇزۇن تالا-
لىق پاختا تېرىشـتا مەخسۇسلاشـقان، ساپ
كىرىم ئالىشلىقتا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئاشـ-
دىكەن. لېكىن پاختا بازىرى ئېتىك بولغىنى
بىلەن نازۇك نەرسە، ھـالالـلىقنى تەلەپ
قىلىدۇ. تېرىشتىن ـ يىغىشقىچە نۇرغۇن ھۈنەر،
ئەمگەك كېتىدۇ، بۇ ھەقتە تېخى بىر مەسـ-
لىھەتكە كېلەلمەيۋاتىمىز. مەن گەپنى ئوچۇق
ئېيتاي، ناۋادا سىز بىلەن توختام تۈزەلىسەك،
ئالدى بىلەن سىز بىزنىڭ ئۇ يەرنىڭ تۇپرى-
غىنىڭ زادى نىمە تېرىشقا باپ كېلىدىغان-
لىغىنى، قىسقىسى، كېلەچىگىنى ئېنىقلاپ بېرى-
سىز. توختامنامىغا مەتنۇر ھاكىمنى گۇۋا قىلىمىز،
مەن سىزگە مۇئاشىڭىزدىن تاشقىرى ئايىغۇ ـ
ئاي ھەق تۆلەيـمەن، پىلانىمىز ئورۇنلانسا،
ھاسىلاتىمىز ئاشسا، بىر مۇسۇلمان ئادەم،
كەلمىشلىكىڭىزگە ھەرگىز قارا سـىنمايـمىز،
ئەجرىڭىزنىڭ ھەققىنى كۆرىسىز...

ـــ مۇكاپاتى بار دىسىلە.

ـــ ئەلۋەتتە.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنـدە، تاشقارقى
ئىشىك «غاچ» قىلىپ ئېچىلىپ، مەن تۇرغان
خانىغا ئىگىز بويلۇق، بومبا ساقاللىق بىر كىشى
بىلەن قۇندۇزدەك قاپ ـ قارا بۇرۇتـلىرىنى
يالـماپ ياپ ـ ياشـلا ئىـككى كىشى كىرىپ
كەلدى.

مەن ئۇلارنىڭ بەستلىك كۆكرىگىدىكى
«ۋەكىل» دىگەن خەت يېزىلغان قىزىل لېنـ-
تىنى كۆرۈپ ئېتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ-
لار نىمىگىدۇر ئالدىراۋاتـقانىدەك قىلاتتى.
شۇڭا، ماڭا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويۇشتى-
دە، ئۇدۇل ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى
ياپتى. بىر پەستىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن
ئوپۇر ـ توپۇر قىلغان ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭـ-
لاندى ۋە ئۈچ كىشى بەش بولۇپ، ئۆي
ئىچىدىن ئالدىراپ تالاغا چىقىپ كېتىشتى.

ئىچكىركى ئۆيدىن چىققان ئىككى ئادەم
مېنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى، مەن ئۇلارنى
يان تەرىپىدىن كۆردۈم، بىرى، تەبىئەت
ئاجايىپ سېخىلىق بىلەن ئىككى كىشىلىك
قەددى ـ قامەت، مەزمۇت ئۇستىخان ئاتا قىلـ-
غان ئاپـپاق ساقاللىق مويسىپىت كىشى ئىـ-
دى؛ يەنە بىرى بولسا، مويسىپىت كىشىنىڭ
دەل يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان ئورۇق ئەت،
چىچەك يۈزلۈك كىشى ئىكەن.

«بۇنىسىغۇ جەزمەن ئاگرونوم مـىجىت
بولسا كېرەك، ـــ دەپ ئويلـىدۇم مەن چىـ-
چەك يۈزلۈك، ئورۇق ئەت كىشى توغرىسىدا، ـــ
ئاۋۇ كىشىچۇ، ساقاللىقى. بۇ كىم بولغىيـ-
دى، مەتسايىتنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانىغا
قارىغاندا، «يۈز مىڭ جىڭچى» شۇ ئەمەسـ-
مىكىن، بايىقى گەپلەر ئاشۇ كىشىنىڭ ئاغزى-
دىن چىققانمىدۇر ـ ھە؟ ...» كۆڭلۈمدە نۇر-
غۇن ئالامەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ بايىقى ئاق-
ساقالنى «روزىمەت تاغام مۇشۇ كىشى بولسا
كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن
دىدارلىشىشنى ئۈمىت قىلىپ خىيالغا چۆكۈپ
قاپتىمەن. بىر كەمدە تاشقارقى ئىشىكنىڭ
«غاچ» قىلغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى.
ئىشىكتە بايىقى قامەتلىك ئاقساقال كۆرۈندى.

مەن ھۆرمەت بىلەن ئىتتىك ئورنۇمـ-
دىن تۇردۇم. 70 تىن ھالقىغان ئادەمـدە
مۇنچىلىك تىك قامەتنىڭ بولۇشى ھەيران
قالارلىق ئىش. بېشىدىكى گۈللۈك دوپپا،
ئۈستىدىكى ياقىسىغا كىر تەگمىگەن ئاق يەكـ-
تەك، تۆمۈر رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن يېلىڭ
تون، پۇتىدىكى ئارا پاشىنلىق خۇرۇم ئۆتۈك،
يەكتىگى ئۈستىدىن باغلىغان مەللە رەڭ شايى
بەلۋاغ ھەممە كۆكرىگىدە يالتىراپ تۇرغان
قىزىل لېنتا ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس سۆلەت
بېغىشلىغان ئىدى. يۈزلىرى قىپ ـ قىزىل
بولۇپ، يېرىك، ھۆرپىيىپ تۇرغان ئاپپاق

قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ساددا، لېكىن زىرەكلىك بىلەن يېنىپ تۇراتتى.

ئۇ، ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ ماڭا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، ئىچكىركى خانىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى - يۇ، - بىردىن توختاپ، يەنە ماڭا قاراپ بۇرۇلدى:

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرۇۋەرسىلە، ئەپەندىم. ئۆزلىرى يىراقتىن كەلدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، — دېدىم مەن.

— ئۈرۈمچىدىن؟ — ئاقساقال «ئۈرۈمچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ قالدى، — ماۋۇ ئىشنى. ئۈرۈمچى دېدىلە ما؟ بىز كۆرمىگەن شەھەر. خوش، مەن بىر نەرسىنى سوراي، ئۇ يەردىمۇ كاككا سېتىۋالماق شۇنداق تەسمۇ؟ مەسىلەن، يېگىسىنى - دە.

بۇ سوئالغا مېنىڭ تەييارلىغىم بولمىغاچقا، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ئاقساقال دېدى:

— قانداق قىلىدىغان ئىشكىن - تاڭ. چوڭ ئوغلۇم مەتتوختى، ئوتتۇرانچىسى مەتتۇرسۇن قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگىمۇ باردى. ھېچ ئىش چىقىرالمىدى. ئۆتكەن يىل خوتەندىن بىر ماشىنا سېتىۋالغان، ئىشلىتىپ يۈرىمىز. شۇغىنىسى، كونىراق ئىكەن، ئارا كۈندە ئالتە قېتىم يامايدىغان گەپ. كونا ماشىنا بىلەن بىر تراكتۇر نىمىگە دال بولدۇ دەيلا، مەن بۇ توغرىلىق مەتنۇر ھاكىمغا يەنە دېمىسەم بولمىدى. خوپ، ئۆزلىرى ئۈرۈمچىدە نېمىش قىلىلا؟

— مۇخبىر.

— مۇخبىر؟ — ئاقساقال «مۇخبىر» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ، بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ سالمىغىدىن ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى:

— بىلىمەن، بىلىمەن، ئىككى - ئۈچ يىل بولدى، مۇخبىرلار بىلەنمۇ ئوبدان تونۇش بولۇپ قالدۇق. گېزىتكىمۇ، رادىيوغىمۇ نام - ئەمالىمىزنى چىقاردى. بالايىمۇۋاقىلارنىڭمۇ سۈرىتى بېسىلدى تېخى! شۇغىنىسى، مۇخبىرلار بىزنى تازا چۈشەنمەيدۇ - دە، ئەتىيازدىكى گەپ كۈزدىكى نەپ بىلەن ئۆلچىنىدۇ، يىل ئاخىرىغا قارايمىز - دە. ئەمما مۇخبىر ئەپەندىلەر ئايدا، ئىككى ئايدا بىر قېتىم مېنى ئىزلەپ:

— ھە، تاغا، ئىشلار قانداق؟ ھاسىلات نەچچە؟ — دەپ سورايدۇ. كېيىنكى چاغلاردا مەن ئەتىيازدا گېزىتكە چىقارغانلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ:

— ھاسىلات نەچچە بولاتتى، چۈجە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، كۈزلۈككە كۆرۈشەيلى، دەيدىغان بولدۇم.

ئاقساقال شۇ گەپنى دەپ ياش يىگىتتەك ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە يەنە ماڭا قاراپ:

— قانداق، دۇرۇست دەپتىمەنمۇ؟ — دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم:

— سىلى روزىمەت تاغامغۇ دەيمەن.

ئاقساقال تەمكىنلىك بىلەن ماڭا قاراپ قويدى:

— بۇنىڭغا خۇدا ئۆزى گۇۋا، ئىنشائاللا روزىمەت ئاخۇن بولىمەن.

مەن ئەڭ قىزىقىۋاتقان بىر ئىشنى، مەتنۇر ھاكىمنى تىلغا ئالدىم:

روزىمەت تاغا، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا مەتنۇر ھاكىمنىڭ سايلىنىشىدىن ئۈمىت بارمۇ؟

روزىمەت تاغا «يالەت» قىلىپ ماڭا بىر قارىۋېلىپ، بىردىنلا ئورۇندۇقنى غاچىرلىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئىككى قېشى جۈپلىشىپ، پېشانىسىدا ئوتتۇرا بارماق تەك

قاپارتما پەيدا بولدى، ئىككى قولى بىلەن سارجا تون ئىچىدىكى بەلۋاقنى قىسىپ تۇتۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، كۆزىدە چوڭقۇر ئىشەنچنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بىر خىل نۇر پارقىراپ كەتتى:

— ئۈمىت، نىمە ئۈمىت! ئۈمىت بولمىسا بىر 497 نەپەر ۋەكىل بۇ يەردە نىمىش قىلىدىغان ئادەم! — ئۇ، گۈس، گۈس دەسسەپ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ توختىدى، — ئاڭلاپ قويۇڭ، بىر جىمى ۋەكىل خىيالىمىزنىڭ تۈگۈچىنى بىر يەرگە جەملەپ گەپنى پىشۇرۇپ قويدۇق. مەتنۇر ھاكىمنى نامزات قىلىپ كۆرسىتەمدۇ، كۆرسەتمەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق! بىزگە لازىملىقى ئاشۇ «سايلام ساندۇغى»، ھەممە كارامەت شۇنىڭ ئىچىدە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى بىزدىن كىم تارتىۋالالايدىكەن؟ ئۇخلاپ چۈشى! ئاشۇ «سايلام ساندۇغى» لا بولىدىكەن، مەتنۇر ھاكىم يەنىلا ھاكىم بولىۋېرىدۇ...

*

تەخمىنەن 15 كۈندىن كېيىن مەن ئۈرۈمچىگە قايتماق بولۇپ خوتەن ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدىم. ئىش يەنىلا ئوڭىدىن كەلدى. ئايرودرومدا خۇددى مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن پىشقەدەم پروفېسسور ۋە ئالىمجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئالىمجان تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئىشىگىدە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. مەن پاسساژىر ئايروپىلانىغا بېلەت ئالغىنىمغا قارىماي، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئالىمجان قىزغىنلىق بىلەن قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— مەن بىر نەرسىنى سوراي، چىك، ئېيتىڭە، تونسايىم بىلەن مەتسايىت قاندىداق، روزىمەت تاغام تىمەن تۇرۇپتۇمۇ؟ ھە، چىك. يورۇقاشنىڭ سۆيىنى باشلاپ كېلەلەپتىمۇ؟ — دىدى.

— ئەلۋەتتە، — دىدىم مەن. ئاندىن پىشقەدەم پروفېسسورنىڭ تەقەززاسىغا جاۋابەن، قوملۇقتىكى يېشىل مەرۋايىت توغرىسىدا ھىكايە قىلىشقا باشلىدىم...

1984 - يىل، 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.

---

(بېشى 17 - بەتتە)

«قىزىم» نىمە دىگەن يېقىملىق سۆزھە! ئانىسى ئۇنى دائىم شۇنداق چاقىراتتى، دادىسى ئۇنى دائىم شۇنداق ئەركىلىتەتتى.

«قىزىم» دىگەن بۇ سۆزنى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ئۇ قانچىلىك ئارزۇ قىلغان ھە! ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلىكىگە كۆز ياش قىلغان ئىدى، خىزمەتتە توسالغۇغا دۇچ كەلگەندە مەيۈسلەنگەن ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭغان يولىدىن قايتمىدى، يەنىلا ئۆزىنىڭ جوزدەك ياشلىق باھارىنى خەلقتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراققا بېغىشلاش ئىرادىسىدىن قايتمىدى. ئۇ ئاخىرى كىشىلەر قەلبىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالدى.

كەۋسەر كۈلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا كۈلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى بەختلىك كۈلكىسىدىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدايتتى.

**ئارزىگۈل بىلال** 1961 - يىلى 11 - ئايدا ئاقسۇ شاياردا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۈرۈمچىدە تۈگەتكەندىن كېيىن، 1979 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەرجىمانلار باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ.

«تەبەسسۇم» ئاپتورنىڭ تۇنجى ھىكايىسى.

# ئاھ، مېنىڭ خەلقىم!

(داستان)

ئەتە بولماس ئۆز قولۇڭدا ئاچقۇچۇڭ،
ئەل بېشىغا چاچقىن بولسا ئالتۇنۇڭ.
شەيخ سەئدى

ئارسلان

1

شۆھرەت ئالىمگە قىلمايمەن ھەۋەس،
ساڭا شان بېغىشلاش تىلىگىم پەقەت.
ئاھ، نىچۈن تۇتقۇزدى قەلەمنى ماڭا،
تۇتقۇزماي ئالماستەك قىلىچنى قىسمەت.
كارامەت كۆرسەتكەن بولسا ئالەمنىڭ —
سەركەردە ـ شاھلىغىن بېرىپ بىر پۇرسەت.
شۇ تاجنى تاقايتتىم بېشىڭغا خەلقىم
ئايدەك، نە ئاي، پارلاق قۇياشتەك ئەبەت.
ئاتامسەن، ئانامسەن نە ئاتا ـ ئانا،
ئانامغا ئانىسەن، ئاتامغا ئاتا.
شاھلارنىڭ شاھىسەن، ئاھ، مېنىڭ خەلقىم!
زېمىنغا پەرزەنتسەن ھەمدە باشپانا.
ئۆستۈردۈڭ مىليونلاپ ئەۋلاتلارنى سەن،
ئۇلارنىڭ چۈشىدە تاڭدەك يانىسەن.
كۆڭلۈڭ كەڭ، ئاسماننىڭ كەڭلىكلىرىدەك،
دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك ئاتا ـ ئانىسەن.
شۆھرەتنىڭ سەن ئۆلمەس ئۇلۇق ئەۋلادى
ئانا يەر، ياقۇت يەر مەستانىسى سەن.
ۋەتەن تەقدىرىگە ئۆزەڭ ھۆكۈمران،

قەلبلەر قىبلىسى، ئاستانىسى سەن.
شەرىپىڭ يۇلتۇزلار يۈكسەكلىكىدە،
شەۋكەتلىك شەرقتە قىلىسەن جەۋلان.
لاۋۇلداپ قېنىڭدا ئەركىنلىك ئوتى
مىڭ يىللار داۋامى زۇلمەتنى يارغان.
ئىزىڭدىن يارىلىپ كەلمەكتە تارىخ،
ئاچىسەن كۆكسۈڭدە يوللار كۈن ـ تۈنى.
سەن ئۆتمۈش، سەن تارىخ ۋە سەن كەلگۈسى،
كەلگۈسى ھۆسنىدە گۈلزار گۈلگۈنى.
سەن بىلەن بىرگەۋدە پاكلىق، گۈزەللىك،
ساڭا يار ئادىللىق، ئۇلۇغلۇق ئەبەت.
سەندە بار تۈزىماس ياشلىقىڭنىڭ روھى،
ئاسماندەك يۈكسەكلىك، يەردەك سەلتەنەت.
سەن ھايات ئۇپۇغىدا بالقىغان قۇياش،
نەزىرىڭ ئۆتكۈردۇر ئاپتاپتەك گويا.
ئىشقىڭدىن تۈنىدىمۇ ئويغىنار دىللار،
قەھرىڭ ئوت بورانى ۋە گۈلدۈرماما.
مېھرىڭنىڭ ئۇچقۇنى چۈشكەن قايسى دىل
باشقا بىر مېھرىگە بېرىلەر بىردەم.
ئاھ، خەلقىم، يولۇڭغا سالىمسۇن سايە

پاجىئە، جاھالەت، قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم.
چېنىمنىڭ قىممىتى سېنى سۆيۈشتە،
سەن بەردىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى ماڭا.
سەن بەردىڭ راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈكنى،
مەن بېرەي ئۆمرۈمنىڭ نۇرىنى ساڭا.
ئاھ خەلقىم، باھارنى يۈرسەن باشلاپ،
تىلەيسەن ئىنسانغا خوشاللىق بەخت.
مەندىكى ھەر نەپەس بىر سەن ئۈچۈندۇر،
يۈرىگىم ساڭا تەخت، قوينۇڭ ماڭا تەخت.
سەن ماڭا دۇنيانىڭ چوڭ مۇكاپاتى،
تارتۇقتۇر بەختىم ۋە تەقدىرىم ساڭا.
دانكودەك① سۇغۇرۇپ يۈرىكىمنى مەن
ئوتىدا يورۇتاي يولۇڭنى ئانا.

2

مەن ساڭا قانماستىن قارىسام خەلقىم،
كۆپ ئىشنى ئەسلىتەر تونۇش قامىتىڭ.
كۆرۈنەر قىسمەتنىڭ قىلمىشى بىر ـ بىر،
باتۇرلۇق، بۆلۈنۈش، ئاپەت، ئامىتىڭ.
ئالدىمدا چېكى يوق تارىخ يىللىرى
بىلمىدىم قەيەردىن قەيەرگە بارار.
تورانىنىڭ، تارىمنىڭ تۈزلەڭلىكىدىن
كۆرۈنەر بىر خەلق مەغرۇر، جەڭگىۋار.
ئىزى بار قەدىم تاش قورال دەۋرىدە
ھالقىيدۇ بىر يېرىم مىليون يىلدىنمۇ،
تېپىلدى مەدەنىيەت خارابىلىرى
ئېگىز تاغ، يارلىقتىن، قاقاس چۆلدىنمۇ.
قەدىمي ئادەم ۋە يېڭى ئادەمگە
تەئەللۇق سۆيەكلەر تېپىلدى تالاي.
تېپىلدى تاشلارغا ئايلانغان كاللا،
تاش پىچاق، تاش نەيزە، تاش ئوق ھەددە ياي.
بۇنىڭدىن يەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرى،
شۇ خەلق بۇ يەردە تېرىغان ئاشلىق.
يۇڭ ئەديال، ئۈكىيلىك تۇماق، كۆن ئۆتۈك،
قاش تېشى، مارجاندا بېزەلگەن ياشلىق.
بىلەتتى ئۇلار ھەم يىپەك ئېلىشنى،
قەدىمي قەۋرىلەر بەك خالىس گۇۋا.
مىس جابدۇق، مىس ئەينەك، تۆمۈر قۇراللار،
كۆمۈلگەن جەسەتكە قىلىنغان ھەمرا.
ھون، ياۋچى، ساك، ئۇيسۇن قەبىلىلىرى
ئەسلى شۇ خەلقنىڭ ئەجدادى قانداش.
ئوخشىشىپ تۇرسىمۇ تىل ۋە ئادىتى
ئۇلار گاھ دۈشمەن، گاھ ئىدى قېرىنداش.
ئالدىدا روران ۋە ئۇرخۇن سېپىلى
تۇرار شۇ ئەل سېپىل تاشلىرى ئارا.
تۇپراققا تامغۇزۇپ كىندىك قېنىنى
كەلگەن ئۇ بالىدەك ھۆددۈرۈپ گويا.
ئىزلىرى قالغان تاغ ئوتلاقلىرىدا
يېزىلار، خارابە، شەھەرلەر ئارا.
ئىزلىرى قالغان كۆپ تاش ئابىدىلەر
پۈتۈكلەر، كىتاپلار، گۆھەرلەر ئارا.
كېلىدۇ نامى مۇز ئېقىنلىرىدىن،
كۆك ئورمان، كۆك دالا چۆللەر كۆكسىدىن.
كېلىدۇ ئوردىلار ۋەيرانىسىدىن،
شامالدەك شوخ سۆيۈپ باغلار ھۆسنىدىن.
بۇ ئەل بار زېمىننىڭ تەزكىرىسىدە،
قەدىمي قوشاقتا كۆپ رىۋايەتتە.
باغرىغا بېسىپتۇ ئاسىيانى ئۇ
ئانىغا ئاتالغان پاك مۇھەببەتتە.
دۇنياغا بەردى كۆپ يۇلتۇزنى بۇ ئەل،
تارىخنىڭ ئۈپۈقىدا ئەبەدى پارلار.
نادان ھەم رەھىمسىز يىل ھاكىملىرىدىن
ئۆتكۈزدى ئۇلارنى تۇلپار، زۇلپىقار.
ئۇلار كۆپ يېزىقنى ئەيلىدى كەشىپ،
كۆپ باسما قېلىپنى ياسىدى نەپىس.
شۇ يېزىق بېسىلغان توپ ـ توپ كىتاپلار
قالدۇردى قانچىلاپ كۆڭۈلدە نەقش.
قۇدرەتتە ۋاقىتنىڭ يوقتۇر تەڭدىشى،
ھاياتلىق، مەۋجۇدات ئۇنىڭ جىلۋىسى.

① دانكو ـ ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ يول ئاچقان، ئەپسانىۋى قەھرىمان.

ھېكمەتتە ئەقىلنى قىلىدۇ خىرە،
ئالەمنى يېڭىلار ئۇنىڭ سىلىجىشى.
ئەگىشىپ ۋاقىتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە،
قان ـ لايدىن بېشىنى كۆتەردى بۇ ئەل.
ئېيت، يوللار شاھىدى قەدىمىي قۇياش
سەپەرگە تۆلەندى قانچىلىك بەدەل؟
تىڭشاپ ئىپتىدائى ھېكايىلەرنى،
چېكىمەن قەدىمىي ھىسلار دەردىنى.
شۇ ئەلنىڭ ئەۋلادى، سەن ئۆزەڭ خەلقىم،
بىلىسەن مۇھەببەت ـ نەپرەت قەدرىنى.
سەن مەنسۇپ زېمىنگە، ئىنسانىيەتكە،
سەندە بار ۋىجداننىڭ مۇقەددەسلىگى.
يۈرىگىڭ ئادالەت، ھەقنىڭ ۋەتىنى،
سەندە بار مەقسەتنىڭ يېمىرىلمەسلىگى.

*

ئويلايمەن تىكىلىپ ساڭا مەن خەلقىم،
چىكەڭنىڭ قورۇغى قېلىچ ئىزىمۇ؟
قەلبىڭدە ئىشەنچىنىڭ، ئۈمىتنىڭ ئوتى،
كۆزلىرىڭ جىلۋىسى ۋىجدان سۆزىمۇ؟
كۆز ئېچىپ بىر ئوغۇل چۈشكەندە يەرگە،
يەر ئانا «ئەر ـ قۇت» دەپ كۈلۈپ كېتەرمىش.
يەر دەپ ئەر ئات مىنسە قېلىچ ئوينىتىپ،
يولىغا پاك قىزلار گۈللەر تۆكەرمىش.
مەن باقسام سەن ياشاپ كەلگەن بۇ يەرگە،
سېھىرلىك سۈرەتلەر بولار نامايان.
جەنۇپتا كوئىنلۇن كۆككە سىر ئېيتار،
قاشتېشى جۇلاسى رەڭدار ئوت ياققان.
تەڭرى تاغ ئايرىيدۇ شىمال، جەنۇپنى،
زەر، ئۇران، رادىغا غەزنە بۇ ماكان.
دۇنيانىڭ ئۆگزىسى پامىر تاغلىرى
كوئېنلۇن ۋە تەڭرى تېغىنى چاتقان.
بۇ ئۈچ تاغ ئارىسى تارىم ئويمىنى،
بۇندا بار تىلسىملىق يۇرت تەكلىماكان.
بۇ چۆلنىڭ چېتىگە تەتىللا يايغان
زۇمرەتتەك ساناقسىز چوڭ ـ كىچىك بوستان.

قوشۇلغاچ بېھساپ تاغ ئېقىنلىرى،
تارىم دەرياسىدا گۈكىرەر قىيان.
غەرپتىن ـ شەرققە چاپار بۇ دەريا،
ئايىغى لوپنۇرنىڭ كۆلىگە مېھمان.
بۇ يۇرتنىڭ مەشرىقى شىمال يېقىدا
ئالتۇنلار دۆۋىلەنگەن ئالتاي تېغى بار.
تەڭرىتاغ ھەم ئالتاي تاغلىرى ئىچرە
يالتىرار ئۈچ قىرلىق ئويمانلىق جۇڭغار.
ئويماندا مەرۋايىت شېغىللىق گوبى،
ئەتراپى كەشتىدەك بوستان ۋە يايلاق.
ئاستىدا دېڭىزدەك قاينار يەر يېغى،
قاراماي داڭقىغا تونۇش ھەممە ياق.
جەملىنىپ ئېقىنلار ئاق دولقۇن ئاتار
ئېرتىش دەرياسى قوينىغا تولۇپ.
شىمالىي ئوكيانغا قۇيۇلار ئېرتىش،
قۇتۇپنىڭ مۇزىنى ئېرىتمەك بولۇپ.
شىمالىي قېتىغا تەڭرى تېغىنىڭ
گۈل چاچار ئېلىنىڭ سۈيى شاقىراپ.
شۆھرەتلىك شۇ تاغنىڭ ئوڭ، سول يېقىدا
چايقىلار سايرام ھەم باغراش پاقىراپ.
بۇ يۇرتتا ئېكىنزار دورار دېڭىزنى،
چارۋا سان تالىشار يۇلتۇزلار بىلەن.
شەھەرلەر ھاياتى قاينار تاشقىنلاپ،
خۇشپۇراق تارقىتار مېۋە، گۈلچىمەن.
بۇ يۇرتقا ئاسماندىن قۇت ياغار ئىمىش،
سانالغاچ ئاق كۆڭۈل بولۇش ئەزگۈ ئىش.
داسقىنى كەڭلىك بىر يوسۇن بۇ يەردە،
ئۆزلۈلمەس توي، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش.
چوڭ دېڭىز ئىككەنىمىش قەدىمدا بۇ جاي،
پەردەك ئاق دولقۇن ئۇسۇل ئوينىغان.
مەڭگۈلۈك مۇز بېسىپ ياتقان بۇ تاغلار
بوستانلىق قىرغاقمىش ھايات قاينىغان.
شېغىل، قۇم، لاتقا ۋە قىيا تاش ئىمىش
ھازىرقى سايلىق، قۇم، گوبى دۇنياسى.
ھۆكۈرەر، ۋاقىراز ئىمىشكەن تاشقىن
چىقىرىپ پىغان ۋە كۈلكە ساداسى.

دېڭىز ۋە قاش ئارا توشۇيدىكەنمىش
شاماللار مۇھەببەت بايانلىرىنى.
پارلاتقان جەننەتمىش بۇ دېڭىز، قىرغاق،
ئەجداتلار ئۆمرىنىڭ جاھانلىرىنى.
بەختنى كۆپ بەرمەس ۋاپاسىز تەقدىر
كېيىنچە كۆرسەتكەن تىلسىملىق ھۈنەر،
كۆك تىرەپ جەنۇپتا ھىمالايا تاغ
يامغۇرسىز چۆل بولۇپ قۇرۇپتۇ بۇ يەر.
پايانسىز ئۆزۈمزار — تەكلىك ماكانىمۇ
مازاردەك بارخانلىق قۇملۇق بولۇپتۇ.
تاشلارنىڭ تەپتىدىن ئوت يانغان ئىمىش
قىرغاقلار كۆيۈك تاغ بولۇپ كۆيۈپتۇ.
مىسىر قەقنۇسى ① كېلىپ كۆيۈپ ۋە
يالقۇنتاغ ئوتىدا ئىمىش تۆرەلگەن.
بۇ تاغۇ-تاشتىكى گىلەمدەك قىزىللىق
شۇ ئۆلمەس قۇش قېنى ئىمىش تۆكۈلگەن
ئۆلگەنمىش دېڭىزمۇ، باغمۇ ئادەمدەك،
كۆپىيىپ زېمىننىڭ قەۋرىلىك تۈسى.
ئاھ خەلقىم، كەتمەپسەن شۇندىمۇ تۈگەپ
قوغداپتۇ ھاياتنى قان-تېرىڭ كۈچى.
ئېرىپتۇ ئەجرىڭدىن تەسىرلىنىپ بەك،
مۇز تاغلار يۈرىكى ئاقتۇزۇپ دەريا.
ياراپتۇ تاغ-چۆلگە باغۇ-بوستانلار،
ئورمانلار، كۆك قەلئە، ياپ-يېشىل دۇنيا.
بۇلۇتلار پەردىسنى مەن ئېچىپ پات-پات،
قارايمەن تاغ-دەريا سەلتەنەتىگە.
تۈتەكلەر ئىچىدە چاقنايدۇ شەپەق
بۈركۈتلەر قونۇدۇ تاغلار تەختىگە.
ئاسمانغا كۆتىرەر تەڭرى كۆلىنى
بوغدانىڭ ئاق چاچلىق باشلىرى ئەبەت.
بۇ ياقۇت دۇنياسى، ئالماس دۇنياسى،
كارامەت كۆرسىتەر بۇندا تەبىئەت.

قۇياشقا ئەڭ يېقىن بۇ چوققا — تاغلار،
بۇ ئاپتاپ ۋەتىنى، شەپەق ئۆلكىسى.
بۇ يەردىن ئۆتەر ئاي، يۇلتۇز يولىمۇ
بۇلۇتنىڭ كۆز يېشى، چاقماق كۆلكىسى.
تۈندە كۈن ئۇخلىسا چوققىلار ئارا
ئاي قوپۇپ تۈنەيدۇ يېقىپ شۇ يەرگە،
ھەر سەھەر زەر چاچقۇ چاچىدۇ قۇياش،
شۇ يەردىن قوزغىلىپ ئۇلۇق سەپەرگە.
ئاي، كۈننىڭ بۇ شۇنداق سۆيگەن ماكانى،
قالدۇرار ئۇلار سۇ، مۇزدا قىياپەت.
ھەر تامچە شەبنەمدە جامىيشى بار،
ياڭرار ھەر دولقۇندا ناخشىسى ھەيۋەت.
ئىنسانغا كۆكتىن ئوت ئوغۇرلاپ بېرىپ
پرومىتى② جازاغا تارتىلغان چاغدا؛
تەڭرىتاغ كۆزىدىن بۇلدۇقلىغان ياش
بۇ يۇمشاق كۆڭۈلگە قوياشىمۇ ھەغدا؛
تەڭرىتاغ مەڭزىدىن ئاققان دەرياغا
پرومىتى ھىلىمۇ قارار ئۇرۇپ باش.
كاۋكازدا زەنجىربەند خادا تاشقا ئۇ،
قۇزغۇنلار چوقۇشىغا بەرمەكتە بەرداش.
كۆز سېلىپ دەۋرانلار مەنزىللىرىگە
پەلەككە يېقىنلاپ قىلىمەن خىتاپ:
كۇئېنلۇن، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرى
مىسلى ئۈچ قامۇس، ئۈچ تارىخىي كىتاپ.
تارىم ۋە ئېرتىش، ئېلى ئېقىنى
نۇر ئاققان، جان سۈيى ئاققان ئۈچ دەريا.
ئەلگە سۈت بەرگۈچى يۇرتنى سۇغۇرۇپ،
ئۆركەشلەر مىللەتنىڭ قەلبىدىن گويا.
يۇلتۇزلار مەڭزىنى سىلار چوققىلار،
سۆيۈشۈپ ئاقىدۇ بۇلۇت ۋە دەريا.
بەرقۇتىمۇ، تاۋارمۇ تاغلار كۆيىنگى
تاغ-دەريا ئۈستىگە قونغان كۆك دۇنيا.

---

① قەقنۇس — مىسىر ئەپسانىلىرىدىكى بىر خىل قۇش بولۇپ، مىسىردىكى قۇياش ئىلاھى رانىڭ روھى ئىمىش، بۇ قۇش ھەر بەشيۈز يىلدا مىسىرغا قايتىپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلدىن قايتا تۇغۇلارمىش.

② پرومىتى — قەدىمىي گىرىك ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان. ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىلاھى ئوت ئوغرىلىغانلىقتىن، كاپكاز تاغلىرىدىكى خادا تاشقا زەنجىر بەنت قىلىنغان، قۇزغۇنلارغا ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى چوقۇلاش بۇيرۇلغانىمىش.

www.uyghurkitap.com

سىلەردە بار قانچە سۆلەت، تەنتەنە،
ئېھتىرام ئاق چوققا، زەنجىر تاغلىرىم.
سىلەردە بار قانچە بايلىق گۈزەللىك،
مۇبارەك كۆك قىرغاق، گۈلگۈن باغلىرىم.
سىلەر ھەم مىللەتنىڭ كۈمۈش بۆشۈكى
ھەم ئالتۇن ئۇردىسى گۆھەر دىيارى.
ھەم تۇققان ئانىسى، باققان ئاتىسى،
ھەم ئۆلمەس ئۈمىدى، يۈرەك خۇمارى.
مىسلى زور خىزىنىسەن، ئاھ مېنىڭ خەلقىم،
ئالتۇنتاغ تۇرۇدۇ ئالقىنىڭ ئارا.
يۆلىنىپ تەڭرىتاغ، كوئېنلۇنغا سەن،
ھاياتىي داستانلار يازسەن گويا.
كەلگەچكە خۇي ـ پەيلىڭ شۇ تاغ ـ دەريادىن،
ئەركىنلىك، چىنلىقنى سۆيمەك ساڭا خاس.
گۈزەللىك سېھرىنى قىلسەن ئىجات
ئۆمرىڭگە ئىجتىھات، ماھارەت قورداش.
ئاھ، يىپەك يولىدىن بۇرۇن كۆپ زامان،
بۇ يەردىن جىق يوللار تارىغان ھەر يان.
بوغدانىڭ شىمالىي يېقىنى بىر يول
كەڭ يەنسەي ۋادىسى بىلەن باغلىغان.
ئۇلىغان بىر «تۆمۈر يولى» تۇرپاننى
چۇ، تالاس، سىر، ئامۇ دەريالىرىغا.
بۇ سودا مەدەنىيەت يوللىرى بويلاپ
ياماشقان ئەجدات يەن قىيالىرىغا.
بۇ يەردە يولنىمۇ، تۇرغان يېڭىلاپ،
ھاياتنى يېڭىلاپ تۇرغۇچى دۇنيا.
شۇ يەردىن ئېچىلىپ يىپەك يولى ھەم
شەرقنى، غەربنى قىلغان مەھلىيا.
«تۆگە ـــ چۆل كېمىسى» دىگەن ھەق ماقال،
يول ئېچىش ئۇدۇم تۆگە كارۋانلىرىغا.
لوككىلار بوۋىلار ئۇچۇن بولۇپ ئۆي،
نى قان ـ تەر ئاققان چۆل بارخانلىرىغا.
بۇ يولغا سىڭگەن كۆپ يىغا ھەم كۈلكە،
سىڭگەن كۆپ ئارزۇ ۋە ئۈمىت شولىسى.
بۇ يولغا تەۋە كۆپ رىۋايەتلەر بار،
ئۇلۇغلۇق، يېڭىشنى سۆزلەر تولىسى.

بۇ يولنىڭ قوملىرى ئۇۋۇلغان سۆڭەك،
چۈنكىدا كۆپ قىسمەت نەيرىڭى ـــ كەچمىش.
ئەجداتلار ئىزلىرى ياتار ئۇرمىشىپ،
روھلىرى چىرمىشىپ بەزمىلەر ئەتمىش.
بۇ يولنىڭ يىراقتا سوزۇلىشىدا
ئالەمنىڭ سېرىنى ئىزدىنىشلەر بار.
بۇ يولنىڭ داۋانلار ھالقىشلىرىدا،
كۆك يارغان پەللىگە ئىنتىلىشلەر بار.
بۇ يولنىڭ ئېقىنغا ئوخشاشلىقىدا،
دۇنياغا يۈرۈشلەر، تەلپۈنۈشلەر بار.
بۇ يولمۇ ھاياتتەك ئەگمىلەرگە باي،
قىسمەتتەك ئېگىز ـ پەس ھەممە بىقارار.
قارىساڭ بۇ يولدا كۆرۈنەر گويا
سودىگەر كارۋىنى، رەڭلەر دولقۇنى.
تىڭشىساڭ قۇلاققا ئاڭلىنار گويا
كۆچۈشلەر، يۈرۈشلەر جەڭلەر شاۋقۇنى.
بۇ يولدىن چاڭئەنگە بارسا تۇلپارلار،
كېلەتتى خۇنەننىڭ خۇشپۇراق چېيى.
كارۋانلار پۈتمىدىن سىڭگەن بۇ يولغا
ئوتتۇرا تۈزلەڭنىڭ توپىسى ـ چېڭى.
ئەجداتلار جۈرئىتى ئۆتكۈزدى ھەتتا
خەتەرلىك پامىردىن يىپەك يولىنى.
ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىغىمۇ
ئۇلىدى ئەقىل ھەم يۈرەك يولىنى.
شۇ يولدا قاتنىدى ئالىم، سودىگەر
ھىندىستان، يۇنان، رىم، مىسىرغا راۋان.
جەھلەنگەن كۆپ سۈدەك جەھلەندى بۇندا!
كۆپ دۆلەت ياراتقان ئىقتىسات، ئېرپان.

3

قارايمەن زەر زەنجىر ئاسقان ئۇپۇققا،
دەريالار ئاسماندىن چۈشەر ھۆكىرەپ.
بىلمەيمەن بۇلۇتتەك لەيلىگەن ئىسلار
قەدىمىي جەڭگاھتىن چىقامدۇ تۈتەپ.
ئورماندا شاخلارغا ئورنىغان توپا

يۈرۈشلەر تۇزۇتقان چاڭلارمىدۇ يا ؟
گۆكرەك شاۋقۇندىن ھۇجۇمچىلارنىڭ
«قوۋ!» دىگەن ئۇرانى ئاڭلىنارمۇ-يا ؟
تۆتەكتەك تەۋرىگەن باغۇ-بوستاندا
ئاشىقلار ئەۋلادى بارمىدۇ يۈرگەن ؟
كۆئىنلۇن، تەڭرىتاغ سەلتەنەتىدە
باتۇرلار قامىتى بارمىدۇ كۆلگەن ؟
ئەل نامى ۋىجدانىنى ئەيلەركەن ۋەتەن
شەرەپىنىڭ نۇرىغا پاك دىللار ماكان.
بۇ يەردە چاقناتتى كۆزنى جاسارەت
بويسۇنماس جان بولغاچ تەنگە ھۆكۈمران.
قېلىچلار، قېلىچلار كەتمىدى سۇنۇپ،
تۇلپارلار پۇتىدىن ئۆچمىدى چاقماق.
يىقىلىپ قالمىدىڭ خورلۇقلاردىمۇ
قانۇندۇر تۈن ئۆتسە يورۇق تاڭ ئاتماق.
ئاھ، ئۇزۇن ئۆمرۈڭنىڭ ھەر بىر يېشىدا
بار تالاي ئەسلىمە، خىيال، پۇشايمان.
مومىلار كۆز يېشى، بوۋىلار زارى،
ئەسىرلىك ئارزۇلار كۆتەرگەن ئىسيان.
بار ئەزگۈ نىيەتنى پاكلىغان چاقماق،
ئىرادەڭ سىنالغان گۆكرەك بوران.
بار تاغدەك سەپ تۈزۈپ، دەريادەك ئاقساڭ،
كۆپ گۆلدۈرمامىلار توۋلىغان ئۇران.
بار تالاي ئىپتىخار، غورۇر نىشانى،
ئۆچكەن چوغ گۈلخانلار، توختىغان قىيان،
بار تالاي خوشاللىق، ئۈمىت بەرگۈچى
قۇرۇماس دەريالار، تۈگىمەس ۋولقان...
ئۆتمۈشكە مەس بولغىن دىمەيمەن سېنى،
ئاز مەندە قەدىمىي جەڭگىۋۇ ھەۋەس.
ئىلگىرىلە، ئىراسلار ۋارىسى بولۇپ،
نەچچە مىڭ يىل ئىرپان ياراتماقمۇ تەس.
لوپنۇر ھەم ئۆتەكەن ئاۋات بولۇشتىن
باتۇرخان قۇدرەتكە تولغانغا قەدەر،
تىلىڭدا ئىلىپبە يارالغان چاغدىن
ئۆزەڭنىڭ خانلىقى بولغانغا قەدەر؛
كۆنەستە تېپىلغان مىس ھەيكەللەردىن
يەنسەيدە تېپىلغان مەڭگۈ تاشقىچە،
ئاتىللا، بۇغراخان يۈرۈشلىرىدىن
مەھمۇت ۋە يۈسۈپلەر كىتاپ ياپقىچە.
نەچچە مىڭ يىللىق بۇ تۆھپىلەر شەنى
سۆزلىگەن، يازغانغا بولمايدۇ ئادا.
باتۇر ھەم ئاتىللا، بۇغرا ئۈچ پىلانىت
مىڭ يىللاپ دۇنيادىن بولمايدۇ جۇدا.
جەڭگاھلار — شان-شۆھرەت بېرىش سەھنىسى
جەڭگاھلار — باتۇرلۇق قەبرىستانلىقى.
كۆمۈلەر قەۋرىستان، كۆمۈلمەيدۇ شان،
نۇر ئالار نەسىللەر گۈلىستانلىقى.
ئاخىرقى مەنزىلگاھ ئەمەستۇر ساڭا
قەدىمىي خارابە، شان مەدىنيەت.
لېكىن تىل، قىياپەت، مىجەز ۋە ئادەت،
يوقالماس ئۇنى ھۇل قىلماستىن پەقەت.
ئەجداتلار ئىزىدىن كەلمەكتە ئەۋلات
تىزىلىپ دولقۇندەك، تاغدەك قاتارى.
بولماس ھەم بۇ ئەۋلات ئالدىڭدا خىجىل
ئەي قەدىم يۇرت، قەدىم ئىرپان باھارى.

*

ئاھ خەلقىم بەستىڭگە قارىسام چۈشەر
باللىق چاغدىكى ناخشىلار ئەسكە.
ناخشىلار يېشىمنى سۈرتكەن قانچە رەت،
ناخشىدا چوڭ بولدۇم تولىمۇ تەستە.
ئاھاڭىڭ ئانىلىق ئەللىيى، كۈيى،
ئاۋازىڭ ئاتىلىق ياڭراق ئىلتىجا.
بورانلىق دەريالار شاۋقۇنى ناخشاڭ
تۈيغۇلار ئىسيانى ئەيلىنەر جاكا.
ناخشاڭنى توۋلايدۇ شاقىراتمىلار
يۈز غۇلاچ قىيادىن دولقۇن دۈملاپ.
ناخشاڭدىن ئويغىنار ئۇيقۇلۇق تاغلار،
دېڭىزلار ئۇپقۇنى قۇياشنى قوغلاپ.
سەن شۇنداق ناخشىدا تۆرەلگەن ئىدىڭ
شامالدىن، سۇدىن ۋە قۇشتىن كۈي ئېلىپ.
پارلىغان دالىلار، يېشىل ياپراقلار

ئۆگەتكەن ياشاشنى ئالتۇن ساز چېلىپ.
نەچچە مىڭ ئەۋلاتلار كەلدى ئاشۇنداق
ئالمىشىپ ئىز بېسىپ، ناخشاڭنى توۋلاپ.
دىيارنىڭ تىنىقى ناخشاڭغا ئۇدار،
ياشايسەن دىيارنىڭ تەقدىرىن ئويلاپ.
ناخشىلار سازىڭغا سېھىرلەنگەنمۇ
پىقىرار ئۇسۇلچى، تەۋرەر ھەر تەرەپ.
يۈرەكنى ئوينىتار ئۇيغۇر ئۇسۇلى،
كۆي، ئۇسۇل كەلتۈرگەن ساڭا كۆپ شەرەپ،
يىغىدىن ناخشىلار تۈزگەن چېغىڭ بار،
بەزىدە ناخشىنى يىغا قىلغان ھەم.
ئاشۇنداق يارالغان ئون ئىككى مۇقام،
خۇشاللىق كۆي بېرىپ، مۇڭ بېرىپ ئەلەم.
تاغ تىڭشار مۇقامنى ئويچان ئولتۇرۇپ،
دەريالار جۆر بولار شاۋقۇن كۆتىرىپ.
تۇمانلار تىزىلىپ ساما ئوينىشار،
بويلاپ تاغ-دەريانى كۆيگە كەلتۈرۈپ.
كۆرۈنەر مۇقامنىڭ سىرى كەينىدە
كۈرمىڭ يىل بۇرۇنقى جەمىيەت خىرە.
ئايلاندى ئاسىيا يەر شارى بىلەن
كۆپ ئەسىر مۇقامنىڭ دولقۇنى ئىچرە.
يۈرىگىڭ رىتىمى تۈزگەن شۇ مۇقام،
بېغىشلار جانلارغا خىسلەتلىك قانات.
بار ياشلىق جەزبىسى غەيۇرلىقىڭدا
ھېكمەتنى بېرىدۇ جىسمىڭغا تالانت.
ھۆسنىڭدە ھاياتنىڭ كۆركەملىگى بار
ئەقدەڭ، جۈرئىتىڭ، غەيرىتىڭ داستان.
تەرىڭدىن يارىلار نېمەت دۇنياسى
پەم ۋە پەن چىرىغىڭ، سەن يۇۋاش ئىشچان.
ھاياتقا زوقىڭ كۆپ، ئۆزەڭ تىرىشقاق،
ماگمىلار مەۋجىدە قۇدرىتىڭ ئايان.
ئۆزگە خەلق بىلەن سەن ئىناق چىقىشقاق،
كۆز سالار دوستانە مېھرىڭگە جاھان.
تىلىڭدىن بۇلبۇللار ئۆگەنگەن زۇۋان،
ئەقلىڭدىن كەشپىيات ئاچىدۇ جامال.
قېلىچىڭ بىسىدا يالتىرار ئەرلىك،
دىتىڭدىن ھۈنەرلەر تاپىدۇ كامال.
كۈلىمۇ، ئوردىمۇ چىقار قولۇڭدىن
پەقىرمۇ، سۇلتانمۇ، ساڭا تايىنار.
سېنىڭ شان-شەرىپىڭ، قۇدرىتىڭ ئۈچۈن
زىمىن تاغ-دەريادىن ياسىدى مۇنار.
خەق دەيدۇ قۇياشسىز قۇرۇيدۇ ھايات،
مەن دەيمەن ئەقىلگە بۇ سۆز ئەمدى يات.
قۇياشسىز قالسا خەلق ياسار قۇياشنى،
خەلقسىز تۈگەيدۇ ئالەمدە ھايات.

4

مېنىڭ شان-شەۋكىتىم سەندىن كېلىدۇ،
ئاھ خەلقىم، غەپلەتكە پاتۇرمىغىن ھېچ.
يىقىلسام يۆلىگىن، توپامنى قېقىپ،
ئاتلانسام جەڭگە، بەر قولۇمغا قېلىچ
ئويغىتار كۆكسۈمدە شېرىن ئىلھاملار
سەن بەرگەن غورۇر ۋە ھىسلار دولقۇنى.
خەتەرلىك دۇنيادىمۇ قوغلاشتىم سېنى،
نۇر بەرگەچ ئاتىلىق قەلبىڭ يالقۇنى.
شۇ غالجىر يىللارنى ئالسا ئېسىگە،
دەرت بىلەن ئېڭىلمەس كىمنىڭمۇ بېشى؟
پەرزەنتلەر قانلىرى يۇسا تاغلارنى،
دەريادا قاينىغان ئانىلار يېشى.
شۇ يىللار مىللەتنىڭ پاجىئەسىنى
كۆرگەنمەن ئوتىدا پانى دوزاقنىڭ.
ياۋايى قىرغىنغا تىنىماقتى ئەلنى
غەرەزى بىر توپ شۇم قارا قوساقنىڭ.
شۇ يىللار يامرىغان ئاپەت ئىللەتى،
ئويلىسام ھىلىمۇ قىينىلار ۋىجدان.
ئۇيۇشۇش تۈرۈپمۇ قەدىم بايرىغىڭ
بۆلۈنۈش، كوچىلاش ئەدىگەن يامان.
نادانلىق، قالاقلىق چالۋاقىغان بەك،
يۈزسىزلىك، شۇملۇقتا ھازىرلاپ زىمىن.
پەنگە ۋە تارىخقا كامايغان ھەۋەس

مىللى ئاڭ دىللاردا ئويغانمىغاچ چىن.
ئالدىمدا شۇ يىللار مەنتىقىلىرى
ۋە ھەر خىل ئاقىۋەت كۆرسەتتى جامال.
ئۇنتۇلماس پاجىئە، قانلىق ساۋاقلار،
ساۋاقلار چىقاردى جاۋاپ ۋە سوئال:
ئالداشقا ئۇستىدۇر ئىككى يۈزلىمە،
ياخشىنى تۈيدۇرماي چىشلەر ھېجايغاق.
غالىچى بەك كۆتىرەر تەختىراۋاننى،
بولغاچقا ئۇنىڭغا ئۆزىمۇ چىقماق.
خۇسۇسلۇق يۈگەلسە مىللەت تونىغا،
مىللەتنى غاجايدۇ ھەممىدىن يامان،
مىڭ يىللاپ سۆزلەنگەن تۇرۇپمۇ ئەخلاق
نىمىشقا دىللارغا بولماس ھۆكۈمران؟
نىمىشقا زىيالى ئاز بىزدە شۇنچە؟
نىمىشقا زىيالى كۆتىرەلمەس قەد؟
نىمىشقا ئەسىرلەپ ئۇلار يولىغا
دوزاقنىڭ ئوتىدىن ئۆتۈش بولدى شەرت؟
ياۋايى ياۋۇزلار زىيالىغا ئۆچ،
زىيالى چىرىغى ئەل تەقدىرىنىڭ.
زىيالى بولمىسا نەدە ئىلمۇ-پەن،
زىيالى گۈلتاجى مىللەت ئەقلىنىڭ.
ئۇلارسىز ئىنقىلاپ غەلىبە قىلالماس،
ئۇلارسىز جەمئىيەت قايتار ئارقىغا.
ئىنسانلار ئەقلىنى جەملەپ زىيالى
توغرى يول كۆرسىتەر تارىخ چاقىغا.
نىمىشقا ئاقمايدۇ ئوچۇق-يورۇقلۇق؟
نىمىشقا تېپىلماس تۈز گەپ ھېچقاچان؟
رەڭۋازلىق، خوشامەت بازارلىق نېچۈن
رەزىللىك، گالۋاڭلىق سۈرۈدۇ دەۋران؟
ئىلمۇ-پەن ئەھلىنىڭ ئورنى قايسى چاغ
ئەمەلدار ئورنىدىن بولار يۇقۇرى؟
مەكسەپتىن ئاشار پەن قىممىتى قاچان،
ئالتۇندا ياسالماي ئېشەك ئوقۇرى؟
ئالماسلار ئەخلەتكە كۆمۈلمەس قاچان،
گۆھەرلەر تاشلانماس تاشلاردا چىقىپ.

ئوقۇش ئۆز قەدرىنى تاپىدۇ قاچان،
نادانلار ئۈستىگە دانالار چىقىپ؟
نىمىشقا بۇلبۇلنى قوغلاپ كىشىلەر،
دورامچۇق تۇتىنى ئەتىۋالايدۇ؟
ساختىپەز مەكسەپتە ئامەتلىك نېچۈن،
ناقابىل قابىلنى ئىتتەك تالايدۇ؟
نىمىشقا پاكلارنى پالاكەت باسار،
بىئەقىل ھۆرمەتتە، ئەقىللىقلار خار؟
ئىقتىدار دوزاقنىڭ تۈتىرىغىمۇ يا،
نىمىشقا تالانتنى يەر ئاسان يۇتار؟
نىمىشقا ۋىجدانلىق شىر يۈرەكلەرنى
سولتەكلەر ئوقلىرى ئوگاي تېشەر بەك؟
نىمىشقا دەپسەندە بولار ئادالەت،
تاجدارنى ئويىنتىپ شەرمەندە كەمەك؟①
تالانتقا ھەسەتخور بەدنىيەت ئۆچمەن
بۇ — دىلدا ۋىجداننىڭ تەختسىزلىگى.
تالانتلىق ئادەمنىڭ گۇم قىلىنمىغى
يۇرت دادى، مىللەتنىڭ بەختسىزلىگى.
ئالىملار بولمىسا نەدە پەن-ئىلىم،
راكىتا، ئالەمنىڭ كېمىلىرى ھەم.
پەيلاسوپ يوق دىمەك-يوق پەلسەپە ۋە
قانۇنلار يەكۈنى، مەسلەكلىك ئادەم.
سەنئەتتە كۆڭۈلنى ئاچماققۇ ئوبدان،
سەنئەتچى تىللانسا بولمامدۇ يامان.
مىللەتتە بولمىسا شائىر، يازغۇچى،
يازما مەدىنىيەت بولماس ھېچقاچان.
بەزىلەر كۆزىگە سەنئەت باغلىرى
كۆرۈنەر مەكسەپنىڭ شوتا بازارى.
مەتبەنى، سەھنىنى ئالار چاڭگاللاپ،
ئۆزىگە تىكلەشكە شۆھرەت مۇنارى.
راست بولار يالغاننى تەكرارلىسا دەپ،
تېرىدۇ ئېغۋانى، چاپلايدۇ بۆھتان.
ئۆرلىگەچ ئۆزلىرى خوشامەت بىلەن
خوشامەت ئەھلىنى يۆلەر تىكىپ جان.
مەكسەپكە بۇلغىتار نوموس-ئارىنى،

① كەمەك — جەگىندىكى ھىلىگەر، تەييار.

شۇڭلاشقا قەسلەشتە كۆپتۇر چارە - ئەپ.
كىر يۈرەك ئىچىگە تولغان مىكىرلەر
چىقىمدىن چىقىرار دەمدە قىيامەت.
خارلايدۇ تالانتنى تىرىكلىگىدە،
ماختايدۇ ئۆلگەندىن كېيىنلا قەۋەت.
نامىنى تۇغ قىلىپ كۆتىرىپ يۈرۈپ،
ئىزلەيدۇ ئۆزىگە مەرتىۋە، شۆھرەت.
دوستىنى شۇتا قىپ چىقىپ ئۆگزىگە،
شوتىنى تېپىدۇ تۆۋى يوق ھاڭغا.
ئۆزىنى ئازاپتىن قۇتقازغۇچىنىڭ
ئاغزىنى - بۇرنىنى بويايدۇ قانغا.
ۋاپادىن خەۋەردار بىر ئىت ياخشىدۇر،
ياخشىلىق بىلمىگەن ئادەمدىن ھامان.
غالجىر ۋە تۆھمەتخور ئادىمى قاۋان،
چىدىماس تۇرمىسا دايىم يالاپ قان.
ئاھ خەلقىم، نەپرەتلىك باقتىڭ ئەزەلدىن،
قوش يۈزلۈك ئادەمخور مەكسەپ ئەھلىگە.
ئېھتىرام ئەيلەيسەن پەرزەنتلىرىڭگە،
سېنى دەپ يولۇققان شۇملار قەھرىگە.
ھومىيىپ تىترەيسەن، لەنەت ياغدۇرۇپ،
ھىرقىق، پۇل، شۆھرەتنى تالاشقانلارغا.
تۆرلەر جامىنى تىشقۇزىۋېتىپ —
چاچرىغان قان - ياشنى يالاشقانلارغا.
ئاھ خەلقىم، كۆزۈڭدە تەۋرەر مۇز ۋە ئوت،
كۆكسىڭدىن ياڭرايدۇ ئۈنلۈك ئىلتىجا:
بۇ ناچار ئىللەتنى كۆيدۈر كۈل قىلىپ،
قېنى سەن چاقماقلىق، ئەي گۈلدۈرماما...

5

ئەسلىمە دۇنياسى ئۆتتى ئالدىمدىن،
كۆرۈندى ئاپەتنىڭ تاپقىنى زاۋال.
كۆرۈندى ھاياتنىڭ يېڭى ئېقىمى،
كۆرۈندى پۇتلاشقان لوجى ۋە داشقال.
سۆكەي شۇ جەمىيەت ئىللەتلىرىنى،
سۆككىنىم خەلقىمگە كۆيدۈرگىنىم جان.
دېيىشى بار دەپ كۈندىن زېرىكىدۇ كىم،
ئالتۇن تاڭ يۈزىگە قىنماس چاڭ - توزان:
ۋىجدانغا نامراتلار بار تېخى، خەلقىم،
ۋە بەزى ئادەمنىڭ ئەقلى گۇمانلىق.
ئۆزىنى ئۇلار بەك ئەقىللىق سانار،
پىكرى تار كاززاپقا خاستۇر بۇ قىلىق.
يۇرتۋازلىق ۋابادەك يۈرىدۇ يامراپ،
شىپاغا نەدىدۇر لوقمانى ھېكىم.
مەزھەپلەر مەكسەپنى قىلدۇ يۆلەك،
پۇخرانى قۇربانلىق ئەيلەيدۇ لېكىن.
بارتېخى يالغانچى قارا قىساقلار
قىپاللىق، دۆتلۈكتىن جان جاق تويۇدۇ.
بىر ئاتا بالىسى بولغانغا باقماي
بىرىنىڭ كۆزىنى بىرى ئويۇدۇ.
تىللار بىر - بىرىنىڭ نىيەتلىرىنى،
نىشان بىر تۇرسىمۇ قىلماي ئېتىراپ.
ئۆزى قان يۇتۇشقا رازى ھەتتاكى
تىلەشچىن دوستىنا قايغۇ - ئىزتىراپ.
تونۇماس ھەتتا ئۆز ئاتىسىنىمۇ
كىم بولسا بولمامدۇ يوق ھېچ چاتىقى.
ئاھ خەلقىم، زاتىنى ئۆگەت ئۇلارغا
نەسلىنى تونۇيدۇ ھايۋانلار چېغى.
ئىشلىتىپ ئېلىپلا قىرىندىشىنى
«پەم بىلەن ئالدىدىم» دەپ ئويلار تېخى.
يۈزى يوق بولۇشنى تالانت ھىساپلار،
ئانىسى كۆكسىدە توپ ئوينار تېخى.
ئۆزىنى ئالدايدۇ ئۆزى زوقلىنىپ،
دەشنام يەپ لاپ ئۇرار بەش نان يىدىم دەپ.
يېتىپ خەق ئاستىدا دەيدۇ: ئۇلۇغمەن
دادىنى بالىسى مىنسە يوق ھېچگەپ.
بىلمىسىز نەپىرلار ئابرويغا ئامراق،
قىلغى كۆڭۈلنى ئاينىتقۇدەك زاڭ،
زاڭدۇركى، بولغاندەك چوشقا ناخشىچى
ۋە ئېشەك سەللىگە سالغىنىدەك چاڭ.
سۆزلەشنى خالىماس ئانا تىلىنى،
ئۆزىنىڭ بەك بىلىمەس، كىكەشلەيدۇ سەت.

چەت تىلىدىن بىلەر بىر - ئىككى ئاتالغۇ،
قىستۇرسا كىرەرمىش سۆزىگە سۆلەت.
پۇشمانمۇ قىلىدۇ بەزەن خورسىنىپ
چەت مىللەت بولىسچۇ مېنىڭ ئاتام دەپ.
ئەسلىدە بولمىسا ئاڭ، ۋىجدان، غۇرۇر
چىن ئىنسان بولماق تەس ئۆزگەرتىپ نەسەپ.
بىلمىسىز كاچ سۆيمەس بىلىملىكلەرنى،
نادانلار نادانىنى ماختار زوقلىنىپ.
چۈنكى زەر قەدرىگە يېتىدۇ زەرگەر،
ھايۋان ئۆز خىلىدا ياشار توپلىنىپ.
ئەقىل - پەن، ئەخلاقتىن كېلەر تۈغرىلىق،
ھەسەتتىن، سۇيىقەستتىن ياغار پالاكەت.
بىر سۆز بار: ناداندىن ھايۋان ياخشى، دەپ
ئەۋلىيا بەلگىسى بىلىم، پاراسەت.
ئاھ خەلقىم، مەرىپەت گۈللىنەر مەڭگۈ،
قايتمايدۇ باشلانغۇچ دەۋرگە جاھان.
ياۋايى بولۇشقا زوقمەن ئەمەسمىز،
سەن ئىجات ئەھلىنى قەدىرلە ھامان.
ئەيىپكە ئۈچرىسۇن دۆتلۈك، نادانلىق،
ياخشىلىق قىلىشقا ئىنسانىنى باشلا.
ياخشىلىق قايتسا خىيپ يامانلىققىمۇ
ئويغىنىش يولىغا يامانىنى باشلا.
يېتىدۇ بىر قىزغۇن قىرىق ئادەمگە
ئىككى ئىت تالىشار بىر تال سۆڭەكنى.
ئادەمنىڭ شەكلىنى بەرمىگىن ئىتقا
ئىنسانىي ۋاپاغا تولدۇر يۈرەكنى.
تىرىشلىش بولمىسۇن مەقسەپ، مال ئۈچۈن،
كۆبەيسۇن ئەلنى دەپ ياشىغۇچىلار.
چاقماقتەك تېز ئۆتەر ۋاقت ۋە ئۆمۈر
ئۆلمەيدۇ ئەلگە يول باشلىغۇچىلار.
نەپسىگە ئامراقلار قابىل بولالماس
ئەلگە نەپ بېرىشتە ئادەم قىممىتى.
ۋاز كېچەر مەرت شەخس پايدا، شۆھرەتتىن
باشقىلار غېمىنى يېيىش ئادىتى.
ئاقىلدىن ئۆزگىگە بەرمىگىن مەقسەپ،
ئالىملار دۆلەتكە قىشۇدۇ چىراي.

نادانلار ئايرىماس ئاقنى - قارىنى،
كۆڭلىدە ئۆزگىگە قالدۇرمايدۇ جاي.
ئەسلىنى، زاتىنى ئۇلۇغلىمايدۇ
ئىززەتلىمەس سەن ئۈچۈن تۇتۇشقا ھوقۇق.
سېنى زور ئىشلاردا ئويلىمىغانىنىڭ
ئىمىسى، ئادەمكەن، ھەيكەلگۇ قۇرۇق.
بولمايدۇ قەلبىڭنى ھاقارەتلەشكە،
ئەل قەلبى مۇقەددەس كەئبە ھەر قاچان.
ئالداشقا بولمايدۇ خەلقنى زادى،
ئالدىغان بولىدۇ يەر بىلەن يەكسان.
روشەندۇر كىم ھەق، كىم ناھەق ئۆزەڭگە
خەلقىنىڭ ۋىجدانى ئادىل تارازا.
تارىخ سوت، سەن سوتچى قىلىسەن ھۆكۈم
قايسىسى خىيانەت، قايسىسى ۋاپا.
ھېچ كىشى ياشالماس ئالەم بىلەن تەڭ،
توپىغا يەم بولۇپ كېتىدۇ ئادەم.
كېرەكتۇر بىر ساڭا تەقدىرنى باغلاش،
سەن ئۈچۈن ئىشلەشلا غەنىمەت ھەردەم.
تارىخنىڭ قانۇنى مەڭگۈ نوپۇزلۇق:
يامانلار يوق بولار، ياخشىلار قالار.
يەر شارى ئايلىنىپ تۇرسا سەن ھايات،
مەن ساڭا، تىلەيمەن ئۆمۈر، گۈلباھار.
مەن خىيال — ئويۇڭغا قىشاي ھەممىشە
ھەمىيە ئوي، ئارزۇيۇم تىلىگىمنى ھەم.
مەن سېنى سۆيگەنگە قىلاي ياخشىلىق،
ياۋۇڭغا سالاي دەرت، ئازاپ دەممۇ - دەم.
پەزىلەت ئىنسانغا قىشار يۈكسەكلىك،
كەمتەرلىك، كەڭ قىساق بەرگىن ئادەمگە.
يوقاتقىن غەيۋەتنى، تۆھمەت، ئىغۋانى،
ھەققەت مەنزىلى تەختتۇر ئالەمگە.
دوستىنى كۆرەلمەي غىڭشىسا دوستلار
پۇرسەتتە، جۇرئەتتە دۈشمەن ئاشىدۇ.
تارقاقلىق، سوغچىلىق باسسا دوستلارنى
ياۋ ئايرىپ بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ئاسىدۇ.
دوستلارنى ئۆم قىل، ياۋ ئالالمايدۇ ئۆچ
ئەكسىچە چۈشەر ئۆز بېشىغا ئەلەم.

ئالتۇن، كۈچ، تاجۇ ـ تەخت كېلەر ئۆملۈكتىن
يوقىلار ھىجران ۋە تارلىق، پىتنە، غەم.
يۇرتۋازلىق قەبىلە كېسىلى ئەسلى،
باشلانغۇچ ئۇرۇقداش دەۋرىدىن قالغان.
مەزھەپكە فېئودال سازلىغى مەنبە
ئۇلار بار پاجىئە، تەپرىق بار ھامان.
بەزىدە تارقاقسەن قۇم كەبى خەلقىم،
قۇم بولۇپ چېچىلىپ يۇرمەكلىك يامان.
قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، كۆچۈرۈپ كۆمەر
بوستاننى، شەھەرنى تىنىمسىز بوران.
جەم قىلىپ ئىش قىلسا قۇم سېمونت بولار
پۇتەر خىش ـ سېمونتتا يېشىل باغ، شەھەر.
يېشىللىق ئۇزارتار دۇنيا ئۆمرىنى،
جامال قوش جاھانغا سەن شامۇ ـ سەھەر.

*

مەن ساڭا قارىسام، ئاھ مېنىڭ خەلقىم،
ئويغىنار مۇقەددەس ئۇمىتلەر تالاي.
ئويغىنار ئۇنتۇلغان چۈشلەر تۇيغۇسى،
يۈز ئاچار ئىستىقبال بولۇپ تولۇن ئاي.
مەن سەندىن ئۆگەنگەن دەسلەپكى تىلنى،
كۆزۈمدە چاقنىغان تۇنجى سۈرەت سەن.
ھاۋادەك سىڭگەندۇر دېمىمگە مېھرىڭ
قەلبىمدە مەڭگۈلۈك چىن مۇھەببەتسەن.
تېنىمگە ئوت كەتكەن كۆز ئۇچقۇنىڭدىن
دىلىمگە كىرگۈزسەڭ سەن يورۇق دۇنيا.
قۇلۇقۇمغا تەككەندە قىلۇم تىترىگەن
ئىشقىڭنىڭ چاقمىغى سوققاندەك گويا.
شۇ سەبى چېغىمدىن باشلاپ يادلىدىم
ئەرتە ـ كەچ مۇبارەك نامىڭنى تويماي.
قايغۇ ھەم شاتلىقىڭ، سۆيگۈ ـ نەپرىتىڭ
شۇ نامدا ئالدى ياش يۈرىگىمدىن جاي.
سەن ماڭا بېرىسەن پارلاق چۈشلەرنى
سۆيگۈڭنىڭ سېھرىدىن تىترەر ھاياجان.
تىنىقىڭ ھۆرلۈكنىڭ شامىلى گويا،
يەلپۈسە ئارامىلىق ئالىدۇ بۇ جان.
ئەرزىمەس خەلقتىن ئۆزگە ھېچنىمە،
يىغلىماق، كۈلمىكىم ئۇچۇن دۇنيادا،
بېرەلەر مەڭگۈلۈك قىممەتنى نىمە
كۆيمىكىم، ئۆلمىكىم ئۇچۇن دۇنيادا.
سەن ئەرلىك ئاتىسى، سۆيگۈ ئانىسى،
خەلققە مەنسۇپتۇر ئەبەدى ياشاش.
دۇنيادا ھەر نەرسە ئۆزگىرەر تەھقىق،
ئۆزگەرمەس ئاق سۈتىڭ، مېھرىڭ ھامان ياش.
ئاي چىراي ئالغانمۇ تۈنلىرى چۈشۈپ،
كۈن چىراي ئالغانمۇ كۈندۈزى كۆرۈپ.
گۈزەلسەن، دېگىنمۇ بار لېكىن خەلقىم،
يورۇغلۇق يولۇڭدا چاقىرار كۈلۈپ.
دۇنيانىڭ ئىگىسى خەلق ئەزەلدىن،
يەر تىترەر سىلكىنسەڭ، تاغ بولۇر گۈمران.
يول ئاچار سەن ئۈچۈن گۈلدۈرمامىلار،
ئاھ تارتساڭ ئاھلىرىڭ بولىدۇ بوران.
كۆزۈڭنىڭ جىلۋىسى تۇغار كۈمۈش تاڭ.
تىنىقىڭ قىممىتى مىسلى بىر جاھان.
ئۆرلەيسەن بۈيۈكلۈك چەكسىزلىكىگە،
بەستىڭنى دەمدۇ بىر تۆۋرىگى ئاسمان.
كاتتىلىق باتۇرلۇق ئالامىتىنى
نامايەن قىلىدۇ پىشانەڭ نۇرى.
ئانا يەر گۆھىرى چاقناق سەن بىلەن،
سەن ۋاقت ئوغلى، سەن تارىخ غۇرۇرى.
تۇغىڭدا ھەققەت غالىپلىقى بار،
يولۇڭدا سۆيگۈنىڭ ۋاپا ـ پاكلىقى.
ئىزىڭدا مىڭ ئەسىر مەزمۇنلىرى بار،
ئىشىڭدا كۆڭۈلنىڭ سۈتتەك ئاقلىقى.
تارىخىڭ بۇ ئانا ئاسىيامىزنىڭ
تەقدىرى جەملەنگەن ئابىدە گويا.
تۆھپەڭنىڭ ئالدىدا ئاسمان پەس كېلۇر،
پەزىلەت جىلۋىسى چاچىدۇ زىيا.
بولسىمۇ نامراتلىق، ھاقارەت ئېغىر
كۆتىرىپ كەلدىڭسەن كەتمەى مۈكچىيىپ.
مەن چېكى بولاي شۇ ئاياقلىرىڭنىڭ
زۇلمەتلەر ئۈستىدىن ئۆتسەڭ كۈچىيىپ.
كەچمىشىڭ كۈلپەتلىك، سەلتەنەتلىك ھەم،

تەقدىرىڭ، كەلگۈسىڭ ھەممىدىن قىممەت.
بىلىمىڭ، ھاياتىڭ، شانىڭ كونىرار
كونارماس سەندىكى ياشلىق مۇھەببەت.
سەندە بار نىجاتلىق شادىيانىسى،
سەن بىلەن تاپىدۇ چەكسىزلىك ئۆمۈر.
سەن چىققىن ئىلغار ئەل يۈكسەكلىكىگە،
تارقىسۇن كۈلكەڭدىن ئاي - يۇلتۇزغا نۇر.
مەزمۇنىنىڭ موللىقىنى تاپىدۇ ئەجىر،
تارىخىي سىناقتىن قانلىق ۋە ئوتلۇق.
ئالدىڭدا يوللارنىڭ ئەڭ شۆھرەتلىكى،
ئىلگىرىلە، بۇ مۇشكۈل سەپىرىڭ قۇتلۇق.
پەخرىڭگە يۈكسەكلىك شەرىپى تىلەي،
پىكرىڭگە دەريالار ئويناقلىقىنى.
ھىسسىڭغا چاقماقلار، سەزگۈرلىكىڭگە
تىلەيمەن يۇلتۇزلار ئويغاقلىقىنى.
تىنىغىڭ كۆكلەمنىڭ ھىدىنى چاچسۇن،
تولسۇن گۈل، ئاپتاپقا ھايات گۈلزارى.
جىسمىڭغا تىلەيمەن ساھىپقىرانلىق،
مېنىڭدىن يېشىلسۇن دىللار خۇمارى.
تارىخنىڭ ئاچ يېڭى پەللىرىنى
يۈكسەككە يۈكسەل، ئەي باتۇر ئانىجان.
ۋە بۈركۈت قانىتى بەرگىن ماڭا تېز،
كۆك يېرىپ سەن ئۇچۇن كۆتىرەي چۇقان.
نۇرۇڭدىن چېكىنسۇن قاراڭغۇلۇقلار،
تىلەيدۇ بەختىڭنى ئانا يەر - ئاسمان.
ئۇپۇقتىن ئاچىدۇ ئالتۇن ئىشىكلەر
كېپىنەك تون كېيىپ ياقۇت چىراي تاڭ.

6

يۈرگەندە قويىنۇڭنى ئارىلاپ، خەلقىم،
ياشىرار يۈرىگىم ھۆسنىڭگە تويۇپ.
سۆيۈملۈك شۇدەملەر چىقامدۇ ئەستىن
يەر سېنى سۆيگەننى تۇرۇمەن تويۇپ.
ھەر بارسام ئالدىڭغا كۈتىسەن خەلقىم،
ھەر سەھەر كۈن مېنى كۈتۈپ ئالغاندەك.

تۇۋلايسەن «ئوغلۇم!» دەپ ئۇلۇغ ئۈنىڭدە
تۈمەنىمىڭ تەمبۇرنى بىراق چالغاندەك.
سەن كۆزۈم راھىتى، ئۆمرۈم قۇۋۋانچى،
سەن كۆڭۈل كۆكىدە بىر ھەسەن - ھۈسەن.
سەن قۇياش، كۈلكەڭدۇر تولۇن ئاي چۈشى،
تىنىغىڭ تەگسىلا چۆل بولۇر گۈلشەن.
مەن ئەزگۈ خىيالغا پاتىمەن پات - پات،
ئۆتكەنكى شەرەپلەر بولۇپ دىلغا يات.
ئۆتمۈشنىڭ قىسسىسى ئىچىگە سىڭگەن
كۆپ غەملىك چاقىرىقلار، كۆپ ئوتلۇق پەريات.
سېنى بىر ئويلىماق ماڭا مىڭ لەززەت،
ھىسسىڭ بار، شولاڭ بار يىغا، كۈلكەمدە.
قايتۇراي ئانىلىق مېھرىڭنى ئانا،
سەن بەختۇ — دۆلىتىم كۆڭۈل مۈلكىمدە.
سەن ئۈچۈن ئۇنتۇيمەن ماختاش - شۆھرەتنى
قەلبىمنى سۆيگۈڭنىڭ ئازاۋى ئېزىپ.
بولسىدى ئىمكانىم كۈيلىسەم سېنى،
روھىڭدەك گۈزەل، پاك داستانلار يېزىپ.
مەن سىزدىم سايەڭنى،
مەغرۇر بېشىڭغا
گۆھەر تاج ئەمەس، بىر گۈلتاج كىيگۈزۈپ.
بۇ تاجغا ئورالغان ھەر گۈل - غۇنچىنى
ئارزۇغا، شاتلىققا مۇڭغا چۆمگۈزۈپ.
پورەكلەر يۈرىگىم جىلۋىسى گويا
نوتا - شاخ ئەقلىنىڭ تىمسالى گويا.
شەبنەملەر ئېچىنىش ياشلىرى سۈزۈك،
غۇنچىلار ئۈمىتىنىڭ جامالى گويا.
بىلىمەن، بۇ ساڭا نالايىق سوغا،
خىسلىتىڭ ئىزھارى كەلمەس قولۇمدىن.
سەندىكى جەسۇرلۇق، پاراسەت، غۇرۇر
ۋە غايە ئەپكەلدى مېنى يولۇڭدىن.
مەقسىدىم، تاجىڭغا قوشۇش زەررە نۇر
ئايرىلىپ قالماسلىق تۈپىڭدىن ئەبەت.
مىليونلار قەلبىنى بىرلەشتۈرسەن.
ھىكمەتلىك قولۇڭنى تەككۈزۈپ پەقەت...
كەتسەم كەچ ئويقىغا ئويلاپ سېنى مەن،

سىغىنىپ كۆرۈمەن تاغدا ئويغىنىپ.
خۇمارمەن سەن ھۆسۈن بەرگەن ۋەتەنگە
چاقنايدۇ تاغ ھەيۋەت، دەريا تولغىنىپ.
ئاي ۋە كۈن جىلۋىسى جانلارغا ئارام،
ساناقسىز ئەستىلىك بولدۇ سىرداش.
دولقۇندا ئاسماننى ئۇرغاندا دەريا
كۆزلىرىم تورلىشار ھىس بولۇپ مۇڭداش.
ئالمىلىق باغلاردا قىزلار كۈلكىسى،
توقايدا، گۈلشەندە بۇلبۇل چاقىلدار.
چاقنار سۇس جىلۋىدە چۆل بوستانلىرى،
مۆلدۈرلەر بۇلاقلار، ماراللار مارار.
يىراقتا مىچىتلەر قۇببىسى سۈرلۈك،
شەھەرلەر نۇرلارغا بۆلىنىپ ياتار.
گۈللەرنىڭ تىنىقى ئۇرۇلار يۈزگە،
شەرقنىڭ ئۇپۇقى بولسا لالىزار.
خان تەڭرى ئۈستىگە چىقسا كۈن كۈلۈپ.
چايقىلار ئالدىمدا تەڭرىكۆل سۈيى.
دىلنى مەس قىلار بۇ ئىلھاملىق يۇرتتا
خەلقىم سەن ياراتقان مۇقامنىڭ كۈيى.

1984 - يىل، ماي ، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com




(پوۋېست)

ئابدۇللا ساۋۇت

## بوۋاينىڭ ۋەسىيىتى

كىچىك ۋە تار پەنجىرىنىڭ يوچۇقلىرىـ
دىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي شولىسى ئىسلىـ
شىپ قارىيىپ كەتكەن كامىرنىڭ تېمىنى
غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كامىر ئىچىدىكى تىنـ
جىق، بەدبۇي پۇراق دەستىدىن نەپەس ئېـ
لىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى. پىت بىلەن
بۈرگىمۇ كىشىگە ئارام بەرمەيتتى. ئىشىكنىڭ
ئۇدۇلىدىكى تام تۈۋىدە ياتقان بوۋاي بەدەنـ
لىرىنى توختىماي قاشلاپ تۇرۇپ يېنىدىكى ھەمرايىغا
ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.
شۇ كۈنى بازار كاسات ئىكەن. قوزا
چۈشكىچە خېرىدار كۈتۈپ تۇردۇق، بىر
ئادەمۇ ئوتۇن نەچچە پۇل، دەپ سورىمىدى،
قوساق ئاچ، ھاۋا بولسا بارغانسېرى قىزىپ
كېتىۋاتاتتى، بىر چاغدا كوچىنىڭ بېشىدا
قىيا - چىيا كۆتىرىلىپ، خەقلەر قېچىشقا باشـ
لىدى، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئۇقالماي،
ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ھارۋىنى تارتتۇق،
ئاسماندىن چۈشكەندەك يېنىمىزدا ئىككى چېرىك
پەيدا بولدى.
— ماڭ، تارت ھارۋىنى! — دىدى بىرـ
سى ئالدىمىزغا دىۋەيلەپ كېلىپ.
— غوجام، رەھىم قىلسىلا! — ئوغلۇم
بىلەن ئىككىمىز چېرىكلەرگە يېلىندۇق، — بىز
سەھرادىن كەلدۇق، بىزگە ئۇۋال قىلمىسىلا...
— تارت دىگەندىكىن تارت! — دىدى
چېرىكلەر ئەپارىنى بۇزۇپ.
— نەگە؟
ئوغلۇم بىر قەدەم سىلجىپ ئالدىغا
چىقتى.
— نەگە بولاتتى، سەيسگە! — چېرىكلەرـ
نىڭ ياشراغى مىلتىغىنىڭ پاينىگى بىلەن ئۇغـ

www.uygurkitap.com

لۇمنىڭ گەجگىسىگە بىرنى ئۇردى، — ھۇ... ئاناڭنى ... ھارۋاڭنى تارت، سەيسىگە ئىشلەيسەن!

ئوغلۇم قولىدىكى ئاغامچىنى تاشلاپ چېرىككە ئېتىلدى، مەن بېشىمىزغا چوڭراق بالا - قازانىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپقا قارىدىم. بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، بىزنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. چېرىكلەر بۇلاپ - تالىغان نەرسىلىرىنى كۆتىرىشىپ، تۇتۇلغان ئادەملەرنى ئالدىغا سېلىپ كېتىشىۋاتاتتى، مەن چېرىكلەر بىلەن پومداقلىشىپ ئېلىشىۋاتقان ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتىم، بولمىدى. ئوغلۇم بىر چېرىكنى ئاستىغا بېسىپ مەيدىسىگە نىختاپ تۇرۇپ مۇش بىلەن بىر نەچچىنى سالدى. يەنە بىر چېرىك ئاغزىدىكى قاننى سۈرتۈۋېتىپ ئوغلۇمنىڭ ئۈستىگە يۇپۇرۇلدى.

— بولدى! — دىدىم مەن ۋاقىراپ، — ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز بالا - قازا تېپىۋالمايلى، قوپ، كېتىمىز ... — مەن ئوغلۇمنىڭ قولىدىن تارتىۋاتاتتىم، «قارس» قىلىپ تەككەن قامچا زەربىدىن دەلدۈگۈنۈپ يىقىلدىم. ئۈستى - بېشىمغا تاراسلاپ قامچا تېگىۋەردى. ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ھوشۇمغا كەلسەم مۇشۇ كامېردا يېتىپتىمەن، مانا، ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئوغلۇمنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن، بۇ يىل ئۇ 23 ياشقا تولدى، ئۇمۇ خۇددى سەندەك بەستلىك، كۈچلۈك يىگىت بولغان ئىدى. ھەر جايدا بولسا خۇدا ئۇنى سالامەت قىلسۇن...

بوۋاي سۆزىدىن توختىدى، ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلاتتى، پۇشۇلداپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى، بەدەنلىرىنى قاشلىغاندا «كارت - كارت» قىلىپ چىققان ئاۋاز كامېر ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى، بوۋاي خېلى-غىچە ئىنجىقلاپ تولغىنىپ يەنە جىم بولۇپ قالدى.

بىركەمدە بىلىنەر - بىلىنمەس، سۇس خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنجانباي بوۋاينىڭ ئۇيقىغا كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرمە ھويلىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان تومۇزغا، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى ...

خوراز تۇنجى قېتىم چىللىغاندا ئەنجانباي چېگىش خىياللاردىن ئويغىنىپ پەنجىرىگە قارىدى، پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاقۇش يورۇقلۇق تاڭ ئېتىۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرەتتى، بوۋاي بۈرگىلەرنىڭ چېقىشىدىنمۇ، ياكى خورازنىڭ چىللىشىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتىرىپ تېخىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھەمرايىغا قارىدى.

— ئۇخلىمىدىڭمۇ، ئوغلۇم؟

— ئۇيقۇم كەلمىدى، — دىدى ئەنجانباي بوۋايغا قاراپ، — بۇ يەردە پىت بۈرگىگە يەم بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، تاغا.

بوۋاي جاۋاپ بەرمەي ئەنجانباينىڭ قېشىغا يېقىن سۈرۈلدى. تاڭ شەپىقى چۈشۈپ تۇرغان پەنجىرىگە ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن ئەنجانبايغا دىدى:

— پەممىچە، جىگەرىڭ بار يىگىت ئوخشايسەن. بىر كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان ھېچنىمە يېمىدىڭ. يا ئۇخلىمىدۇڭ. تۆمۈردەك جېنىڭ بار ئىكەن، — بوۋاي سۆزلەۋېتىپ ئەنجانباينىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى، — ئۆزەڭ توغرىلىق بىر نىمە دەپ بەرمىدىڭمۇ؟

— دىگۈچىلىكى يوق تاغا.

— مەندىن يوشۇرما، بىرەر سەۋەپ بولمىسا بۇ دوزاققا كىرىپ قالامتىڭ؟ دىگىنە، كىمنىڭ ئوغلىسەن، يۇرتۇڭ نەدە؟

ئەنجانباي سۈكۈتكە چۆمۈپ ئۇزاق

ئويلاندى، ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا
تىكىپ بوۋايغا ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىنى
كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى ...

ئوپال بەگلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن
ئۆز يۇرتىدا ياشاشقا ئامالسىز قالغان باقىباي
بىلەن توختى ئايىم يۇرتتىن چىقىپ كەتتى،
ئۇلار چۆللەرنى كېزىپ، تاغ - داۋانلارنى ئې-
شىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئەنجانغا باردى.
جۇمە باي يول ئۈستىدە تۇغۇلغان ئىدى،
ئىككى يىل ئۆتكەندە توختى ئايىم
يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى، باقىباي مۇساپىر-
چىلىق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ
ئوغلىغا «ئەنجانباي» دەپ ئىسىم قويدى.
يىللار ئۆتتى، يۇرت مۇھەببىتى، ئۇرۇق - تۇق-
قان، قەۋمى - قېرىنداشلىرىنىڭ مېھرى ئۇ-
لارنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەيت-
تى. 1922 - يىلى ئۇلار ئاخىرى يۇرتىغا
قاراپ سەپەر قىلدى، باقىباي بىر تۆگىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ياغاچ كاجۇۋا بېكىتىپ، كا-
جۇۋا ئىچىگە جۇمەباي بىلەن ئەنجانباينى
ئولتۇرغۇزدى، توختى ئايىم تۇياقلىرى ئىن-
چىكە، چاققان سەمەرقەنت ئېتىغا مىندى، با-
قىباي ئېشەككە مىنىپ ئەڭ ئالدىدا يول
باشلىدى. ئۇلار سارالا، تاشقورغان ئارقىلىق
ئەگرى - بۈگرى تاغ ئارىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ،
ئوپالغا قايتىپ كەلدى. ئىگىز قاپاق تېرەك-
لەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئوپال بازىرىنىڭ
جەنۇپ تەرىپىدىكى قۇمباغ مەھەللىسى ئۇ-
لارنىڭ ئانا ماكانى ئىدى.

جۇمەباي چوڭ بولۇپ ئوي - ئوچاقلىق
بولدى. بەستلىك ئىگىز ئۆسكەن ئەنجەنبايمۇ
كۆز ئالدىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان چىرايلىق
يېزا قىزى بىلەن توي قىلدى. باقىباينىڭ
ئۈچىنچى ئوغلى قادىرخانمۇ چوڭ بولۇپ قا-
تارغا قېتىلدى، ئوغۇللار ئۆزئارا ئىناق ئى-
دى. باقىباي ئائىلىسىدىكىلەر قوناق ئۇمىچى

بىلەن تېرىق نېنىغا شۈكرى قىلىشىپ نامرات-
لىقتا كۈن كەچۈرىشەتتى. ئېغىر ئەمگەك،
ئالۋاڭ - ياساق، جەۋرى - زۇلۇم باقىباينىڭ
بېلىنى مۈكچەيتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ باھار كەل-
دى، ئۆزۈمىلەر پىشىپ «ھەزرىتى موللام»
دا سەيلە باشلاندى. سەيلىنىڭ ئەڭ قىزىق
تاماشاسى — چېلىشىش ئىدى، بىر نەچچە
قېتىملىق چېلىشىشلاردا بىرىنچىلىكنى قولدىن
بەرمەي كېلىۋاتقان ئوپال بېگىنىڭ بايۋەچچىسى
بۇ قېتىممۇ بىر - ئىككى يىگىتنى يانپاشقا ئېلىپ
يىقىتقاندىن كېيىن ھەيۋە قىلىپ، توپا سورۇپ
سەينانى ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئەن-
جانباي توپ ئىچىدىن چىقىپ بايۋەچچىنىڭ
ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بايۋەچچە مەغرۇر قى-
ياپەتتە ئەنجانباينىڭ بېلىنى تۇتتى، لېكىن



بىر ئىككى نۆۋەت تۇرتىشكەندىن كېيىن، رەقىبىنىڭ ئانچىلا بوشاڭ ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. پۈتۈن مەيداندىكى كىشىلەر چېلىشىشنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشماقتا ئىدى. چېلىشىش ئۇزاق داۋام قىلمىدى، ئەنجانباي كۆرەڭ بايۋەچچىنى بىر كۆچەپلا باش ئۈستىگە ئالدى ۋە بىر نەچچە قېتىم پىقىرىتىپ يەرگە ئۇردى. چۇقان ـ سۈرەن، ماختاشلار پەلەككە يەتتى، چىدد ماس بايۋەچچە ئەنجانبايغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ گۆلەيدى، زاڭلىق قىلىپ كۆلۈشۈۋاتقانلارغا بىرمۇ ـ بىر قاراۋالغاندىن كېيىن، سالپايغان ھالدا مەيداندىن چىقىپ كەتتى ...

زەنجىر شاراقلاپ كامىر ئىشىكى ئېچىلدى، گۈندىپاي ئىككى زاغرىنى ئەنجانباينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— سۆزلە ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ئەنجانباينىڭ قولىدىن قاتتىق نانىنى ئېلىۋېتىپ.

— بايۋەچچە بىزدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇۋېتكەن، — دېدى ئەنجانباي يۆتىلىپ قويۇپ، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتىگىنى ئايىلىم سۇغا چىققان ئىكەن، ئېتىنى سۇغارغىلى كەلگەن ھىلىقى بايۋەچچە بۇلاق بېشىدا ئايىلىمغا ئىككى تىللانى تەڭلەپ تۇرۇپ: «ئېرىڭدىن چىق، مېنىڭ نىكاھىمغا ئۆت» دەپتۇ. «سېنىڭ ئالتۇن ـ تىللالىرىڭدىن ئېرىمنىڭ ھالاللاپ خەجلەپ بېرىدىغان مىس داچىنى مىڭ ئەۋزەل!» دەپتۇ ئايىلىم ئۇنىڭ تىللاسىنى رەت قىلىپ. تەلپىگى يەرگە چۈشكەن بايۋەچچە ئىزادىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئايىلىمغا قامچا ساپتۇ، بۇلاق تەرەپتىن چىققان دات ـ پەرياتنى ئاڭلىغان كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپتۇ. بايۋەچچە قۇيرۇغىنى خادا قىلماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن، دەل شۇ ئىش ئۈستىگە مەن يېتىپ كەلدىم. ئەھۋالنى ئۇقۇپ غەزىۋىنى باسالمىدىم. خورلۇقتىن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى. بايۋەچچىنى قانداق تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ بۇلاق يېنىدىكى سازلىققا بېسىپ ـ نىختاپ لايغا پاتۇرۇۋېتىپتىمەن. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر سالا قىلىشمىغان بولسا شۇ يەردىلا جان بەرگەن بولاتتى. ئەتىسى بەگ بىر توپ يالاقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھويلىمىزغا باستۇرۇپ كەلدى، مەنمۇ ئالدىغا چىقتىم، ئۇلارمۇ قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، كالتەكلىرىنى تەڭلەپ يېقىنلاشتى. كەينىمدە دادام، ئاكام جۇمەباي، ئىنىم قادىرخان بار ئىدى. بەگ بىرلا ئىشارە قىلىۋىدى، يالاقچىلار بىزگە قاراپ ئېتىلدى. قاس ـ قۇس، گاچ ـ گۇچ قىلىشىپ بىر نەچچىدىن مۇش ئېتىشتۇق. غالچىلارنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالدى. بەگ ئىشنىڭ ئانچە ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، غالچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بەگ ئادەم باشلاپ كېلىپ مېنى تۇتتۇۋالدى، ئۇ چاغدا ئاكا ـ ئىنىم ئىككىلىسى ھاشارغا ھەيدەپ كېتىلگەن ئىدى ...

يەنە كامىر ئىشىگى ئېچىلىپ، ئەنجانباينىڭ ھېكايىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. گۈندىپاي قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ شامالداشقا چىقىش ئىشارىسىنى قىلدى. ئەنجانباي تاھارەت چىلىگىنى كۆتىرىپ ھويلىغا چىقتى، چىلەكنى بىر چەتكە قويۇپ، كېرىلىپ ئەسنىدى، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدى. تۈرمىنىڭ قېلىن، ئېگىز، سۇرلۇك تاملىرىغا نەپرەت بىلەن قارىدى، قورغان تېمىنىڭ ئۈستـ

تىندە پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىدىغان گۆزەتخانىلار بار ئىدى. كوچا تەرەپكە قارىغان قارا دەرۋازا مەھكەم تاقالغان بولۇپ، دەرۋازا تۈۋىدە قوراللىق ئىككى چېرىك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەنجانباي تاھارەت چىلىگىنى كۆتىرىپ ھاجەتخانىغا بېرىپ كەلدى.

— ئاغا، — دىدى ئۇ كامېرغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، — ھاجەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپى نەگە تۇتىشىدىغاندۇ؟ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماسمۇ؟

— قاچقىلى بولار، ئوغلۇم. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن باشنى قولتۇققا ئېلىش كېرەك-تە. — بوۋاي بىر ھازا جىم بولۇپ كېتىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئوغلۇم، بۇ دوزاققا كىرگەنلەر تىرىك چىقمايدۇ، سەن ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ، بۇ يەردىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ كەت.

بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئەنجانبايغا تىكىلدى. ئەنجانباي قوڭۇر چاچلىق، كەڭ يەلكىلىك، بېشى يوغان يىگىت ئىدى. زىناقلىرى تەرەپكە قاراپ ئىگىلگەن ساغۇش بۇرۇتلىرى ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە يارىشىپ تۇراتتى.

— بۇ ئىشقا سىز يول كۆرسىتىڭ، — دىدى ئەنجانباي ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بۇ گۆردىن قۇتۇلۇپ كېتەي.

بوۋاي ئەنجانباينىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە سۆزلەشكە كىرىشتى:

— ساڭا بىر گەپنى دەي، ئوغلۇم. ئۆتكەن يىلى بىر ياش كىشىنىڭ ھاجەتخانا ئارقىلىق قاچقانلىقىنى ئاڭلىدىم، چېرىكلەر قوغلاشتى، نەچچە كۈن ئىزلەشتى بولغاي، كېيىن جىمىپ قالدى، تۇتالمىغان چېغى ...

— ھاجەتخانا كوچىغا تۇتىشامدۇ؟

— كوچىغا تۇتاشسا كېرەك، لېكىن ئارىلىقتا 3 - 4 قەۋەت تام بار، شۇ تاملاردىن ئاتلاپ ئۆتەلىسەڭ قۇتۇلدۇڭ دىگەن سۆز.

بوۋاي يەنە جىمىپ قالدى ۋە ئەتىگەن بېرىلگەن قارا ناننى يالماپ - چايناپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئېتەگىدىكى ئۇۋاقلارنى تېرىپ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر ئاي بولدى، ئاتۇشلۇق بىر كىشىنى قاماشتى، ئاڭلىشىمچە، ئۇنى «تەۋپىق ئەپەندى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئەنجانباي بوۋاينىڭ يېڭى ھىكايىسىغا قىزىقىپ قۇلاق سالدى.

— مەكتەپ ئاچقان دەمدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلغان دەمدۇ، ئىش قىلىپ ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ، ئۇ كىشى ياتقان كامىر بىلەن بىز ياتقان كامىرنى پەقەت بىر ئۆي ئايرىپ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ كىشىنى تالاغا چىقارمىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ زات ئەنقەرە، ئىستانبۇل، مەسكاۋ دىگەن شەھەرلەردە ئوقۇغان ئىكەن.

بوۋاي ھەسرەپ - نۆمىدەپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، سۆزلەۋېتىپ چاپىنىنىڭ يىرتىقلىرىنى ئاختۇردى ۋە بىر تۈگۈنچەك لاتىنى ئالدى.

— بۇ تەۋەرۈك قولۇمغا چۈشكىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئېچىپمۇ كۆرمىدىم. بۇ ئاشۇ تەۋپىق ئەپەندىمنىڭ نەرسىسى، مە، سەن ساقلا، مەن بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىمەن. سەندە قالغىنى تۈزۈك.

ئەنجانباي بوۋاينىڭ قېرى ۋە كېسەللىكىگە قارىماي، خاتىرىسىنىڭ تازا ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىۋالدى. خېلى كۈنلەر ئۆتتى. بوۋاينىڭ ھالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى، بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان ھېچنىمە يىمىدى، نەپەسىمۇ قىيىنلاشتى. چۈشكە يېقىن قىزىت-

مىسى ئۆرلەشكە باشلىدى.

— ئوغلۇم! — دېدى بوۋاي ئاران تىنىپ، — مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ ئەجەل سائىتىم يېقىنلاشتى، سەن ئىلاج قىلىپ بۇ دوزاقتىن قۇتۇلۇپ كەت، ئەگەر قۇتۇلۇپ كېتەلىسەڭلا مېنىڭ ئوغلۇمنى ئىزلەپ باق، بەلكىم بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالارسەن، ئۇنىڭ ئىسمى نەسىردىن، ئۇچرىشىپ قالساڭ، قولىدىن تۇت-دە، ئۆزەڭگە ھەمرا قىلىۋال، ئۇ ساڭا ئەسقاتىدۇ، پۇتۇڭغا پۇت، قولۇڭغا قول بولىدۇ. ئېسىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن، ئۇ تىكەندەك يالغۇز بىرلا بالام ئىدى، ئىست! نەلەردە تېنەپ يۈرىدىغاندۇر، كىملەرنىڭ قولىغا قاراپ قالغاندۇر... — بوۋاي سۆزلەشتىن توختاپ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تامشىپ قويدى، — ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ تاغا، — دېدى ئەنجانباي بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — مەن بۇ گۆردىن قۇتۇلۇپ كېتەلىسەملا ئوغلىڭىزنى چوقۇم ئىزلەپ تاپىمەن.

بوۋاي بەكمۇ ھالسىز ئىدى. ئۇ داق يەرگە سېلىنغان يىرتىق ماتا چەكمىنى ئۈستىدە ياتاتتى، پۈتۈن بەدىنى تونۇردەك قىزىق ئىدى، كەچقۇرۇن گۇندىپايلار كىرىپ بوۋاينى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى، ئەنجانباي سوراقمۇ قىلىنمىدى، بوۋاينىڭ تەغدىرى نىمە بولغانلىقى ئەنجانبايغا نامەلۇم ئىدى. بوۋاي تەرىپلەپ بەرگەن تەۋپىق ئەپەندى تۈرمە ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى، ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، يىراق، ئەنجانباي ئۇ زاتنىڭ تەۋەررۇكىنى ئەتىۋالاپ ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ كەلدى.

كۈز كېچىسى ئىدى، ئاھارەت تۆكىدىن چىققان سېسىق بۇس دىماقنى يېرىۋەتكۈدەك ئېچىشتۇراتتى. ئەنجانباي گۆردەك قاراڭغۇ كامېردا تۈرلۈك ئوي-خىياللارغا بېرىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. تۈرمە ھويلىسىدىكى گۇندىپايلارنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئاياق تاۋۇشلىرى بارا-بارا كۈچەيدى. گۇندىپايلار نىمىگىدۇر ئالدىراشماقتا ئىدى. ئەنجانباي بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن ھىلىقى كامېر ئىشىگىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. «ئۇلار تەۋپىق ئەپەندىنى نىمە قىلىشىدىكىنە؟...» بىردىنلا كىشەننىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ۋە گۇندىپايلارنىڭ گۈرسۈلدەپ ماڭغان ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ بارا-بارا يىراقلاشتى ۋە تۈرمە ھويلىسى يەنە جىمىپ قالدى. ئەنجانباي ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ھويلىنى بىردەم تىڭشاپ تۇردى. ئاندىن ئىشىك قانىتىنى بىر كۈچەپلا ئالدىغا تارتىۋىدى، قۇرۇت يەپ چىرىگەن ئۈلگۈجەك «غىرسسسدە» قىلىپ ئاسانلا ئاجراپ كەتتى. ئەنجانباي تىۋىش چىقارماستىن سىرتقا چىقتى، تام ياقىلاپ بېرىپ ھاجەتخانىغا ئۆزىنى ئاتتى. «پاك-پۇك» قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. «توختا، كىمسەن؟» دىگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. قايسى بىر كۈزەتچى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، بىر قانچە ساقچى ۋاقىرىغىنىچە ھاجەتخانىغا بېسىپ كىردى. مىلتىق زاتۋورلىرى شاراقلاپ، ئوقلار ئېتىلدى...

## تاغ شاماللىرى

كېيىك گۆشىنىڭ مىزىلىك پۇرىقى يىگىتلەرنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇپ ئېغىزلىرىغا
سوغاق ۋە ئاچلىقتىن ھېرىپ-چارچىغان سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۈي

ئىگىسى خالىبېك توغراق ياغىچىدىن ياسالغان كەڭ گىرۋەكلىك تاۋاقلاردا گۆش كەلتۈردى. يىگىتلەر قىرغىز ئادىتى بويىچە تۇزۇت قىلىشمايلا گۆشكە قول ئۇزىتىشتى.

— ھېلىقى كىيىنى مېنى ئېتىۋەتكەن بولساڭ، — دېدى ئەنجانباي خالىبېككە قاراپ، — ماڭا ئوخشاش سەرگەردانىنىڭ قوسىغىنى بېقىشتىن قۇتۇلغان بولاتتىڭ.

— ئۇنى بىر دېمە، — دېدى خالىبېك كۈلۈپ، — بۇ ئالەمدە يەيدىغان رىسقىڭ تۈگىمىگەن ئىكەن، خۇدا بىر ساقلىدى - دە!

جۇمە باي «نىمە ئىش؟» دېگەندەك ئەنجانبايغا قارىدى.

— بۇ ئىشنى مەندىن سورا، — خالىبېك گۆش پارچىلاۋېتىپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى، — كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە يول يۈرۈپ بىرمۇ ئوۋ ئۇچرىتالمىدىم، بىر نەچچە يەرگە قۇرۇپ قويغان قاپقانلىرىممۇ يېقىلۇدۇم، ھېچنىمە چۈشمەپتۇ، قۇرۇق قول قايتىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، تۇقايلىقتا بىردەم ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، بىر تاشنىڭ كەينىگە مۈكۈنىپ كىيىكلەر ئىز سېلىپ ئۆتكەن جىرانى پايلاپ ياتتىم. بىردىنلا يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال بەردەڭگىنى توغرىلىدىم. مىدىرلاۋاتقان نەرسە بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «ئەجەللىك توشمىغان بولسا مۇنداق كەچتە ماڭا ئۇچرامتىڭ؟» دېدىم - دە، قولۇمنى تەپكىگە ئۇزاتتىم، لېكىن ئېتىشقا توغرا كەلمىدى، چۈنكى مىدىرلاۋاتقان نەرسە بارغانسېرى يېقىنلاپ ئادەم قىياپىتىدە كۆرۈندى، قارىسام، بىر ئادەم ئالدىمغا كېلىپ: «ئاداش، ماڭا شىداشاڭنىڭ① ئوقلىرى تەگمىگەن

① شىداشاڭ — گومىنداڭ چېرىكلىرى ئىشلەتكەن مىلتىقنىڭ نامى

يەردە سېنىڭ پاختىۋەنلىرىڭنىڭ ئوقى نىمىگە دال بولاتتى، بۈگۈن مەن ساڭا تىرىك ئوۋ، خالىساڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەت!» دېدى.

ياراقنى تاشلىدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردىم، سالام قىلدىم، ئۆزرە ئېيتتىم، ئىسمى - زاتىنى سورىدىم، «ئەنجانباي مەن» دېدى، بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشلۇق ئىدى، شۇڭا يىراق يەردىكى تۇققىنىمنى كۆرگەندەك بولدۇم، قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن بۇيان ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۆتىۋاتىمىز، بەزىدە بۇ دوستۇمنىڭ نەدە تۇرغىنىنى، نەگە ماڭغىنىنى بىلگىلىمۇ بولمايدۇ. قاتراپلا يۈرگىنى يۈرگەن. ئەمدى قارىسام، ئىشنىڭ يوغىنىنى چىقاردى. «زالىملاردىن ئۆچ ئالىمەن» دەيدۇ.

خالىبېكنىڭ ھېكايىسى تۈگىشىگىلا قادىرخان كىرىپ كەلدى.

— ئۈچ چېرىك بىلەن ئون بىر تۆگە ئۆتۈپ كەتتى، يەنە تۆگىچىسىمۇ بار، — دېدى قادىرخان ئەنجانبايغا قاراپ، — قارا كۆۋرۈكنىڭ ئايىغىدىكى تاش تامغا چۈشتى.

— ئاۋال قوسىغىڭنى تويغاز ئۇكام، — دېدى ئەنجانباي قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتەيلى.

قادىرخان ئوچاق ئالدىدا ئوتقا قاخلانغاچ ئولتۇرۇپ سوۋۇغان گۆشنى مەزە قىلىپ يېدى.

— تۆگىلەرگە ياراغ ئارتىلغان بولۇشى مۇمكىن، — ئەنجانباي ئۆز قىياسىنى ئېيتتى، — بولمىسا چېرىكلەر بىللە چىقمايتتى.

— لېكىن، ئۇلار ئوخلىغان تەغدىردىمۇ جەزمەن قوراللىق كۈزەتچى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىزدە خەنجەردىن باشقا ياراغ يوق.

— ھەر ئىشنى ۋاقتىدا كۆرىمىز، «باشقا

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە باتۇر» دەپتىكەن، بۇ بىر پۇرسەت، قولدىن كەتسە، مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلغىنىمىز بىكار.

ئەنجانباينىڭ سۆزلىرىگە ھەممەيلەن قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىشتى.

يىگىتلەر ئۆيدىن چىققاندا ۋاقىت ئېغىر ياتقۇدىن ئۆتكەن ئىدى. سوغاق شامال يۈزلەرگە سانچىلاتتى. دەريا سۈيى تىنىماي گۈرۈلدەيتتى. ئەنجانباي ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئىگىز-پەس تاشلىق يولدا كەلمەكتە. ئۇلار بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، تاغ بىلىدىن يۇقۇرىغا قاراپ سوزۇلغان يالغۇز ئاياق يولغا چىقىشتى. ئاسمان تۇتۇق بولۇپ، يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلاپ تۇراتتى.

— ئالدىمىزدا بىر ئەگىم دوقمۇش بار،— دېدى قادىرخان توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، — ئۇنىڭدىن ئۆتسەك ئۇڭ تەرەپتە ئويمان جاي بار، تۆگىلەر شۇ ئويمانغا چۆكتۈرۈلگەن.

يىگىتلەر قادىرخانغا ئەگىشىپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. ئويماندىن تۆگىلەرنىڭ كۆشىگەن، پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنجانباي يىگىتلىرىنى گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن چوڭ قۇرام تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكتۈرۈپ، ئۆزى يالغۇز تۆگىلەر چۆكتۈرۈلگەن تەرەپكە قاراپ كەتتى، تۆگىلەر بىرەر شەپىنى سەزگەندەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ ھە دەپ پۇرقىشاتتى. تاش تام ئالدىدا بىر ئادەم مىلتىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قوللىرىنى قوشتۇرغان ھالدا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەنجانباي يەر بېغىرلاپ كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپكە سىنچىلاپ قارىدى، تۆگىچى تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى، ئەنجانباي تۆگىچىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۈمىلىگىنىچە تۆگىلەرگە يېقىنلاشتى. تۆگىچى مۈگدەپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ ھېچنىمىنى سەزمەي ئولتۇرۇۋەردى.

ئەنجانباي تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، بىر قولدا تۆگىچىنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، بىر قولدا ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ئاۋازىڭنى چىقارما!

تۆگىچى سەل-پەل قىمىرلىدى-يۇ، لېكىن زۇۋان سۈرەلمەي قالدى، ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى.

— ئىتلارغا خىزمەت قىلىشنى خالىدىڭمۇ؟ ئەخمەق...!

ئەنجانباي تۆگىچىدىن جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزىدىن قولىنى بوشاتتى.

— ياق خالىمايمەن، لېكىن مەجبۇرلاشتى.

— ئەنجانباي يەنە تۆگىچىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەگەر شەپە چىقىرىدىغان بولساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن!

ئەنجانباي قولىنى سەل بوشىتىۋىدى، تۆگىچى چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— مەن بۇلاردىن قۇتۇلالماي يۈرىمەن، سىلە مېنى...

ئەنجانباي تۆگىچىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. بۇمۇ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن مەجبۇرى تۇتۇلغانلارنىڭ بىرسى ئىكەن-دە. ئەنجانباي ئەمدى تۆگىچىنىڭ ئاغزىدىن قولىنى ئاجرىتىۋېلىپ گەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— نەسىردىن.

— نېمە، نەسىردىن دېدىڭمۇ؟ — ئەنجانباي ھەيران قالدى، — نەلىكسەن؟

— بەشكېرەملىك.

تونۇش ئىسىمنى ئاڭلاپ ئەنجانباينىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، تۆگىچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شىۋىرلىدى:

— دەل مەن ئىزلەپ يۈرگەن ئادەم ئىكەنسەن، داداڭ بىلەن تۈرمىدە بىللە ياتقان ئىدىم، داداڭ سېنى ئىزلەپ تېپىشىمنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. مانا، ئاخىرى تېپىۋالدىم. ئېيتىپ باقە، يۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ياراغ بارمۇ؟

— بار، تۆت تۆگىگە ياراغ ئارتىلغان، قالغانلىرى ئاشلىق.

ئاھ، ياراغ! تۆت تۆگىگە ئارتىلغان ياراغ! ئەنجانباي ھاياجانلىنىپ كەتتى، يۈرىكى تېپچەكلىدى. تۆت تۆگىگە يۈك بولغۇدەك ياراغ دېگەن ئاز گەپمۇ؟ ئۇ ئىلگىرى شۇنداق پەرەز قىلغان ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ راستىنلا ياراغ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتمايلا قالدى.

— سىلە كىم بولىلا؟ — نەسىردىن تېخىمۇ ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپلىنىش ئىچىدە سورىدى.

— سىلە - پىلە دېمەي، سەن دەۋە، مەن ئەنجانباي بولىمەن.

— ھە، ئەنجانباي... مەن سىلىنىڭ ناملىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، دادام قانداق بولدى، ھازىر ھاياتمۇ؟!

— بىلمەيمەن، — ئەنجانباي تۆگە لوكىلىرىنىڭ ئۈستىدىن تاش تام تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ قاراۋېتىپ جاۋاپ بەردى. — ھازىر مۇڭدىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بىز ئاۋۇلارنى جايلىغىلى كەلدۇق، سەن ماڭا ياردەملەش!

نەسىردىن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەنجانباينىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. ئىككىيلەن پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، نەسىردىن ئالدىن مېڭىپ كۈزەتچى چېرىك تەرەپكە كەتتى، كۈزەتچى ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان تۆگىچىنى كۆرۈپ مىلتىقىنى كۆتەردى.

— توختا!

نەسىردىن توختىدى.

— نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

— دوخۇركاڭ بولسا بىر ئورام بەرسەڭ، بەك چەككۈم كېلىۋاتىدۇ.

كۈزەتچى چېرىك مىلتىقىنى پەسكە چۈشۈرۈپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن ئەنجانباي چېرىكنىڭ گېلىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتتى ۋە بىقىنىغا خەنجەر ئۇردى، نەسىردىن تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ شتىكىنى كۈزەتچى چېرىكنىڭ قوسىقىغا ئۇدۇللاپ تىقتى. چېرىك ۋاقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يەرگە يىقىلدى. ئەنجانباي خەنجىرىنى چېرىكنىڭ جۇۋىسىغا سۈرتتى - دە، ھەمراھلىرى تەرەپكە قاراپ پەس ئاۋازدا بۆرىنى دوراپ ھۇۋلىدى. شۇ ھامان يېقىنلا يەردىن يىگىتلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ھەممەيلەن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنجانباي ئۇلارنى تاش تام ئالدىغا باشلاپ باردى ۋە ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى، تام ئىچىدىن خورەك ئاۋازىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمىدى، ئەنجانباي قولى بىلەن ئىشارە قىلىۋىدى، يىگىتلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە تاش تام ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. ئەنجانباي كۈزەتچى چېرىكتىن ئولجا ئالغان مىلتىقىنى چەتتە ياتقان چېرىككە توغرىلاپ تۇرۇپ شتىك ئۇردى، يىگىتلەرنىڭ قولىدىكى خەنجەر - پىچاقلارمۇ ھەركەتكە كەلدى، شتىك - خەنجەرلەرنىڭ «گۈچ - گۈچ» قىلىپ ئۇرۇلۇشلىرى بىلەن خىرقىرىغان ئاۋازلار بىرلىشىپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

*

1945 - يىلى باھار، ئويتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۈستىنى قىلىن قار چۈمكەپ تۇرسىمۇ، پەس ياناباغىرلاردا كىچىك-كىچىك تاراملارنى ھاسىل قىلىپ ئاققان قار سۇلىرى يېشىلىلىقتا قاراپ ئۆزگىرىۋاتقان يايلاقلارنى سۇغارماقتا ئىدى.

قىشچە سۈيى تارتىلىپ كەتكەن گەز دەريانىڭ دۆڭ-لاتقىلىق سۇلىرى مۇز پارچىلىرىنى ئاققۇزاتتى، تۆپىلىك، جىرالاردىن كەلگەن شامال دەريا ساھىلىغا كەلگەندە قۇم بورىنىغا ئايلىناتتى، بوران پەسەيگەندە ئاسمان بېتىدە سۇر رەڭ بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ دەم ئۆرلەيتتى، دەم يېيىلاتتى، تاڭ سەھەردە بوشىلۇقنى قاپلاپ تۇرغان ئاقۇش تۇمان شامال-بورانلارغا ھەمرا بولۇپ يېزا-قىشلاقلارغا ئۇچۇپ باراتتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە. ئەنجانباينىڭ يىگىتلىرى 15 كە يەتتى، يېڭىدىن قوشۇلغانلارغا قورال تارقىتىپ بېرىلدى، قالغان 30 تال مىلتىق، 8 تاپانچا ۋە 4 يەششىك ئوق-دورا توقاينىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئۆتكۈرگە يوشۇرۇپ قويۇلدى، تۆگىلەر قىرغىزلارغا بېرىۋېتىلدى. ئەنجانباي ئەترىدىنى باشلاپ بوستانتېرەك، ئاقتاش يايلاقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوپالنىڭ يۇقۇرىسىدىكى قۇمۇشلۇققا كەلدى ۋە شۇ يەردە ماكان تۇتتى.

بىر كۈنى ئەنجانباي يىگىتلەر بىلەن بىللە تېرىق تالقىنىنى سوغاق سۇغا چىلىپ ئىچىۋېتىپ تەۋپىق ئەپەندى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئۇزۇندىن بويان ئەتىۋالاپ ساقلىغان لاتا تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ ئاچتى، ئىچىدىن پۈكلەنگەن قەغەزلەرنى ئالدى، يىگىتلەرگە كۆرسەتتى، بىراق ھەممەيلەن پۈرلىشىپ كەتكەن سامان قەغەزلەرگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— ھېچقايسىڭلار ئوقۇيالماسىلەر؟

ئەنجانباي يىگىتلىرىگە بىر-بىرلەپ سەپ سېلىپ چىقتى، ئەسىردىن ھەممەيلەننى خىجىللىقتىن قۇتقۇزدى، ئۇ ئەنجانباينىڭ قولىدىن قەغەزلەرنى پەم بىلەن ئالدى، بىر ھازا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى.

— ھەممىسى بېيىت ئىكەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى.

— ئوقۇساڭچۇ؟ نېمىلا بولسا بىر ئاڭلايلى.

يىگىتلەر تەقەززا بولۇشۇپ ئەسىردىننى ئالدىراتتى، ئەسىردىن بىرىنچى قەغەزدىكى نەزمىنى ھەجىلەپ ئوقۇدى:

«سەن ئۈچۈن ئەي خەلقىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز». يىگىتلەر ئەسىردىننىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئەسىردىن ئاۋازىغا جىددى تۈس بېرىشكە تىرىشىپ ئىمىر-چىمىر خەتلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ ئىككىنچى قەغەزدىكى مۇنۇ مىسرالارنى تېخىمۇ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

«پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت، زۇلۇم، ئىستىبدات،
شۇم تەغدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازات!»

يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجان قاپلىۋالدى، ئۇلار بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ نەزمىدىكى مەردانە، يالقۇنلۇق سۆزلەرنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار تېخىمۇ روھلىنىپ ئەسىرىدىننىڭ قولىدىكى قەغەزلەرگە تەلمۈرۈشتى. ئەسىردىن يەنە بىر قەغەزنى ئاچتى، قەغەزنىڭ باش قىسمىدىكى قۇرلار پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر مىسرا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەسىردىن بىر

مىنۇتچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى:

«قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ئېتىلىدۇق».

يىگىتلەر نەسىردىننىڭ قولىدىكى قەغەزلەرنى قولدىن - قولغا ئېلىشىپ كۆرۈشتى، گەرچە ئۇلار ئوقيالمىسىمۇ قەغەزدىكى نەزمىلەرنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى.

— بىز قولىمىزغا مىلتىق ئالدۇق، — دىدى ئەنجانباي تىترەك ئاۋازدا، — ئەمدى زالىملارغا بوزەك بولمايمىز. كونىلاردا «يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال» دىگەن تەمسىل بار، ئۆلسەكمۇ ئېتىپ ئۆلۈمىز.

ئەنجانباينىڭ كىشىگە غەيرەت بېغىشلايدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىرى ياش يىگىتلەرنىڭ ئەركىنلىككە، ئازاتلىققا تەلپۈنۈپ تۇرغان قەلبىگە ئۆچمەس تامغا بولۇپ ئويۇلدى.

*

باھار قۇياشى يەر - زىمىننى بارغانسېرى قىزىتماقتا ئىدى، قومۇشلار ئادەم بويى ئۆسۈپ پۈتۈن جاڭگاللىقنى قاپلىدى، پەستە ئوپالنىڭ بۈك - باراقسان تېرەكلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، باقىباي ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ نەلەردە نىمە قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۇرت شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئەسكى ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ، ئوغۇللىرى توغرىلىق سورىغانلارغا: «ئەنجانباي ھىلىمۇ سولاقتا، جۇمەباي بىلەن قادىرخان تىجارەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرەتتى، باقىباي ئائىلىسى ئوپالدىكى كۆپچىلىك يوقسۇللارغا ئوخشاشلا نامرات ئىدى، كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ، قېرىلىق يېتىپ، مۈكچىيىپ قالغان بوۋاي ئوغۇللىرىنىڭ يوقلىقىدىن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، تۈزۈكرەك ھوسۇلمۇ ئالالمىدى. ئاچلىق - يالىڭاچلىق ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دەھشەت سالاتتى، ئەمما زۇلۇمىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ بېشى پىشقان قېرى دىخان ھەممىگە بەرداشلىق بېرەتتى، سەۋىر - تاقەت قىلاتتى، سەھەر - كەچ ئوقۇغان نامازلىرىدا ئوغۇللىرىنىڭ ھەرقاچان سالامەت بولۇشىنى، بالا - قازاغا ئۇچرىماسلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

بۈگۈن باقىباي خۇپتەن نامىزىغا ئولتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرمىدى، نامازنى ئوقۇپ بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ تىتىلىپ كەتكەن كىگىز جەينامازدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق قىرائەت قىلدى، ئاندىن ئۆزى بىلگەن ۋە دائىم ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئايەت - دۇرۇتلەرنى تەكرارلاشقا كىرىشتى.

— بىرو ئىشىكنى ئۇرۇۋاتىدۇ، — دىدى توختى ئايىم ساپال چىراقنىڭ پىلىگىنى چىقىرىۋېتىپ، — بۇ كېچىدە كەلگەن كىمدۇ؟

باقىباي دۇرۇت ئوقۇشىنى توختىتىپ ئايالىغا ئىشىكنى ئېچىشنى ئىشارەت قىلدى، توختى ئايىم «ئايەتەلكۇرسى» نى ئوقۇغىنىچە ئىككى تەرىپىگە سۈپ كۆشلەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئانا!

— بالام!...

ئانا - بالا بوسۇغىدىلا قۇچاقلاشتى، باقىبايمۇ ھاسىسىنى تۇكىلدىتىپ ھويلىغا چىقتى.

— قادىرخان بالام! — يۈرىكى سېغىنىش ئوتى بىلەن ئۆرتەنگەن بوۋاي ئوغلىنى كۆكسىگە بېسىپ، مەڭزىلىرىگە سۆيدى، توختى ئايىم ئىشىكنى تاقىدى، ئاتا - بالا ئۆيگە كىرىشتى.

— مەن ئالدىراش كەلدىم، — قادىرخان ئاكىلىرىنىڭ سالامەت ئىكەنلىگىنى ئېيتقاندىن كېيىن كېلىش مەقسىدىگە كۆچتى، — ئوپالدا نىمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ، سىلەر نىمە ئاڭلىدىڭلار، نىمە كۆردۈڭلار؟

— ئاھ خۇدا! — توختى ئايىم چاي تەييارلاۋېتىپ نالە قىلدى، — ئەمدى كېلىسەنۇ، بىزنى قانداق تۇردۇڭلار، دېمەستىن يۈرتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كەتكىنىڭنى قارا.

— ئەلنىڭ ئۇغلى شۇنداق قىلىدۇ. — دېدى باقىباي ماقۇللاپ.

باقىباينىڭ سۆزى بىلەن توختى ئايىم جىم بولدى، باقىباي قادىرخاننىڭ تېخى بالىلىق ھېسلىرى چاقناپ تۇرغان شوخ كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەنجانباي جوەە ئاكاك بىلەن سېنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى بەگنىڭ خامىنىغا ئوت قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا تارالدى، كېيىن ئاڭلىسام، سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار ئىكەن، ئەسلىدە بەگ بۇنداق زور چىقىم ئۇچۇن مەندىن قاتتىق ئۆچ ئالاتتى، لېكىن، سىلەرنىڭ يەنە قايتىپ كېلىپ ئۆزىگە تېخىمۇ چوڭ تالاپەت يەتكۈزۈشىڭلاردىن ئەنسىرەپ جىم بولدى.

— ئۇ ئانچىكى ئىش، — قادىرخان مەغرۇر بىر قىياپەتتە دادىسىغا قارىدى، — ھازىر باشقىچە ئىش تۇتىۋاتىمىز، ئادەملىرىمىز كۆپەيدى، ياراغ - جابدۇق دىگەنلەرنىڭ نوچىسى قولىمىزدا، بەگ - پەگ دىگەنلەرنىڭ تومۇرىنى سىقىرىتىدىغان چاغلار كېلىپ قالدى.

— قارا كۆۋرۈكتە يوقالغان قورالىلار ھېچيەرگە كەتمەپتۇ - دە، بەللى ئوغۇللىرىم، ئوغۇل بالىغا لايىق ئىش قىپسىلەر.

باقىباي ئوغۇللىرىنىڭ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولدى، توختى ئايىم چاي ئېلىپ كەلدى، باقىباي چاي ئىچكەچ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ياراغلىرىنىڭ يوقالغانلىقى بىلىنگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار قەشقەر، يېڭىشەھەردىن تارتىپ تاشقورغانغىچە قاتراپ ھەممە يەرنى قېزىۋەتتى، ئۆيلەرنى ئاختۇردى، ئاخىرى بۇ ئىشمۇ تىنجىپ قالدى. ئەمدىكى ئەھۋالغا كەلسەك، پۈتۈن ئوپالدا «ئەيسا لەنجاڭ چىقىپتۇ» دىگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە، ئەيسا لەنجاڭ تاشمىلىق لەڭزىنى ساقلاپ ياتقان خۇالەنجاڭ بىلەن بىرلەشكۈدەك. يەنە تېخى ئۇلار تاشمىلىق، ئوپال، چاھېرىقلاردىن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتقۇدەك...

تاڭغا يېقىن قادىرخان ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى، باقىباي بىلەن توختى ئايىم ئىشىك ئالدىدا باللىرىغا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

*

— بىر كۈتكەن پەيت كەلدى، — دېدى ئەنجانباي قادىرخان ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ، — تاشمىلىق لەڭزىدىكى چېرىكلەرنىڭ كۆپىيىشى، يۇرتتىن ئەسكەر ئېلىش ئىشى بىرەر چوڭ ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بىز ئەمدى قومۇشلۇقتا يېتىۋەرمەيمىز، — ئەنجانباي سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: — مەن ئوپالغا چۈشىمەن، سىلەر نەسىرىدىننىڭ باشچىلىقىدا تاققا چىقىپ ھىلقى ياراغلارنى تەق قىلىڭلار.

— يالغۇز بارما! — دېيىشتى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن، — بىرەرسىمىز ھەمرا بولايلى.

— ياق، مەن ئۇيەردىكى ئىشلارنى دادام ئارقىلىق جۆندەيمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار.

— نەدە ئۇچرىشىمىز؟ — دېدى نەسىرىدىن.

— چەشتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى جىلغىدا.

ئۇژمىلەر مەي باغلاپ پىشقان، مايسەم

ئۆرۈكنىڭ ئالدى بازارغا كىرگەن چاغدا «ھەزرىتى موللام» دا سەيلە قىزىپ كەتتى، قەدىمدىن تارتىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئەنئەنىۋى سەيلىگە بۇ يىل يالغۇز ئوپاللىقلارلا ئەمەس، ھەتتا قەشقەر، توقۇزاق، ئاقتۇ قاتارلىق يۇرت - شەھەرلەردىنمۇ توپ - توپ كىشىلەر كېلىپ قاتناشقان ئىدى.

باقىباي چىلان ياغىچىدىن ياسالغان توق قىزىل رەڭلىك ئەگرى ھاسىسىغا تايىنىپ مەھەللىمۇ - مەھەللە، ئۆيمۇ - ئۆي ئايلىنىپ چىقتى، سەيلە سورۇنلىرىغا ئارىلاپ كىردى، ئەيسا لەنجاڭ بىلەن ئوپال بېگى تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تىزىملانغان ياشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باقىباينىڭ سۆزلىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي تېڭىرقىدى، ئىككىلەندى. قانداقلا بولمىسۇن باقىباينىڭ يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان تەرغىباتلىرى ئۈنۈم بەرگەن ئىدى، ياشلارنىڭ كۆپچىلىگى ۋەدە قىلىشتى، باقىباي بۇ ئىشلارنى شۇنداق مەخپىي ۋە ئەپچىللىك بىلەن جۆندىدىكى، ئەيسا لەنجاڭ دەپتەرگە تىزىملانغانلاردىن 50 نەچچە كىشىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي بىر ھەپتە ئاۋارە بولدى.

— بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالسا بىزنى تىنچ قويمايدۇ، — دېدى باقىباي ئايالىغا، — بالىلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتەيلى، ھېچ بولمىسا ئۇلارغا چاي قاينىتىپ بېرىشكە ياراپ قالارمىز.

شۇ كېچىدە باقىباي سەپەر خۇرجۇنىنى دولىسىغا ئارتىپ، توختى ئايىم بىلەن بىللە ئويتاغ تەرەپكە يول ئالدى.

*

غۇر - غۇر شامال تاغ تەرەپتىن زىرىقنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى، يايلاقلار يېشىللىققا پۈركەنگەن، جىرالار ئارىسىدا ئۆسكەن تاغ كەكرىسى ۋە چاكاندىنىڭ ئىنچىكە يۇمران شاخلىرى شامالدا ئىغاڭلايتتى، تاغ بەللىرىدە گۈڭگا تۇمانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، گەز دەرياسىنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ كەتكەن ئىلان باغرى يولى خۇددى بىر تال يىپقا ئوخشاش ئىگىزلىككە قاراپ سوزۇلغان ئىدى، «ئويتاغ ئېغىزى» نىڭ ئاخىرقى قۇيرۇقىدا دەريا كېچىگى ئارقىلىق تاشمىلىق بىلەن چامبىرتقا ئايرىلىدىغان كەڭ ئوچۇقچىلىق ساي يېيىلىپ ياتاتتى.

خالبېك قارا كۆرۈكنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىگىزلىكتە تۇرۇپ پەسكە دىققەت بىلەن نەزەر سالماقتا، تاغ يولىدا تاشقۇرغان، سۇباش قاتارلىق جايلاردىكى توقۇنۇشتا يېڭىلىپ چېكىنگەن گومىنداڭچىلار قىستىلىشىپ، تاشلارغا پۈتلىشىپ، يىقىلىپ قوپۇپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى پىيادىلىرىنى قامچىلاپ يول بېرىشكە مەجبۇر قىلاتتى. بىر بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە ھەركەت قىلاتتى. پىيادىلارنىڭ بەزىلىرى مىلتىقلىرىنى تاشلارغا تىرەپ قويۇپ كۆزدىن غايىپ بولۇشاتتى. ئۇلار گويا بۆرىدىن ھۈركىگەن پادىغا ئوخشاش قورقۇنچ ۋەھىمە ئىچىدە ئويتاغ ئېغىزىغا قاراپ سىلجىشاتتى. خالبېك بۇ مەنزىرىگە بىر ھازا قاراپ تۇردى، بارماقلىرىنى بىر بىرلەپ پۈكۈپ ئېچىپ نۇرغۇن ساناقلارنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، كەينىگە يېنىپ ئېتىغا قامچا سالدى.

ئەنجانباي خالبېك يەتكۈزگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن يىگىتلىرىنى بىر نەچچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ جەڭگە ھازىرلىدى. ھەممەيلەن بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدا پۇختا تەييارلىق قىلىپ قويدى. بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئالدىراپ كېلىۋاتقان گومىنداڭچىلارنىڭ بىر قىسمى ئۇدۇل مېڭىپ چامبىرىق تەرەپكە يول ئالدى، بىر قىسمى تاشمىلىق

www.uygurkitap.com

تەرەپكە بۆرۈلۈپ دەريانىڭ يېيىلىپ ئاققان جايىدىن كېچىپ ئۆتۈشتى، بۇلار ئۇدۇل بېرىپ ئەيسا لەنجاڭ بىلەن خۇا لەنجاڭنىڭ قىسىملىرىغا قوشۇلاتتى. دۈشمەننىڭ يېرىمى ئۆلتۈپ كەتتى، قالغانلىرى پىيادە بولۇپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئاستا مېڭىشىپ ئەنجانباي ئەتىردى ئورۇنلاشقان تىك تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىشتى.

تونجى ئوق ئاۋازى تاغ ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن ياڭرىدى، پۈتۈن ئەتىرەت دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى، دۈشمەنلەر پىتىراشقا باشلىدى، بەزىلىرى تاش كەينىگە، بەزىلىرى چوڭقۇر ئازگاللارغا مۆكۈشتى، بەزىلىرى بېشى قايغان تەرەپكە قاچتى، دۈشمەنلەر قايمۇقۇپ تاغ ئۈستىگە نىشانسىز ئوق ئۈزەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەنلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھالاك بولدى، ئاز قىسمى قېچىپ كەتتى. چېقىمسىز غەلىبىدىن چەكسىز شاتلانغان نەسىردىن، جۇمەباي، خالىبېكلەر ئەنجانباينى قولمۇ-قول كۆتىرىپ يۇقۇرىغا ئېتىپ، تۇنجى قېتىملىق ئۇتۇقلىرىغا تەنتەنە قىلىشتى، تاغ ئۈستىدە خېلى ئۇزۇنغىچە قىزغىن چۇقان بېسىلمىدى.

## پودپولكوۋنىك

ئەتراپى قاتمۇ-قات تاغلار بىلەن ئورالغان تەبىئى قورغان — ئويتاغ جىلغىسى يېشىللىققا پۈركەنگەن ئىدى. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈژمە دەرەخلىرى ئارىسىدا ئانچە-مۇنچە تام ئۆيلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. جىلغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى بىر كىچىك دەريا كېسىپ ئۆتەتتى. جىلغىنىڭ يۇقۇرىسىدىكى ئات ئويناق يايلىغىنى قورشاپ تۇرغان جىرالاردىن سىرغىپ ئاققان تارام-تارام قار سۇلىرى مۇشۇ كىچىك دەرياغا يىغىلىپ ئېقىپ ئاخىرى گەز دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. دەريانىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا لاي-كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان قەددىمي قورا بار ئىدى. گومىنداڭچىلار مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، بۇ قورا ئويتاغ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

نەسىردىن بىلەن قادىرخاننىڭ ھەمرالىقىدا ئاتلىق يېتىپ كەلگەن ئەنجانباي قورا ئالدىدا توختىدى.

— سالام!

قورا ئالدىدا تۇرغان قاسىم قاش بىلەن ئابدىمىلىك ئوڭ قوللىرىنى چېكىسىگە كۆتىرىپ ئەنجانباينىڭ سالىمىغا جاۋاپ قايتۇرغاندىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ كىشى ئويتاغ شتاۋىمىزنىڭ مەسلىھەتچىسى، — دىدى قاسىم قاش ئابدىمىلىكنى كۆرسىتىپ، — ئىسمى ئابدىمىلىك.

ئەنجانباي قارا ساقاللىق، 40 ياشلار چامىسىدىكى ساغلام، قاۋۇل كىشىنىڭ قولىنى قايتىدىن سىقتى.

ئۇلار شتاپقا كىرگەندە شتاپ باشلىغى ئەينىدىن خەت يېزىپ ئولتۇراتتى، قاسىم قاش ئەينىدىن بىلەن ئەنجانباينىمۇ ئۆزئارا تونۇشتۇردى. ئەنجانباي ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى پەگاغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى، ئەينىدىن ئەنجانبايدىن يىگىتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئويتاغ ئېغىزىدىكى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشكەن تاغ ئەزىمەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىدى.

— ھەققەتەن ياخشى جەڭ قىلدىڭلار، — دىدى

ئابدىملىك سۆز قىستۇرۇپ، — سىلەرنىڭ
قارا كۆۋرۈك ئەتراپىدا گومىنداڭنىڭ
قورال يۆكلەنگەن تۆگىلىرىنى قولغا چۈشۈر-
گەنلىكىڭلار ھەققىدىكى خەۋەرنى بىز بۇرۇنلا
ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ قېتىم قاچقان دۈشمەن-
لەرگە توسۇپ زەربە بېرىشتە تازا باتۇرلۇق
كۆرسەتتىڭلار، ئەزىمەتلىرىڭىز ناھايىتى قابىل
ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن شتاپ باشلىقى
ئەينىدىن شىرە ئۈستىدىكى قارا، قىزىل سى-
زىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئاددى ھەربى
خەرىتىنى ئېچىپ تاشقورغان، ئۈيتاغ رايون-
لىرىدىكى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىيىتى، نىشانلىرى
ئۈستىدە توختالدى:

— ھازىر زەربە يەپ چېكىنگەن گو-
مىنداڭ ئەسكەرلىرى تاشمىلىق لەگىزىدىكى
خۇا لەنجاڭ، ئەيسا لەنجاڭ دىگەنلەرنىڭ
قىسىملىرىغا بېرىپ قوشۇلدى، ئۇندىن باشقا
يېڭىشەر ھەربى سىلكىيۇسى تاشمىلىق لەگىزى-
گە يەنە بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ
چىقتى، ھازىر چەشتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن
تاشمىلىق لەگىزىدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ سانى
1500 دىن ئارتۇق. ئۇلار كۈچنى توپلاپ
بىزنىڭ ئىشغالىيىتىمىزدىكى تاشقورغان، سۇباش،
مۇخ، بۇلۇڭكۆل ۋە ئۈيتاغ رايونلىرىنى تار-
تىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.
ئۇلارنىڭ توققۇزاق، بوستانتېرەك، ئاقتاش،
ئۇلۇغچات تەرەپلەردىمۇ ھەربى كۈچى خېلىلا
زور. پولكوۋنىك قاسىم قاش مانا مۇشۇ تە-
رەپلەردە ھەركەت قىلىدۇ، سىزنىڭ ۋەزىپى-
ڭىز — دىدى شتاپ باشلىقى ئەنجانبايغا
قاراپ، — ئاۋال چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنى
ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، تاشمىلىق لەگىزىنى
ئىشغال قىلىپ، ئاساسىي قىسىملىرىمىزنىڭ
قەشقەرگە قاراپ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشى
ئۈچۈن يول ئېچىشتىن ئىبارەت. زۆرۈر
تېپىلغاندا، قاسىم قاش سىزگە ياردەم بېرىدۇ.
جەڭ ۋەزىپىلىرىنى غەلبىلىك ئورۇنلاش ئۈ-
چۈن ئەترىدىڭىزدىكى يىگىتلەرنى ياخشى سە-
پەرۋەر قىلىش بىلەن بىرلىكتە يەنە تەسىر
دائىرىڭىزنى كېڭەيتىشىڭىز لازىم.

ئەنجانباي شتاپتىن روھلانغان ھالدا
ئۇزاپ چىقتى، ئۇ شتاپ قوراسىنىڭ دەرۋا-
زىسى ئالدىدا باشلىقلار بىلەن قىزغىن قول
ئېلىشىپ خوشلاشتى، ئۇ نەسىردىننىڭ قول-
دىن ئات چۇلۋۇرىنى ئېلىۋاتقاندا قاسىم قاش
ئەنجانباينىڭ مەزمۇت، كۈچلۈك بەستىگە زوق-
لىنىپ قاراپ مۇنداق دىدى:

— گومىنداڭنىڭ يېڭىشەر ھەربى سى-
لىكىيۇسى سىزنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 10
جىڭ نەشە، 100 سەر ئالتۇن مۇكاپات
بەرمەكچى بوپتۇ، بۇ ھەقتىكى ئېلانلارنى
كوچا - كوچىغا چاپلىدى، پەخەس بولۇڭ.

ئەنجانباي ھەربى ئۈستاپ بويىچە
ھەممەيلەنگە چاس بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈر-
گەندىن كېيىن ئېتىغا مىندى.

ئەنجانباي ئۆز قارارگاھىغا يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ئەترەتنى يىغىپ ھازىرقى
جەڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە
بەردى ۋە يىگىتلەرگە تەييارلىق قىلىشنى
بۇيرۇپ خالىبېكنى يېنىغا چاقىردى.

— تاغ يوللىرىنى سەن ياخشى بىلى-
سەن، يىگىتلىرىڭدىن تۆت - بەشنى ئېلىپ
چەشتاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يەر تۈزۈلۈشىنى
تەكشۈرۈپ كەل.

ئەنجانباي خالىبېكنى يولغا سېلىۋېتىپ
ئەترەت ئورۇنلاشقان گەمە، ئاكوپلارغا كىرىپ
يىگىتلەرنى بۇ قېتىمقى جەڭنى ياخشى قى-
لىش ھەققىدە رىغبەتلەندۈردى.

چەشتاغ — ئۈيتاغ ئېغىزىدىكى تۆپىلىك-
لەردىن باشلىنىپ جەنۇپ تەرەپكە سو-
زۇلۇپ كەتكەن سېرىق توپىلىق دۆڭلۈكلەر-

دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرى بىپايان تاشلىق ساي بولۇپ بىر تەرىپى تاشمىلىق لەڭزىگە تۇتىشاتتى. گومىنداڭچىلار ئويىتاغ ئىنقىلابچىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن بۇ ئەپلىك جاينى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇلار چەشتاغنى بويلىتىپ چوڭقۇر ئاكوپلارنى قازدى، گەمىلەرنى كولىدى، تاش ئىستىھكاملارنى ياسىدى، چەشتاغنىڭ ئالدى تەرىپى ئوچۇق ساي بولۇپ، كەينى تەرىپىنى قاتمۇ - قات تاغ ئوراپ تۇراتتى. تاغ تەرەپتىن خەۋپ يېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان دۈشمەن مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى ساي تەرەپكە توغرىلاپ قويغان ئىدى.

ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغدا خالىبېك ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. خالىبېكنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، چەشتاغدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 250 تىن ئارتۇق بولۇپ، كىچىك تىپتىكى ئىككى دانە پىلىموتتىن باشقا، ھەممىسىدە ئادەتتىكى بىر ئاتار مىلتىق بىلەن پاينىگىسى قاتلىنىدىغان كونا ئاپتوماتلار بار ئىكەن.

— ساي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى خالىبېك ئاخىرىدا — پەقەت ئارقا تەرەپتىن كېلىش مۇمكىن. لېكىن ئارقا تەرەپ تىك ئېگىزلىك بولۇپ، پەقەت بىرلا تار قىيالىق ئارقىلىق دۈشمەن ئاكوپى تەرەپكە چىققىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ قىيالىقتىن تۆپلىشىپ چىقماق تەس.

ئەنجانباي بىر ھازا قاپىقىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى، ئاكوپ قىرىدىكى كىچىككىنە تۈزلەڭلىكتە ئۇيان - بۇيان ماڭدى، ئۇنىڭ ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن قىزغۇش رەڭلىك چورۇقى ئاستىدا ئۇششاق تاشلار شىرىقلايتتى. «پەقەت بىرلا تار قىيالىق ئارقىلىق چىققىلى بولىدۇ. بۇنچە كۆپ ئادەم ئۇ يەردىن قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىپ بولار؟» ئەنجانباي شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتىرىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

ئەنجانباي چىراق يورۇقىدا قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن يەرگە سىجاپ، مۇھىم نۇقتىلارغا تاشلاردىن بەلگە سىزىپ خالىبېك گۇرۇپپىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش لېنىيىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

— چۈشەندىڭمۇ، ئۇنداق بولسا ھازىر ئاتلان، بىز يەنە بىر ئاش پىشىمىدىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

(داۋامى بار)

(بېشى 143 - بەتتە)

— جۇڭگو، ئەگەر دۆلەت قانۇنى ئۆزى ئېيتقىنىدەك توغرا - ئادىل بولسا، لوندۇنغا بارغىن — كەشپىياتىڭ ئۈچۈن بىر نۇسخا ئېنىق، تەپسىلى ئىزاھلانغان رەسىملىك چۈشەندۈرۈشنى قولغا كەلتۈرگىن — بۇ نەرسىنى ئېلىشىڭ ئۈچۈن 5 شىللىڭلىق يېرىم كۈمۈش تەڭگە خەجلىشىڭ مۇمكىن — مۇشۇ نەرسىگە تايىنىپ، مەخسۇس پايدا ھوقۇقى ئالدىغان ئىشىڭنى بېجىرەلەيسەن.

مېنىڭ ھازىرقى كۆزقارىشىم تومىس جۇرىيېنىڭكىگە ئوخشاۋراق كېتىدۇ. تېخى بۇلا ئەمەس، ۋىلېپلىم بۇچىنىڭ مۇنۇ كۆز قارىشىغىمۇ قوشۇلىمەن:

— قانداقتۇ «ھۆججەت قىسقۇچنى باشقۇرغۇچى»، «قىزىق سۈرغۇچ بىلەن پېچەتلەشنى باشقۇرغۇچى» ئىسمىش تېخى، ئاشۇ نەسىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرماي بولمايدۇ، ئەنگلىيە ئاشۇلارنىڭ كولدۇرلىتىشى بىلەن ھازىرغىچە دەپسەندە قىلىندى.

(«چەتئەل ھېكايىلىرى» 1 - قىسمىدىن)

**تۇرسۇن مەخسۇت** تەرجىمىسى.




## پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن



قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوتتۇراھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەسلەپ دىنىي ھەم پەننىي مەكتەپلەردە، 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى. 1943 - يىلى قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمى، «قەشقەر گېزىتى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىدى. كېيىنكى يىللاردا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

قۇربان ئىمىننىڭ «ئەدەبىيات» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1937 - يىلى دېكابىردا «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. شائىر شۇندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۇزۇن ھەم جاپالىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خەلقىمىزگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە، ئاساسەن، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئوبزور ھەم پروزا ئەسەرلىرىنىمۇ يازدى.

شائىر قۇربان ئىمىن ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، پۇشكىن، لېرمونتوپ، چېخوپ، ل.تولستوي، موپاسسان، گوركى، ماياكوۋسكى، سەدرىدىن ئەينى، لۇشۈن، گومورو، گوشياۋچۈەن، تيەن جەن، جاڭ جېمىڭ، ئەيچىڭ قاتارلىق ئەدىپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە

ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئىنقىلاۋىي قۇربان ماۋزىمىن، چىن تيەنچيۇ ۋە مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن قاتارلىق ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرىلا ئۆز خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پىكىرلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، «شوخ ـ ئەركىن» تەخەللۇسى بىلەن «ئاچچىق كۈنلەر»، «ھېيتكادا ئۈچ قىز»، «ئەركىنلىك» قاتارلىق 90 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «گۈل قىز»، «ئىبرەت» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە ھىكايە ۋە «توكيونىڭ تەقدىرى»، «ئارسلان»، «چېچىكىم»، «ئاشنامغا دەشنام» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىنى، جاھانگىرلىكنىڭ جىنايىتىنى ۋە فېئودالىزىمنىڭ ئاسارىتىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى، بەختىيار، يېڭى ھايات يارىتىش يولىدىكى كۈرەش ھەم غايىلىرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ يازغان بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا سەھنىلەردە ئوينىلىپ، خەلقىمىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىن قوغلىدى ھەمدە قىيىن-قىستاققا ئالدى، ئەمما شائىر زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمىدى. 1947 - يىلى ئۆزى بىلەن قەلبداش 4 نەپەر شائىر بىلەن بىرلىشىپ، «شېرىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزدى. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا زۇلمەتلىك كونا دۇنيا پاش قىلىنغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتتىق ئەيمىنەنگەن، كەڭ خەلق ئاممىسى ئويغىنىشقا دەۋەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، توپلام «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، رەسمىي تارقىلىشقا باشلىغاندا، گومىنداڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بۇيرۇق بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى پەيلىنى بۇزۇپ، بۇ توپلامغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن قۇربان ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنى قولغا ئېلىپ، بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا، ئازاتلىق ھارپىسى يېقىنلىشىپ قېلىپ، مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شائىرنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشى ئىنتايىن غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. شۇ يىللاردا ئۇ بىرەر تال قېرىنداش، بىرەر تاختا سامان قەغەزنىمۇ ئىنتايىن تەجەپ ئىشلەتتى. قىش كۈنلىرى مۇزدەك سوغاق ئۆيدە قارا چىراق يېقىپ، سۈپىنىڭ ئۈستىدە دومچىيىپ ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتى.

1949 - يىلى ئۆكتەبىردە شائىرنىڭ قەلبىگە ئازاتلىق تىڭىنىڭ پارلاق نۇرى تۆكۈلدى. ئۇ 1950 - يىلى كۈزدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي - شىمال رايونى بويىچە شىنئەندە ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بۇ خىل ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىسى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. ئۇ شۇ يىلى يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 1960 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا، 1979 - يىلى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا، 1984 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە بىگۇنا شائىر تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، قاتتىق ئازاپ چەكتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» غا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئازاتلىققا ئېرىشتى. يېڭى دەۋر ھەم ئۇنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن شائىر ئىجادىيىتىگە ئېيتقۇسىز كۈچلۈك ئىلھام بەخش ئەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ۋەتەن ھەققىدە ناخشا»، «قەشقەردە باھار»، «ئانامغا»، «تيانشان خىتاۋى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «ئۈزۈلمەس رىشتە»، «قەشقەر قىزى»، «ھاجاخۇن»، «سىمونت ئىشچىسى» قاتارلىق داستانلارنى يازدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ «تارىم غەزەللىرى»، «قەشقەر ئاۋازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈزكۆرۈشتى. 1979 - يىلى «توي» ناملىق دىرامىسى، 1981 - يىلى «ئانامغا» ناملىق شېئىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ يېقىندا يەنە «مېنىڭ ناخشام» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى.

شائىر قۇربان ئىمىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ پىشقەدەم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېيتىسىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ ئاممىباپ، راۋان ھەم يەڭگىللىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇدۇ.

ئادەمخور كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان ھارماس كۈيچى، ئازاتلىقتىن كېيىن ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان پىشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن 1980 - يىلى 66 ياشقا تولغان چېغىدا شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. ئۇ ھازىر سىياسى كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

---

(بېشى 93 - بەتتە)

ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «يېزىقچىلىق بىلىمى ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب ئەنە شۇ تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بوغدا ئابدۇللا بۇرۇن، ئاساسەن، بارماق ۋەزنىدە شېئىر يازاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەركىن شېئىر شەكلىدە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە ئوقۇتۇش تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ: «دەۋرنىڭ رىتىمىگە ئەگىشىپ، شېئىرنىڭ رىتىمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك، بىز پىكىرنى ئەركىن، تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان يېڭى شېئىرىي شەكىللەرنى دادىللىق بىلەن ئىجات قىلىشىمىز لازىم» دەيدۇ. ياش شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش روھى قەدىرلەشكە ھەم قوللاشقا ئەرزىيدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتىگە ئېيتقۇسىز زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## لىرىك شائىر بوغدا ئابدۇللا



بوغدا ئابدۇللا 1941 - يىلى 11- ئاينىڭ 5- كۈنى لەنجۇدا تىجارەتچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. 1950 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۈرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىن قارىمىغىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1960 - يىلدىن 1965 - يىلى 9- ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ تاھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

بوغدا ئابدۇللانىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ئەسلىدە پىچانىنىڭ لۈكچۈن دىگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇلار يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن 1920 - يىللىرى قۇمۇلغا كۆچۈپ بېرىپ، قوغۇنچىلىق قىلدى. 1930 - يىللىرى قۇمۇلدا يۈز بەرگەن «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، كۆچمەن بولۇپ، دەسلەپ دۇڭخۇاڭغا، كېيىن لەنجۇغا باردى. بوغدا تۇغۇلۇپ بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا دادىسى ئابدۇللا ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، مومىسىنىڭ تەربىيىسىدە قالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى 1947 - يىلى لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقتى. 1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئاپىسى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلاندى، گۆدەك بوغدامۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

بوغدا شېئىرىيەتكە كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىشتىياق باغلىدى. مومىسى ئۇنىڭغا ھەردائىم قىزدىق - قىزدىق چۆچەك ھەم قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەخسۇت ئاخۇن ئىسىملىك خوشنىسىمۇ ئۇزۇن قىش كېچىلىرى ئۇنىڭغا خىلمۇ - خىل بەدىئى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. بوغداغا لېرمونتوپنىڭ «ئۈچ خورما» ناملىق كىتاۋىنى تۇنجى قېتىم ئاشۇ كىشى ئوقۇپ بەرگەن ئىدى. كىچىك بوغدا باشلانغۇچ مەكتەپتە پۇشكىننىڭ «بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك» ناملىق ئەسىرى بىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، خەمست

ئالىمجان، ئۇيغۇن، ئاباي قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئائىلە ھەم مەكتەپتىكى بۇخىل ئىجابىي تەسىر بوغدانىڭ يۇمران قەلبىگە شېئىرىيەتنىڭ ئوتىنى ياقتى.

1954 - يىلى سىنتەبىردە «شىنجاڭ ياشلىرى گېزىتى» دە ئۇنىڭ «دېخان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىلھام ھەم ئىشەنچ بېغىشلىدى، بۇ گېزىت ئۆزىنىڭ تۇنجى سانلىرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كەڭ ئورۇن بەردى.

شائىر بوغدا ئابدۇللا ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 300 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، 8 پارچە باللادا ھەم داستان ئېلان قىلدى. 1978 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «باھار غۇنچىلىرى»، 1983 - يىلى شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن «يەلكەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ھەم داستانلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلان قىلىندى. 1979 - يىلى «گۈلدەستىخان» ناملىق داستانى، 1981 - يىلى «يۈرەك لېرىكىسى» ناملىق شېئىرى 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا»، «تاغلارنى قۇچاقلاپ»، «تىيانشانغا»، «جۇڭغار يۇلتۇزىغا»، «تاش ئادەملەر» ناملىق شېئىرلىرى؛ «چوغلۇق» باللادىسى، «مەلىكە ئامانىسا»، «گۈلدەستىخان»، «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك»، «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» قاتارلىق داستانلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە زامانىمىز كىشىلىرى ئوبرازىنى يارىتىپ، جۇشقۇنلۇق ھېسسىيات، ئوبرازلىق تىل ۋە خىلمۇ - خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۈچلۈك لېرىك تۇيغۇلىرىنى، كەلگۈسى پارلاق دۇنياغا بولغان غايىۋى ئىنتىلىشىنى يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بوغدا ئابدۇللا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش لېرىك شائىرلاردىن بىرى. ئۇ ئىجادىيەتتە تىرىشچان، قاتتىق تەلەپچان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ۋە ئىجادىيەت ئىستىلىدا ياخشى بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە. ئۇ 1982 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. 1984 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. خەلقنىڭ ئۈمىدى ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىلھام ۋە مەدەت بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېغىر ھەم شەرەپلىك بۇرچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

ياش شائىر بوغدا ئابدۇللامۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولىدا «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولالمىدى. ئۇ 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، سوراققا تارتىلدى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى. لېكىن تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز بوران - چاپقۇنلىرى بۇ ياش شائىرنىڭ غايە چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمىدى. ئۇ ھازىر ئاشۇ يىللاردا تارتقان زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئىجات قىلماقتا. ئۇ يېقىندىن نەشرگە تەييارلىغان «تەك پەرى»

(ئاخىرى 91 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياشلىق ئۇچقۇنلىرى

غالىپ راخمان

## هايات مېهرى

مىڭ يىللاپ تۆكۈلگەن قار ۋە يامغۇرنى
قانمىدى قويىنغا سىڭىرىپ قۇم چۆل.
قار پەسىل قارىساڭ، كۆرۈنمەس بىراق
باغرىدا بىر تۇتام كۆكات،
يا بىر گۈل.
ئىخ هايات،
تويمايمەن مېهرىڭگە!
قەلبىم—
تەشنالىق ئىلكىدە چاڭقايدۇ هەردەم.
ئەمەسمەن ۋە لېكىن بەهرىسىز قۇملۇق:
ئىجادىم گۈلىنى پۈرايدۇ نەۋرەم.

## ئەللىيىڭنى تۇختاتقىن، ئانا

ئەللىيىڭنى توختاتقىن، ئانا
بۆشۈكنى تەۋرەتمە يەنە.
ئۇيقىسىدىن ئويغانسۇن قوزاڭ
تاڭ قىزىرىپ كەلمەكتە، ئەنە!
قوپۇۋەتكىن،
شوخ بوتىلاقتەك
ئاياق باسسۇن زېمىن قويىنغا.
تۆمۈلسۇن،
ماڭسۇن تام بويىلاپ
ۋە تىك تۇرسۇن قەددىنى رۇسلاپ.
تاڭ نۇرىدا يۇيۇپ يۈزىنى
كىرە سالسۇن قۇياش بويىنغا!

## يورۇڭقاش دەرياسى

مەن ئاقمەن دولقۇنلىرىڭدا
سەن ئاقسەن تومۇرلىرىمدا...

## قىش

كويا
تۆكۈلگەندەك ئۈرۈك چېچىكى
قار يېغىۋېتىپتۇ
تالاغا چىقسام
لەپىلدەپ،
لەپىلدەپ...
كېتىۋەردىم مەنمۇ ئالدىراپ.
كۆرۈنمەستىن مەنزىلىم تېخى،
هەش - پەش دىگۈچە
چاچلىرىمغا،
قاش - كىرپىكلىرىمگە
قار رەڭگىنى بەردى تەبىئەت!
قار رەڭگىنى بەردى تەبىئەت!

## ئالما ئۈزگەچ

ئالما دەرىخىگە يۆلىدى
ئانىجان مېنى،
ئالمىنى ئۈزۈپ
پۈردىسۇن،
يەسۇن دەپ:
بېلى ئاغرىپ،
تالسىمۇ قولى
قويۇۋەتمەي،
ۋايسىماي.
ئالمىغا چىقىپ
پىيالىدەك ئالمىنى ئۈزۈپ
تاشلاي دەپ ئانامنىڭ ئېتىكىگە
ئېڭىشسەم،
ئۇندا بىر مومای تۇرۇپتۇ!
يېلى مۈكچەيگەن،
هاسا تۇتقان،
ئاق چاچ بىر موماي...

## پىيالما شامالىرى

ئابدۇراخمان خان پاشا باشچىلىغىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى گۇما بىلەن قارىقاش ئارىلىغىدىكى پىيالما سېيىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، تۆت تۈمەن ئادەم شېھىت بولغان.

— خاتىرەمدىن.

شامىلىڭ ئۇرۇلدى ئۇچۇرۇپ توپا،
پىيالما قوينۇڭدا كېتىۋاتقاندا.
مەن ياپتىم ئاپتىۋۇز دەرىزىسىنى،
شامالار هۇشقىتىپ كېزەر هەر ياندا.
شامالار...
تىنىمسىز ئۇچىدۇ شۇنداق
كۆمۈپ ئىز ۋە يۆتكەپ قۇم بارخانلارنى.
ئۇچۇرۇپ كېتەلمەس بىراق، خوتەنلىك —
هۆرلۈك دەپ باغرىڭغا تۆككەن قانلارنى!

## ساقا

هەي سەن،
بىلەمدىغانسەن،
بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلۈكنىڭ
نۇرى نەدىن كەلگەنلىگىنى.
سەن بىلەمسەن، ئۇنى
هاسا تۇتۇپ،
تەمتىرەپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاناڭنىڭ
سۈتى بىلەن بەرگەنلىگىنى.
نۆۋەت سېنىڭ ئەمدى،
هە، سەن
پەرزەنتلىك بۇرچۇڭنى ئاقلايمەن دىسەڭ
كەل،
قولىنى تۇت،
يېتىلە، كۆزى خىرەلەشكەن
پۇتى ماغدۇرسىزلانغان ئاناڭنىڭ
جامىدا كەۋسەر بەر ئاڭا ۋاپانىڭ!

## بىر يۇلتۇز

كۆكيۈشرەڭ بولۇتلار چېكىشكەندەك پەسلەپ
تۇمانغا پۈركىنىپ ياتىدۇ ئەتراپ.
سۈس - خىرە كۆرۈنەر دەرەخلەر، ئۆيلەر،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار چاراقلاپ.
كېچا...
يول چىرىغى ئاستىدا، ئەنە
بىر يىگىت تۇرىدۇ يارىنى ساقلاپ.

1983 -، 1984 - يىللار.

**غالىپ راخمان** 1960 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيە يورۇڭقاش يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋېدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىدىلا شېئىرىيەتكە قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، تەكتۇشامىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «ئۇستازغا مەدھىيە» سېكىلى 1981 - يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن بۇيان ئۆز ئارزۇسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھازىرغا قەدەر گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ ئون نەچچە پارچە شېئىرى ۋە «سىرتماق» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى دىققىتىڭىزگە ھاۋالە قىلدۇق.

— تەھرىردىن.

# شېئىرلار

## تۇرسۇن نىياز

### ۋاپانىڭ ئۆلچىمى ئەمەسكەن كۆيدە

«ئاشىقكەن قۇشلارنىڭ ھەممىسى گۈلگە»
دىدىمەن باھاردا تىنىمسا سايراپ.
بىر تىلسىز كېپىنەك يۈرگەندە باغدا
ئېچىندىم ئۆزەمچە ھالىغا قاراپ.

ئايادۇر ھەر قۇشنىڭ چىرەكى كۆيدە،
گۈللەرگە مۇھەببەت، مېھرى - ۋاپاسى.
كېپىنەك قانداقچە بولسۇن چىن ئاشىق،
يەتمىسە چىچەككە ئاھۇ - نىداسى؟

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىن،
تۇيۇقسىز ئالەمنى قاپلىدى بوران.
بۇلۇتلار تۈكۈشتى چېلەكلەپ يامغۇر،
قۇشلارمۇ يولىغا بولۇشتى راۋان.

بى مەھەل جۇت كېتىپ، سەيلە قىپ باغدا،
كۆردۈمەن قايتىدىن ئۇ كېپىنەكنى؛
ئەپسۇسكى، ئۇ ئەمدى يېتىپتۇ يەردە،
چىڭ بېسىپ كۆكسىگە بىر تال چېچەكنى.

تىرىكىمۇ - ئۆلۈكمۇ بىلمىدىم، لېكىن،
قويۇپتۇ گۈل ئۆزرە مەغرۇر بېشىنى.
ئۈستىدە مەڭلىنىپ تۇرغان غۇنچىمۇ،
تۆكۈپتۇ بەرگىدىن يامغۇر — يېشىنى.

مەن دىدىم شۇندىلا پىكرىدىن يېنىپ:
ۋاپانىڭ ئۆلچىمى ئەمەسكەن سۆزدە.

تىپ - تىنچ چاغلاردا سايرىغان قۇشلار
كېچەركەن باغدىنمۇ جۇدۇنلۇق كۈندە.

## كۆمۈلگەن ئەنجۈر

كۈز پەسلى يەتكەندە، ئىككى تال مېۋە
تۆرەلدى كېچىكىپ ئەنجۈر شېخىدا.
زورايدى بىرى تېز، پىشتى مەي باغلاپ،
بىرى كۆك پېتىچە قالدى ئۇچىدا.

كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە كەلدى كەچكۈزمۇ،
ئالتۇنرەڭ ياپراقلار يەرگە تۆكۈلدى.
پىشمىغان ئەنجۈرمۇ شاختىن ئايرىلماي،
باغۋەننىڭ قولىدا يەرگە كۆمۈلدى.

«ھەي! — دىدىم بۇ ھالنى كۆرۈپ بىردىنلا،
شۇ ئەنجۈر بولسامەن قىلاتتىم قانداق؟»
باغۋەنمۇ ئۆزىچە سۆز قاتتى ماڭا:
«تەبىئەت ئەزەلدىن رەھىمسىز شۇنداق»

ئويلاندىم ئۆيۈمگە كىرىپ بىر ھازا:
«دەرەخقۇ كېلەر يىل كۆكلەيدۇ يەنە.
مەن ئەگەر ئەنجۈردەك خام كېتىپ قالسام،
دۇنيادا ياشاشتىن مەقسىدىم نىمە؟»

## ئوچاق ئالدىدا

ئوت ئېلىپ كۆيگىچە ئوچاقتا ئوتۇن،
ئىس تۈتەپ كۆزۈمدىن ئاقتى ئىسسىق ياش.
گۈرۈلدەپ بىر پەستە ئۇلغايدى يالقۇن
كۆرۈندى قىپ - قىزىل لالىگە رەڭداش.

شۇ يالقۇن تەپتىدىن يايراپ جان - تېنىم،
قەلبىمدە تەڭداشسىز بىر ھوزۇر سەزدىم.
راست ئىكەن «قىش گۈلى — ئوت» دىگەن
تەمسىل،
ئۆزەمنى گوياكى گۈلشەندە كۆردۈم.

ئوت ئۆچتى ئاستىلاپ تاماقتىن كېيىن،
ئويلاندىم: گۈلنىڭمۇ باركەن تىكىنى.
شۇ ئوتۇن ئۆرتىنىپ كۈل بولغان يەردە،
نىسكەن كۆزۈمگە كىرگەن تۈتۈنى؟

# ئىككى شېئىر

**جىلداي**

## ئۇلاقلارغا كۆز بولۇپ ...

ھەر باھاردا ئۇلاق ئۇلار باغۋەنلەر،
مېۋىلىك دەل - دەرەخلەرگە كۆز قويۇپ.
كۆكلەپ چىقار ئۇنىڭدىن ياش نوتىلار،
زەر قۇياشتىن نۇرلار ئېمىپ ئۇلغىيىپ.

ئىككى باھار ئۆتۈپ ئاشۇ نوتىلار،
ئەلگە شېرىن مېۋە بېرەر تويغىدەك.
بەختىم: مەنمۇ ئۇلاقلارغا كۆز بولۇپ،
مېۋە بەرسەم خەلقىم رىزا بولغىدەك.

## باھار سىماسى

گۈل - چېچەكنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈمەن،
بال ھەرىسى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك.
پىراقىدا كېچە - كۈندۈز كۆيۈمەن،
پەرۋانىلار نۇر ئىشقىدا كۆيگەندەك.

چۈنكى، ئاشۇ خۇشپۇراق گۈل - چېچەكلەر،
خاسىيەتلىك باھارنىڭ سىماسى.
جۇلالايدۇ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىدە
قۇياشلىق ھۆر بەختىمنىڭ نۇر - زىبىياسى.

كېپىنەكلەر قونسا چېچەك بەرگىگە،
بەخت قۇشى قوندى دەيمەن بېشىمغا.
يۈرىكىم سۇ ئىچكەندەكلا ياشىرىپ،
كېلىچىكىم كېلەر گويا قېشىمغا...

شۇڭا، ھەردەم گۈل - چېچەككە قارىسام،
يالقۇنلايدۇ يۈرىكىمدە مۇھەببەت.
باھارىمنىڭ سىماسىنى كۈيلەيمەن،
ئىشقى ئوتلۇق بولبۇل بولۇپ تائەبەت.

# موتوتسىكلىت مىنگەن قىز

ئىمىن راشىدىن

كېلەتتى تۈز، تاناپتەك يول،
يېشىل بوستان ئاراسىدىن.
چۆچۈپ ئويغاندى ياپراقلار،
ماتورنىڭ شوخ ساداسىدىن.

چىقىپ كەلدى موتوتسىكلىت
قويۇپ ئارقىدا دۇلدۇلنى.
شۇئان توختاتتى غەزەلدىن،
ئۇنىڭ غەۋغاسى بۇلبۇلنى.

بولۇپ ھەيران دىدىم توۋا!
ياقامنى مەن تۇتۇپ قالدىم.
ئىگەرنىڭ ئۈستىگە قونغان،
گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قالدىم.

بىلىگىدە ئىسىل سائەت،
پولات رولنى تىرەپ ماڭغان.
پېدالنى ئوينىتىپ پۇتتا
نىشان بويلاپ ئۇچۇپ ماڭغان.

چېكىسىدە قىزىل ياغلىق،
گويا پۇر - پۇر ئۇچۇپ ماڭغان.
جىنەستە لېۋىدە كۈلكە،
بويى ئەمبەر چېچىپ ماڭغان.

يېنىپ ئوتتەك ئۆتۈپ كەتتى،
موتوتسىكلىت ئۇچار يۇلتۇز.
تېرەككە يۆلىنىپ قالدىم
ھاياجان ئىلكىدە يالغۇز...

# باھار شامىلى

ئۆمەر رەجەپ

يەرنىڭ نەمـخۇش مەڭزىگە
سۆيدى شامال ئەكىلەپ.
دېدى ئاتا ئانا يەر:
— نەگە ماڭدىڭ پەتلەپ؟

توختا، ئىللىق كوكسۇڭنى
باغرىمىغا ياق، باغاش ئەت.
مەن ئۇيقىدىن ئويغاندىم
دىخانلارغا دىگەچ كەت.

شامال دىدى: ئېرىدى
سېنىڭ باغرىڭ تەپتىمدىن.
ئالدىراپەن، ئىشىم كۆپ،
سەزمىدىڭمۇ تەپتىمدىن؟

بىلەمسەنكىن، بەك ئۇزاق
مېنىڭ مەنزىل - سەپىرىم.
تېز بارمىسام تاغلارغا
بولار كۆڭلۈم بەك يېرىم.

ھەممە ياقنى ئويغىتىپ،
خىزمىتىمنى بېجىرەي.
مەن يانغىچە باغرىڭدا
گۈل ئۈستۈرگىن، ئانا يەر!

## ئۇستاز

**مەھەممەت روزى**

ئانامدىنمۇ، ئاتامدىنمۇ، قەدىرلىك، مېھرىۋان، ئۇستاز،
جاھاندا ئەڭ كۆيۈملۈك، ئەڭ سۆيۈملۈك، جانىجان، ئۇستاز.
بىلىم بەردىڭ، ئەقىل بەردىڭ، تېنىمگە كۈچ - قۇۋۋەت بەردىڭ،
سېنىڭ بىرلە چۈشەندىممەن ھاياتنى ھەر زامان، ئۇستاز.
سېنىڭ ئەجرىڭ ۋە مېھرىڭدىن قاناتلاندى ئەقىدەممۇ،
ئىلىم - پەن كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچتۇم ھامان، ئۇستاز.
ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمايمەن سېنىڭ ئىللىق چىرايىڭنى،
ساڭا ھۆرمەت بىلەن مېھرىم دېڭىزدەك بىپايان، ئۇستاز.
مانا دەۋرىم گۈزەل شۇنچە، ئۇمىدىڭگە ئىشەنچ بەردى،
ئېلىمنىڭ كۈلكىسى كۈلكەم، دىدىڭسەن شادىمان، ئۇستاز.
تۇمەن ئەۋلات كەبى مەنمۇ ئىزىڭ باستىم تۇرۇپ يەكىنى،
ۋەتەن گۈلزارىم مەنمۇ بولۇشقا بىر قىران ئۇستاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى

# ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئىسرائىل يۈسۈپ

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزدىكى ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان رايونلاردا ياشاپ كەلگەچكە، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆز زامانىسىدا زور تەرەققىياتلارغا ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى غەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادى 9 — 13- ئەسىرلەر) دە ئۇيغۇرلار ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇنى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان شۇ دەۋرگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرى ماددىي پاكىتلىق سۈپىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە مىلادى 982 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن زىيارەتكە كەلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا قىلىنغان زىيارەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

بۇ دەۋردە، شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىقۇت (قوچۇ) دا ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت (قەدىمقى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمقى ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمقى گىرېك مەدەنىيىتى) نىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرى كۈچەيگەن، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان، مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنىنىڭمۇ بەلگىلىك تەسىرى بولغان. مانا بۇلار بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نەتىجىلىك بولۇشىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان شائىرلار، يازغۇچى ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاكامۇللىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆز ئانا تىلى (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى) دا ئەسەر ئىجات قىلغان، شۇنداقلا باشقا تىللاردىن بولۇپمۇ توخرى تىلى *،

خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىدىن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن. تەرجىمە قىلىشتا، ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپلا قالماي، بەلكى باشقا تىللاردىكى نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنداق ئەسەرلەردىن ھازىرغا قەدەر تېپىلغانلىرى ئاز ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەللەردە ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقادى، پەلسەپۋىي كۆز قارىشى، ئەخلاقىي چۈشەنچىسىنى شۇنداقلا قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئۆگەنگەن ماتېرىياللار ۋە قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ دەۋرگە ئائىت بەزى ئەسەرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بۇ دەۋرگە ئائىت شېئىرلار①دىن تېپىلغانلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەللەردە ساقلانماقتا. چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېلان قىلغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، شېئىرلار ئاساسەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان؛ ئاز ساندىكى شېئىرلار مانى يېزىقىدا (تىلى قەدىمقى ئۇيغۇرچە) يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىگىگە كەلسەك، شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيە ۋە باش - ئاياق قاپىيىدە يېزىلغان. باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇم تۇراقلىرى ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان. باش - ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئىزچىللىق جەھەتتە يەنىلا باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلار ئىچىدە ھەر كۇبلېتى ئۈچ مىسرالىق، تۆت مىسرالىق، ئالتە مىسرالىق، سەككىز مىسرالىق شېئىرلار بار بولۇپ، ھەر بىر شېئىرنىڭ كۇبلېتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى كۆپىنچە قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن.

شائىر ئاپرىنچورتېگىننىڭ ۋىسال ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەر كۇبلېتى ئۈچ مىسرادىن تەشكىل تاپقان لىرىك شېئىرى باش قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ كونا نۇسخىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ:

5. كىرەيىن تىسەر كىچىكئەم
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن
كىن يىپار يىدلىغىم
(5. ئۇماغىم «يېنىڭغا» كىرەي دىسەم،
كىرىشكىمۇ ئىمكانىيىتىم يوق.
ئىپار ھىدلىغىم.)
6. يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقىشپان ئادرىلمالىم
(6. يورۇق تەڭرى ساقلىسۇن،

① بۇ دەۋرگە ئائىت شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىللىق 2- سانىدا ۋە «ئامۇي مەدەنىيەت» نىڭ 1981 - يىللىق 4- سانىدا تونۇشتۇرۇلغاچقا، بۇ يەردە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

www.uyghurkitap.com

يۇۋاشىم بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.)

ئاپىرىنچور تېگىنىنىڭ بۇ لىرىك شېئىرى جەمى يەتتە كۇبلېت بولۇپ، بىرىنچى كۇبلېتىنىڭ ھەر بىر مىسراسىنىڭ باشلىنىش سۆزى «ئا» بىلەن، ئىككىنچى كۇبلېتىنىڭ «قا»، ئۈچىنچى كۇبلېتىنىڭ «ئۆ»، تۆتىنچى كۇبلېتىنىڭ «با»، بەشىنچى كۇبلېتىنىڭ «كى»، ئالتىنچى كۇبلېتىنىڭ «يا»، يەتتىنچى كۇبلېتىنىڭ «كۆ» (يەتتىنچى كۇبلېتىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ باش بوغۇمى «كۆ») بوغۇمى ياكى تاۋۇشلىرى بىلەن قاپىيىلەشتۈرۈلگەن. يەنە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۇبلېتلىرىنىڭ ئاخىرى «قاۋۇشمىسا يۇرمەن» (قوشۇلۇشقا ئىنتىلىمەن) ۋە «ئۆپۈكسە يۇرمەن» (سۆيۈشكە ئىنتىلىمەن) سۆزلىرى بىلەن؛ تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى كۇبلېتلىرىنىڭ ئاخىرى «باغىرساقىم» (باغرىم)، «يىدلىغىم»، «ئادرىلمالىم»، «ئۇلۇرالىم» (ئولتۇرايلى) سۆزلىرى بىلەن ئۆزئارا قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن. ئالتىنچى كۇبلېتىدىكى «يارۇق تەڭرىلەر» (بۇ سۆزدىكى «لەر» قوشۇمچىسى ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرۈدۇ) ئاتالغۇسى بۇ شېئىرنىڭ مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شېئىرنىڭ تىلى ئاددى، لېكىن گۈزەل بولۇپ، كۈچلۈك ئارزۇ ۋە چوڭقۇر ھىسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان «شۈنداق ئورۇنلاردا» ناملىق تۆۋەندىكى شېئىر باش- ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلارغا مىسال بولالايدۇ:

1. ئالقۇزۇ تۇرۇر قات - قاتىغ تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانياتاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئاتقاغسىزىن مەڭى تەگمىنگۈلۈگ ئۇل
ئانى تەك ئورۇنلارتا

(قاتار كەتكەن قات - قات تاغدا.
تېنچ، خىلۋەت ئارانياتاندا①،
ئارتۇچ دەرىخى ئاستىدا،
ئېقىن سۇلار بويىدا،
شاتلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان - توپلىنىدىغان يەرلەردە،
ھېچنەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ھوزۇرلىنىدىغان،
شۇنداق ئورۇنلاردا.)

① ئارانياتان — سانسكرىتچە (Aranya) دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «ئورمان، ئورمانلىق» دېگەن مەنىدە.

بۇ شېئىر جەمئىي تۆت كۇبلېت بولۇپ، ھەر بىر كۇبلېتى سەككىز مىسرادىن تەشكىل تاپقان. بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇبلېتىنىڭ (بىرىنچى كۇبلېتى يۇقۇرىدا كۆرسىتىلدى) باش قاپىيىسى «ئى»، ئۈچىنچى كۇبلېتىنىڭ «سە»، تۆتىنچى كۇبلېتىنىڭ «كۆ» (تۆتىنچى كۇبلېتىنىڭ 7 - مىسراسى «كۇ» بىلەن باشلانغان) بوغۇمى ياكى تاۋۇشلىرى بىلەن قاپىيىلەشتۈرۈلگەن. بىرىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۇبلېتلىرىنىڭ يەتتىنچى مىسرالىرى «تەگىنگۈلۈگ ئول»، ئىككىنچى كۇبلېتىنىڭ «ئولۇرغۇلۇغ ئول» دىگەن سۆزلەر بىلەن؛ ھەممە كۇبلېتلىرىنىڭ سەككىزىنچى مىسراسى «ئانى تەك ئورۇنلارتا» دىگەن سۆزلەر بىلەن ئۆزئارا قاپىيىلىك ۋە رادىپلىق ئاياقلاشتۇرۇلۇپ، شەكىل جەھەتتە بىردەكلىكنى ۋە مۇكەممەللىكنى ھاسىل قىلغان، مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىنى تولۇقلىغان. ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئۆي - ۋاقىتنى تاشلىغان بۇددا دىنى راھىپلىرى ئىستىقامەت قىلىدىغان تېنچ، خىلۋەت تاغ - جىلغىلار، ئورمانلىقلار، ئېقىن سۇ ۋە كۆل بويلىرىنى شېئىرىي تىل ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن، شۇنداقلا گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇنىدىن باشقا، شائىر ئاتساڭنىڭ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى بولغان «بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر» (سانسكرىتچە Buddhāratam. sakamahāraipulyasūtra خەنزۇچە تولۇق ئاتىلىشى 大方广佛华严经) غا مەدھىيە ئوقۇپ يازغان 14 كۇبلېتلىق (ھەر بىر كۇبلېتى سەككىز مىسرالىق) شېئىرىمۇ باش قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ھىساپلىنىدۇ.

ماقالىمىزدا يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك دەپ ھىساپلايمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» نىڭ ھازىر پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى 15 - ئەسىر ئەتراپىدا ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونى ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەن. ئەسلىدىكى قوليازما (نۇسخا) 13 - ، 14 - ئەسىرلەردە شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان، دىگەن كۆز قاراش بار①، يۇقۇرىدىكى كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، بۇ داستاننى ئىدىقۇت (قوچۇ) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن (يازما شەكىلدە) دەپ تەسەۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ دەۋردە باشقا تىللاردىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىتلىرى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىدىن قالسا، مانىي دىنى ۋە نىستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تېپىلغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەللەردە ساقلانماقتا. قەدىمى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزىم كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھىكايىلار، رىۋايەتلەر ۋە تەمسىللەر بايان قىلىنىش ئارقىلىق بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى تەشۋىق قىلىناتتى. ئۆز زامانىسىدا بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش ساۋاپلىق ئىش سانالغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمقى ئۇيغۇر

① «قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» نىڭ 1 - 2 - بېتىگە قاراڭ.

ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور رول ئوينىدى. بۇ خىل ئەسەرلەردىن بىر مۇنچىلىرى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. تۆۋەندە مەن بىر قەدەر مەشھۇر ھېكايىلاردىن «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «چاستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» نى؛ چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردىن «ئالتۇن يارۇق» بىلەن «مائىترى سىمىت» نى مىسال تەرىقىسىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»① (كالياناماكارا ۋە پاپاماكارا) نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى فرانسىيىلىك پېللوت (p.plliot) 1907 -، 1909-يىللار ئارىلىغىدا دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىردىن تاپقان بولۇپ، ھازىر «پارىژ مىللى كۈتۈپخانىسى» دا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا كىچىك كىتابچە شەكىللىك قوليازما بولۇپ، ھەجىمى 14 × 11 سانتىمېتىر، جەمى 80 بەت، ھەر بىر بېتىگە 7 - 8 قۇر خەت يېزىلغان، لېكىن باش - ئايىغى تولۇق ئەمەس. شۇڭا بۇ ھېكايىنىڭ قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھېكايىنىڭ ئاساسلىق باش قەھرىمانى باراناس شەھەر دۆلىتىنىڭ خانى ماخارىتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەدگۈ ئۆگلى تېگىن (ئاق نىيەت شاھزادە) بۇددا دىنىنىڭ «باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئىدىيىسىنىڭ ئەمەللەشتۈرگۈچىسى سۈپىتىدە ئاقكۆڭۈل، مېھرىۋان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى ئايىغ ئۆگلى تېگىن (قارا نىيەت شاھزادە) بولسا، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، سۇيىقەستچى، ھىلىگەر ۋە قەبىھ ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدا بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خاراكتىرى ۋە روھىي دۇنياسىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاق نىيەت تېگىن ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھېكايىنىڭ جەلىپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. ھېكايە تىلىنىڭ ناھايىتى راۋانلىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، نۇرغۇن جۈملىلىرىنىڭ قاپىيىلىك ۋە ئاھاڭدار چۈشۈرۈلىشى ۋە ئاساسلىق ئىككى ئوبراز نامىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىغا قاراپ، بۇ ھېكايىنى توخرى تىلى (قەدىمقى كۇچار ياكى قەدىمقى قارا شەھەر تىلى) دىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن دېيىش مۇمكىن. توخرى تىلىدىن دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ «باراناس» دېگەن شەھەر نامى توخرى تىلىدىكى (Bārāṇas) دېگەن نامدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، (Bārāṇas) سانسكرىتچە (Vārāṇasī) («دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر» دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەنلىكىدىندۇر.

«چاستانى ئېلىگ بەگ②» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى گېرمانىيىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى (1905 -، 1907 - يىللار ئارىلىغىدا) تۇرپاندىن تاپقان بولۇپ، ھازىر غەربىي بېرلىندا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى تولۇق بولمىغاچقا (ساقلىنىپ قالغىنى 318 قۇر)، قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قەدىمقى ھىندىستاندىكى ئۇ چايان (سانسكرىتچە — ujjayini) شەھىرىنىڭ ئېلىگ بېگى چاستانى (سانسكرىتچە — Caasṭna) خەلق ئاممىسىنىڭ

---

① بۇ ھېكايە «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 9 - سانىدا تونۇشتۇرۇلغان.

② «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ 1979 - يىللىق 7 - سانىدا تونۇشتۇرۇلغان.

www.uygurkitap.com

ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى - ئاپەت ۋە كېسەللىكلىك ئاپەتنى تۆپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ھەم ئۈمىت - ئىشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھشى ۋە ئىنتايىن ھىلىگەر جىنلار ئۈستىدىن پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە جانلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوبرازى يۈكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قىسقىسى، ئەسەر گەرچە بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى رىۋايەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىجاناپلىق، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدۋار بولۇش روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئوبرازلار نامىنىڭ سانسكرىتچىدىن كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى سانسكرىتچىدىن ياكى تۇخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

«ئالتۇن يارۇق» — قىسقارتىلما نام بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى — «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق - يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك)». بۇ ئەسەر بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئىككىسى تېپىلغان. بىرىنچى نۇسخىسىنى گېرمانىيىلىك لىكوك مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخا (10 ۋاراق، تولۇق ئەمەس) بېرلىندا ساقلانماقتا. بېرلىندا يەنە تولۇق بولمىغان نۇسخىلاردىن بىر قانچىسى بارلىقى مەلۇم. تولۇقراق نۇسخىسىنى روسسىيىلىك مالوف 1910 - يىلى 5 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇجۇ ئەتراپىدىن تاپقان. بۇ نۇسخا جەمئى 397 ۋاراق (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى باشقا نوم پارچىلىرى ئىكەن) بولۇپ، ھەر بىر ۋارىقىنىڭ چوڭلۇقى 23 × 62 سانتىمېتىر، ھەر بىر بېتىگە 22 دىن 25 قۇرغىچە خەت يېزىلغان. چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ھەر خىل تىللاردا ئېلان قىلدى.

«ئالتۇن يارۇق» نى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمان ۋە شائىر بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايىلار، رىۋايەتلەر سۆزلەنگەن. ئەسەردىكى مۇھىم رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە① جامبۇدۋىپ (سانسكرىتچە — jambudripa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (سانسكرىتچە — Mahāratha) نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتۋى (سانسكرىتچە — Mahāsattva) تېگىننىڭ يەتتە ئەنۈكى (ئەنۈك — قەدىمقى ئۇيغۇرلار يولۋاس بالىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ) بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن چىشى يولۋاسنى ئۆز جېنىدىن كېچىپ گۆش ۋە قېنىنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان (بۇ ۋەقە قىزىل مىڭ ئۆيدىكى تاملارغا سىزىلغان چاتما رەسىملەردىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن). رىۋايەتتە، بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئەقىدىسى ئابىس-

① بۇ رىۋايەت «بۇلاق» نىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا تونۇشتۇرۇلغان.

تىراكىت سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇ - خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر، چۈچۈك ھەم راۋان تىل، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

سىڭقۇ سەلى بۇ تەرجىمە ئەسىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. ئۇ خەنزۇچە تېكىستتىكى ماخاياناۋى تېگىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوقۇغان ھەر مىسراسى يەتتە خەتلىك بىر كۇبلېت مەرسىيە شېئىرىنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن، قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قوشاق شەكلىگە سېلىپ، تۆت مىسرالىق ئىككى كۇبلېت تىلى ساددا، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىيات تولۇق ئەكس ئەتكەن قوشاق قىلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. رىۋايەتتىكى ئوبرازلار ئاغزىدىن ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، جۈملىلىرىنىڭ ئاخىرى كۆپىنچە قاپىيىداش بولۇپ، شېئىرىي تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەسەر گەرچە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سانسكرىتچە نام - ئاتالغۇلار قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا توغرا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قاراپلا تەرجىمان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا يالغۇز خەنزۇچە نۇسخىغىلا ئاساسلانماي، بەلكى ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ياكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىش قىلغان دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

«مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى) نىڭ بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى 1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇلدىكى تىيانشان گۇڭشېسىنىڭ ئۇيغۇر چارۋىچىسى يەھيا رېھىم تاغدا قوي بېقىپ يۈرۈپ تېپىۋالغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقىنى جەمئىي 293 ۋاراق (587 بەت)، ھەر بىر ۋارىقىنىڭ چوڭلۇقى 21.7 × 47.5 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتكە 30 ياكى 31 قۇر خەت يېزىلغان، ھەر بەتنىڭ يەتتىنچى قۇرىدىن ئونىنچى قۇرىغىچە بولغان ئارىلىق ئوتتۇرىسىغا دىئامېتىرى 4.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇس قارا دائىرە سىزىلغان، بۇ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭلۇقى 0.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان شوينا ئۆتكۈزۈپ كىتاپ تۇپلەش تۆشۈكى ئېچىلغان. ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى گەرچە گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان مۇرتۇق ۋە سىڭگىم ئېغىزىدىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن نۇسخىلاردىن خېلى كۆپ تولۇق بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈنلەي تولۇق نۇسخا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قەدىمقى قاراشەھەر تىلىدىكى نۇسخىسى 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، قۇمۇل نۇسخىسىدا 26 - ۋە 27 - پەردىلىرى كەم. شۇنداقلا خېلى كۆپ بۆلۈملىرى (پەردىلىرى) نىڭ باش - ئايىغى ۋە ئارىلىقىدىكى بەتلىرى تولۇق ئەمەس. ھازىر ساقلىنىۋاتقان 293 ۋاراق ئىچىدە ئاساسەن تولۇق ساقلانغىنى 110 نەچچە ۋاراق بولۇپ، قالغان ۋاراقلىرى يىرتىلىپ كەتكەن ۋە كەمتۈك بولۇپ قالغان. شۇنداق بولسىمۇ، قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىدا مۇشۇ نۇسخىنى كۆچۈرتكۈزگۈچى يازغان «يۈكۈنچ بۆلۈم» (يۈكۈنچ - يۈكۈنمەك دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، يۈكۈنۈش، ھۆرمەت كۆرسىتىش دېگەن مەنىدە) نى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 26 بۆلۈمنىڭ ئورنى بار.

«مايترى سىمىت» تا، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان قۇتقازغۇچى ئىلاھ ــ مايترى بۇرخاننىڭ هاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قەدىمقى يېزىق تەتقىقات ئىشخانىسى بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسەن تولۇقراق ساقلانغان بۆلۈملىرىدىن «يۇكۈنچ بۆلۈم» ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بۆلۈملەرنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى پۈتتۈردى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بۆلۈملەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

«يۇكۈنچ بۆلۈم» دە قىزىقارلىق تەمسىللەر ئارقىلىق بۇرخان ساكيامۇنىنىڭ ئىلاھلىق سۈپىتى ۋە كارامەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇددىزىم ئەقىدىلىرى سۆزلەنگەن ۋە مۇشۇ «مايترى سىمىت» نى كۆچۈرتكۈزگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ــ چۇتاس يگەن تۇتۇق ئۆزى قىلغان ساۋابلىق ئىشىنىڭ ساۋابىنى بۇرخانغا، تۆت ماهاراج تەڭرىگە (بۇددا دىنىدا تۆت تەرەپنى قوغدىغۇچى تەڭرىلەرنى كۆرسىتىدۇ)، خانغا، ئەلگە ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقى سۆزلەنگەن. مەسىلەن: بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىدا مۇنداق بايان بار:

(يۇكۈنچ تۆرت يگرمى پتر) (A) ①

(يۇكۈنچ بۆلۈم ئون تۆتىنچى ۋاراق (A)

1. يمە ئالقاتمش ئايقا كۈسەنچىگ كۈنكە

(1. يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە)

2. ئۆدرۈلمش ئەدگۈ ئۆدكە قۇتلۇغ قىۋلىغ قولۇقا

(2. تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق - خەيرلىك ۋاقىتقا)

3. قۇتلۇغ قوين يىل ژۇن ئۈچۈنچ ئاي

(3. قۇتلۇق قوي يىلى كەبىسە ئۈچىنچى ئاينىڭ)

4. ئىكى ئوتۇزقا مەن ئۈچ ئەردنكە كرت

(4. يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىگە؛ مەن ئۈچ ئەدىنىگە② ئېتىد)

5. گۈنچ كۆكۈللۈگ ئۇپاسى③ چۇتاش يگەن

(5. قاتچان كۆكۈللۈگ ئۇپاسى چۇتاش يگەن)

6. تۇتۇق كىشم تۆزۈن بىرلەكىن كەلتە -

(6. تۇتۇق ئاياليم تۆزۈن بىلەن كېيىن كېلىد -)

7. چى مايترى بۇرخانقا توسالىم تىپ

(7. دىغان مايترى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ)

8. بىر مايترى سۇ بەزەتدىمىز.. بىر

(8. بىر مايترى هەيكىلىنى بېزەتتۇق، بىر)

---

① (A) ئالدىنقى، (B) كېيىنكى بەتنى كۆرسىتىدۇ. ياندىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستتىكى خەتلەرنىڭ قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئۈچ ئەدىنى ــ بۇرخان، نوم، راهىپلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئۇپاسى ــ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان، لېكىن راهىپ بولمىغان ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

9. مايترى سىمىت نومىن يمه (9. مايترى سىمىت نومىنى ھەم)
10. بىتىدىمىز.. بۇ سۇ بەزەتمىش نوم بىتىتمىش
(10. كۆچۈرتكۈزدۇق. بۇ ھەيكەل بېزەتكەن، نوم كۆچۈرتكۈزگەن)
11. بۇيان ئەدگۇ قىلىنچىغ ئالىڭ ئۆكرە ئاۋىرار-
(11. بۇيان (ساۋاپ) ياخشى قىلمىشنى ئەڭ ئاۋال ئۇستۈنكى)
12. (بىز) ئۇستۈنكى ئەزرۇئا خورمۇزتا تۆرت
(12. ئەزرۇئا، ھورمۇزتا، تۆت ماھاراج تەڭرىلەرگە بېغىشلايـ)
13. ماخاراچ تەڭرىلەركە بۇ بۇيان ئەدگۇ
(13. مىز. بۇ بۇيان ياخشى)
14. قىلىنچ كۈچىنتە تەڭرىدەم چوغ يالىنـ
(14. قىلمىش كۈچىدە (ئۇلارنىڭ) تەڭرىلىك چوغ ـ يالقۇنى (ھەشەمىتى))
15. (لارئاشىـ) لزۇن ئۈستە لزۇن ئۇلۇ (شۇمىن بالىـ) ق
(15. ئاشسۇن ـ كۆپەيسۇن. دۆلىتىمنى ـ شەھىرىمنى)
16. (ىمىن) كۈزەدۇ ئەرزۇنلەر .. ئىچتىن (سىڭـ
(16. كۈزىـپ تۇرسۇن. ئىچكى جەھەتتە)
17. (ـار) ... ـ مىگەن بولمازۇن .. تاشتىـ (مىن سىڭـ
(17.... ـ مىگەن بولمىسۇن. تاشقى جەھەتتە)
18. ـار ياغى) بۆرى بولمازۇن ......
(18. يېغى، بۆزى بولمىسۇن ......)
19.... تارىغ كۈلۈ بولزۇن قاماغ ـ
(19.... ئەۋلات شۆھرەتلىك بولسۇن. بار ـ
20. ـ ۋن تىنلىغلار مەڭىلىگ بول (زۇنلار)
(20. لىق جانلىقلار خوشال بولسۇن (خوشاللىققا چۆمسۇن))
21. يمه بۇ بۇياناغ ئالىڭ ئۆكرە ئا (ۋىرار) ـ
(21. يەنە بۇ بۇياننى ئەڭ ئاۋال تەڭرى بۆگۈ)
22. بىز تەڭرى بۆگۈ ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى
(22. ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر تەركەنىمىز)
23. ئۇيغۇر تەركەنىمىز قۇتىڭا ئالقاتمىش ئون
(23. ئالىلىرىغا بېغىشلايمىز. (ئۇ)، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان)
24. ئۇيغۇر ئىلى .. ئوتۇز تىگىت ئوغلانى .. توقۇز
(24. ئون ئۇيغۇر ئېلى، ئوتتۇز شاھزادە ئوغلانى، توققۇز)
25. ئىلچى بىلگەسى .. مىڭ تاپىنۇر تۈمەن
(25. ئەلچى ئەقىلدارى، مىڭ تۇرلۇك ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان)
26. ئىچرە كىلەرى بىرلەمىڭ تۈمەن يىلقا
(26. تۈمەن ئوردا ئىچىدىكىلىرى بىلەن مىڭ تۈمەن)
27. تەگى ئېل ئاشايۇ يارلىقاماقلارى بولزۇنلار

(27. يەلىدا قەدەر ئەلنى گۈللەتسۇن)
28. تاقى يمە بۇنۇم بىتتىمشتە ئىيىن
(28. تېخى يەنە بۇ نومنى كۆچۈرگۈزۈشتە (بىرگە ) ئەگىشىپ)
29. ئۆگەردەچى قىزىم كەنچ تۈزۈن ئۇلۇغ
(29. شاتلىنىدىغان قىزىم كەنجى تۈزۈن، چوڭ ئوغلۇم)
30. ئوغلۇم كەدىگەن ئىكىنتى ئوغلۇم تاغاي
(30. كەدىگەن، ئىككىنچى ئوغلۇم تاغاي)

(B)

1. يگەن كەلىنىمىز تۈگەل تۈزۈن .. قىزىمىز
1. يگەن، كېلىنىمىز تۈگەل تۈزۈن، قىزىمىز)
2. كۆركلە تۈزۈن .. بۇ بۇيان ئەدگۈ قىلىنچ
(2. كۆركلە تۈزۈن، بۇ بويان ياخشى قىلمىش)
3. كۈچىنتە ئىگسىز ئاداسىز قوپ ئەدگۈدە ئىچرە
(3. كۈچىدە كېسەلسىز، خەتەرسىز (ۋە) بارلىق ياخشىلىقنىڭ)
4. قاماغ ئايىغىدا تاشرا ئەرزۈنلەر .. تاقى
(4. ئىچىدە، جېمى يامانلىقنىڭ سىرتىدا بولسۇن. تېخى)
5. يمە بۇ بۇياناغ ئاۋىرار بىز .... ئۆگۈمۈز
(5. يەنە بۇ بۇياننى ئانىمىز تىسلىگ قۇنچۇقا (مەلىكىگە) )
6. تىسلىگ قۇنچۇقا .. ئىنىمىز ئېل سوڭقۇت
(6. ئىنىمىز ئېل سوڭقۇت تارقانغا،)
7. تارقانقا .. ئېل تۇغمىشقا بۇ
(7. ئېل تۇغمىشقا بېغىشلايمىز. (ئۇلار) بۇ)
8. بۇيان كۈچىنتە ئىگسىز ئاداسىز ئەر-
(8. بۇيان كۈچىدە كېسەلسىز، خەتەرسىز)
9. زۈنلەر .. تاقى يمەبۇ بۇياناغ
(9. بولسۇن. يەنە بۇبۇياننى (شۆھرەت) قازانغان)
10. (ئاۋدرار) بىز .. قازغانمىش قاڭمىز زەكەك
(10. ئاتىمىز زەكەك بەگەن تۇتۇق قاتارلىق)
11. بەگەن تۇتۇق ئۇلاتى قاماغقىتا قادا(شىمىز)قا
(11. بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا بېغىشلايمىز.)
12. ئەدگۈ ئۈلۈگ بولزۇن .. بۇ بۇيان (ئەدگۈ قىلىنچ)
(12. ئۇلارغا ياخشى نېسىۋە تەگسۇن. (ئۇلار) بۇ بۇيان، ياخشى قىلمىش
13. كۈچىنتە تەڭرى يېرىنتە توغزۇن (-لار)
(13. كۈچىدە تەڭرى يېرىدە تۇغۇلسۇن)

..................

ئۇندىن باشقا، يەنە بۇ بۆلۈمدە قەدىمقى ھىندىستان، كۇسەن (كۇچار)، سولمى (قاراشەھەر) لەردىكى ئاتاقلىق بۇددا دىنى ئۇستازلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، بۇ بۆلۈم تەتقىقاتچىلارنى تارىخ، دىن ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت خېلى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1 - 11 بۆلۈملەر① تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەر بىلەن باشلانغان ۋە ئاياقلاشقان:

I بۆلۈم: «ئەمتى بۇ نومۇلۇغ ساۋاغ ئاڭ ماگىت ئىلتە راچاگرى كەنت ئۇلۇشتا ئۇقمىش كەرگەك». (ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى ماگىت ئىلدىكى راچاگرى شەھەر دۆلىتىدىن ئۇقۇش كېرەك.)

بۇ بۆلۈمنىڭ يەتتىنچى ۋارىقىنىڭ ئالدى بېتىنىڭ 20، - 23- قۇرلىرىدا يەنە مۇنداق ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەن:

«21. ئەمتى بۇ نوملۇغ ساۋاغ دىكساناپىت (ئىلتەكى)

22. باداري بىلگە براماننىڭ ...

23. يىرىنتە ئۇقمىش كەرگەك ...»

(ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى دىكساناپىت ئەلدىكى... باداري بىلگە (دانىشمەن) ... براھماننىڭ... يېرىدىن ئۇقۇش كېرەك).

«... مايترى سىمىت نوم بىتىگدە باداري براماننىڭ ياغىش ياغماق ئاتلاغ باشتىنقى ئۇلۇش تۇكەدى» (مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە باداري براھماننىڭ نەزىر - چىراق قىلىشى ئاتلىق بىرىنچى بۆلۈم تۈگىدى).

دېمەك، بۇ بۆلۈم ئىككى كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ، بىرىنچى كۆرۈنۈش شىمالنى قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋايىسرا ۋانانىڭ قول ئاستىدىكى ئۈچ سەركەردىنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق باشلىنىپ، تەڭرى تەڭرىسى ساكيامۇنى بۇرخاننىڭ ماگىت ئىلدىكى پاساڭ تاغدا نوم تەپسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ ئۈچىسى مايترىنىڭ پات ئارىدا تەڭرى بۇرخاننىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى شۇ يەردە كۆرمەكچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى كۆرۈنۈش ئاياقلىشىدۇ.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش مايترىنىڭ ئۇستازى بولغان 120 ياشلىق باداري براھمان 500 شاگىرتىنى ئەتراپىغا ئېلىپ، مايترىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە باداري براھمانغا تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى كۆرۈش توغرىلىق ئاسمان ئىلاھىدىن ۋەھى كېلىدۇ. باداري براھمان ياشىنىپ كېسەللىك بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇرخاننى كۆرۈشكە بارالمايدىغانلىقىدىن مەيۈسلەنگەنلىكى بىلەن بۇ كۆرۈنۈش ئاخىرلىشىدۇ.

I بۆلۈمدە مايترى ئۇستازى باداري براھمان خۇشلىشىپ، تەڭرى ساكيامۇنى بۇرخاننىڭ يېنىغا 15 ھەمراھى بىلەن بىللە بېرىپ ساكيامۇنىنىڭ مۇرىتى بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

II بۆلۈمدە ساكيامۇنى بۇرخاننىڭ ھامىسى گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئۆز قولى بىلەن

---

ئەسكەرتىش: تىرناق بەلگىسى ( ) ئىچىگە ئېلىنغان سۆز، تاۋۇشلار ئەسلى تېكىستتە ئۆچكەن بولۇپ، ترانسكرىپسىيە جەريانىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆز تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

① ئەسلى تېكىستتە «ئۈلۈس» («ئۈلۈش، قىسىم، بۆلۈم دېگەن مەنىدە») دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن «بۆلۈم» دەپ ئېلىندى. ئۇنى «پەردە» مەنىسىدە چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

ئالتۇن رەڭلىك بۆز توقۇپ، ساكيامۇنى بۇرخانغا تۇتقانلىقى، ساكيامۇنى ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە ھاممىسىغا ئۇ بۆزنى باشقا راھىپ جامائەتكە سەدىقە قىلىپ بېرىشنى ئېيتقانلىقى سۆزلەنگەن.

IV بۆلۈمنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭدا ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى ئانىروتى ئارخات بۇرۇنقى تەمسىللەردىن سۆزلەۋاتقىنىدا، تەڭرى ساكيامۇنى بۇرخاننىڭ كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان مايترى ھىكايىسىنى ئېيتقانلىقى؛ مايترى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان بۇرخان بولۇپ، ئازاپتا قالغان جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇشىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى سۆزلەنگەن.

قىسقىسى، بۇ ئەسەر كونكرىتنى ۋەقەلىك ئورنى ۋە كونكرىت ئوبرازلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەھنە ئەسىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسىرى ھىساپلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماستىن، ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«مايترى سىمىت» نى پىرتانىراكشىت (بۇ تەرجىماننىڭ ئۆز ئىسمى ئەمەس، بەلكى سانسكرىتچە تەخەللۇسىدۇر) قەدىمقى توخرى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ۋە گۈزەل، بەدىئى ۋاستىلىرى خىلمۇ - خىل بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، تەرجىمان پىرتانىراكشىتنىڭ سىڭقۇسەلگە ئوخشاش پىشقان تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

1980 - يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىدىن مانى دىنىغا ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئون بەتلىك ھەر بېتىگە 20 قۇر خەت يېزىلغان) قوليازما پارچىسى تېپىلدى. بۇ يادىكارلىق (80 ·T ·B ·154 نومۇرى بېرىلگەن) ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئەدگۈ تاتىغلىغ نوم» (ئىسىل لەززەتلىك نوم) نامى بېرىلگەن بىر پارچىدا (بۇ تۆت بەتلىك 80 قۇر خەت يېزىلغان قوليازمىدۇر) مۇنداق قىزىقارلىق بىر ھىكايە سۆزلەنگەن: ئورمازت تېگىن ئاتلىق بىر ئادەم تەڭرى مانى بىلەن كۈچ سىنىشىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. تەڭرى مانى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا، ئۇ زادى ئۇنىمايدۇ. ئاخىرى ئۇ ئىككىسى كۈچ سىنىشىدىغان جايغا قاراپ يول ئالىدۇ...

ئەپسۇسكى، بۇ ھىكايە تولۇق ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغان.

نىستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن «ئىۋانگېلىيوم» نىڭ پارچىسى ۋە «سەنت گېئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

* *

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەتراپلىق، تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئاسان ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن دىنىي خاراكتېر ئالغانلىقىنى؛ شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ - خىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ تىل جەھەتتىن ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان ئەدەبىي تىل ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى

كۆرۈۋالالايمىز، شۇنداقلا بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، گۈللەنگەنلىكى ۋە ناھايىتى نەتىجىلىك بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

## ئىزاھات

• توخرى تىلى — 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپادىكى بىر مۇنچە ئالىملارنىڭ ھەرخىلناملار بىلەن ئاتالغان تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدىن ئون نەچچە خىل قەدىمقى يېزىقنى تاپتى ۋە بۇ خىل يېزىقلار بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. گېرمانىيىلىك زىگ (sieg)، زىگلىڭ (siegling)، فىرانسىيىلىك لېۋى (s.Levi) قاتارلىق بىر قانچىلىغان مۇتەخەسسىسلەر كۇچار ۋە قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان، براخمى يېزىقىنىڭ قىيپاش شەكلىدە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنى گىراماتىكىلىق، شەكىل ۋە سۆزلۈك جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ، بۇ يادىكارلىقلار تىلىنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا كۇچار ۋە قاراشەھەر تىللىرىنىڭ ئاساسەن بىر تىل ئىكەنلىكىنى، لېكىن دىئالېكىت پەرقى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. بۇ تىلغا ئالادى بىلەن ئىسىم قويغان ئادەم گېرمانىيىلىك ئالىم مۇللېر (F.W.K.Müller) بولدى. ئۇ، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت» نىڭ قاراشەھەر شورچۇقتىن تېپىلغان براخمى يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن تۇرپان (سىڭگىم، مۇرتۇق) دىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىكى «ئارىيا چانترى سانسكرىت تىلىدىن توخرى (ياكى توغرى) تىلىغا ياراتقان. پرتانراكشت توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان» دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن، بۇ تىلنى «توخرى تىلى» (ياكى توخار تىلى) دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى قاراشەھەر تىلى «توخار تىلى A»، قەدىمقى كۇچار تىلى «توخار تىلى B» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھەقىقى توخار تىلىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلى «ھەقىقى توخار تىلى»، قەدىمقى قاراشەھەر، كۇچار تىللىرى «ئاتالمىش توخار تىلى» دەپ ئاتالدى. «ھەقىقى توخار تىلى» ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا تەۋە ھېساپلىنىۋاتىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا ئېنىق يېزىلغان توخرى (ياكى توخرى) تىلى يەنى «ئاتالمىش توخار تىلى» (بۇ تىل ھازىر ئىلىم ساھەسىدە قەدىمقى قاراشەھەر، كۇچار تىلى دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ) نىڭ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى يەنىلا تەتقىقات ئۈستىدە تۇرماقتا.

تۆۋەندە، قەدىمقى كۇچار ۋە قارا شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشلەتكەن يېزىقى ۋە تىلى توغرىلىق بىر نەچچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر راھىب شۈەنجاڭ (مىلادى 602 — 664 - يىللار) ھىندىستانغا بۇددا نوملىرىنى ئالغىلى بارغاندا، كۇچار، قارا شەھەرلەردىن ئۆتكەن. ئۇ، بۇ يەرلەردىكى خەلقلەر ئىشلەتكەن يېزىق توغرىسىدا: «يېزىقى ھىندىستاندىن كىرگەن، ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن» دەپ ئېيتقان. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۈەنجاڭ ئېيتقان يېزىقنىڭ براخمى يېزىقى ئىكەنلىكى ئېنىق.

2. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ مىدىلى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قولىدىكى تۇرپان نۇسخىسى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قومۇل نۇسخىسى بولسۇن، مەزمۇن جەھەتتىن براخمى يېزىقىدا يېزىلغان ۋە قاراشەھەردىكى شورچۇق ۋە شىكشىن مىڭ ئۆيلىرىدىن تېپىلغان قەدىمقى قاراشەھەر تىلىدىكى نۇسخىلىرىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

3. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ قومۇل نۇسخىسىدا، بۇ ئەسەرنىڭ توخرىچىسىنى ئارىيا چانترى سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكى، ئاندىن پرتانراكشت توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرچە 1984 - يىللىق 4 - سان 57 - بەتكە قاراڭ).

4. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ بۇ ئەسەرنى كۆچۈرتكۈزگۈچى تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز قىسمىدا (يۈكۈنچ بۆلۈمىدە) ئارىيا چانترىنىڭ سۈلەملىق ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. سۈلەمى قاراشەھەرنى كۆرسىتىدۇ (بۇ ھەقتە خەنزۇچە «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 147 - بېتىگە قاراڭ).

5. چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمقى كۇچار ۋە قاراشەھەر تىللىرى ئاساسەن بىر خىل تىل بولۇپ، دىئالېكت پەرقىگە ئىگە. تىل سىستېمىسى جەھەتتىن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

6. توخرى تىلى قەدىمقى كۇچار ۋە قارا شەھەرلەردە ئىشلىتىلگەن ئىبادەتخانا تىلىمۇ ھېساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تەرمە گۈللەر

# كونا - يېڭى ئىشلار

(ھىكايە)

**مەمتىمىن ھوشۇر**

1

مەن ساۋۇر ئاكىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىمەن. ئۇ شارا - باراچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سېۋەتلىرىگە قارىسىڭىز: يىرتىق بوتىي دەمسىز؛ سۇنۇق قازان، ماكچىيىپ كەتكەن مەش، كونا كىيىم - كېچەكلەر دەمسىز؛ قەدىمىي مىس چىلاپچا، يۆگەكلىك قوغۇشۇن سىم ۋە ھەرخىل تۆمۈر - تەسەكلەر دەمسىز؛ كونا گېزىت، بوشىغان ھەر خىل ھاراق بوتۇلكىلىرى دەمسىز؛ ئەيتەۋۇر، جاھاندا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

ساۋۇر ئاكا ئەللىكلەردىن ھالقىغان، يۈزلىرىنى يىرىك ساقال - بۇرۇت باسقان، جىيەكلىرىنى قورۇق باسقان كۆزلىرى دائىما كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قاۋۇل يىگىت بولسا كېرەك، ھازىر ئۇنىڭ بەستى ئاشۇ يوغان سېۋەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئالدىغا پۈكۈلگەن بولۇپ، قارىماققا، بۇ ئادەمنىڭ بويى سەل پاكاردەكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە ئۇ، بىرنەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ دوقمۇشىدا لەڭپۇڭچىلىقمۇ قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇستا ئاشپەزمۇ دېيىشىدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئاشپەزلىك قىلغىنىنى كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىكى ئۇششاق - چۈشەك، كونا نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن بولىدۇ.

— شارا - بارا! كونا - يېڭى بارمۇ؟!
ساۋۇر ئاكا ئەنە شۇنداق ۋاقىراپ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كېلىدۇ. كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا، ئادىمى كۆپ قورۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئاز توختاپ، يەنە چىڭقىلىپ ۋاقىراپ قويىدۇ. مەن بەزىدە ئۇنىڭ خوتۇنلار بىلەن مال باھاسىنى تالىشىپ، قىزىشىپ سودىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن.

— ماڭا قاراڭ، سىڭلىم! — دەيدۇ ئۇ كونا ئۆتۈكنى كۆتىرىپ چىققان ئايالغا قاراپ، — بۇ ئۆتۈكنىڭ باشلىقى تۆگەپتۇ. ئۇنىڭ قونجىنى دەپ سىزگە ئۈچ تەڭگە بېرىۋاتىمەن. بىرەر كەمبەغەل ئۇنى - يىگىرمە تىيىن پايدا بېرىپ ئالسا، بىزمۇ ساتىمىز ئەمەسمۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ساۋۇر ئاكا كىشىلەرنىڭ مىلىنى باشقا شارا- باراچىلارغا قارىغاندا دۇرۇست باھادا ئالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ، كىچىك باللار كۆتىرىپ چىققان نەرسىلەرگە ھەق پۇل تۆلەيتتى. ئەگەر، باللار پۇللۇقراق بۇيۇملارنى كۆتىرىپ چىقسا، مالنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق - بۇيېقىغا ئۆرۈپ بىر قارايتتى - دە، ئاندىن ئالدىدىكى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرغان بالىغا قاراپ:

— ئوغرىلاپ چىقتىڭمۇ، قانداق؟ ماڭ جۇگۇ، ئاپاڭنى باشلاپ چىق! — دەپ ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

«شارا - بارا بارمۇ! كونا - يېڭى بارمۇ؟!»

يىراقلاردىن يېتىپ كېلىدىغان بۇ ئاۋاز مەھەللىدىكى ھەممىمىزگە ئەنە شۇنداق تونۇش ئىدى.

**2**

كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، 1970 - يىلىغا كەلگەندە، ساۋۇر ئاكا بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى» دا بىللە بولۇپ قالدۇق. بۇ «ئۆگىنىش كۇرسى» دا «مەسىلە» تاپشۇرۇۋاتقانلار ئون نەچچە ئادەم ئىدۇق. ئاخشىمى ئاستىغا پاخال يېيىلغان، زەي بىر ئۆيدە قىستىلىپ ياتاتتۇق. كۈندۈزى «ئىدارە» دەپ ئاتالغان چوڭ ئۆيگە چىقىپ ئۆگىنەتتۇق. ئىدارىنىڭ يېرىمىغا بىر قانچە رەت ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئالدى تەرەپتە بىر ئۈستەل بار ئىدى. ئۈستەل ئارقىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىز تاپشۇرغان مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كادىر ئولتۇراتتى. ھەرقايسىمىزنىڭ ھەر خىل «جىنايەت» لىرى بار ئىدى. بىز ھىلىقى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كۈن بويى «مەسىلە» ئويلىشاتتۇق.

— ساۋۇركا، سىلى بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدىم مەن ساۋۇركامدىن.

— ۋاي ئۇكام، ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم، — دىدى ئۇ، — مەھەللە ھۆكۈمەتكە يىغىن بار دەپ چاقىرتىپتىكەن، ئاغرىپ قالدىم، دەپ بارمايلا قويسام بۇ ئىشمۇ يوق. نىمە ئىش باركىن، دەپ ئىشنى تاشلاپ، شاپاشلاپ بېرىپتىمەن دەڭگا، بارسام خەقنىڭ يېرىمى يىغىلىپ، يېرىمى تېخى كەلمەپتىكەن. مەنمۇ ئارىغا كىرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇردۇم. شۇ چاغدا بىرسى ئاغزىمنى تاتىلاپ: ساۋۇراخۇن، ئاۋۇ رەسىمدىكى كىملەر بولىدۇ، تونۇمسىز؟ دەپ سوراپ قالدى. قارىسام، ئۇدۇلىمىزدىكى تامدا ئىككى كىشى ئۆرە تۇرغان يوغان بىر پارچە سۈرەت چاپلاغلىق تۇرۇپتۇ. مەنمۇ

ئاۋايلىمايلا: ماۋۇ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى
بولۇدۇ، ئاۋۇ، يېنىدا تۇرغىنى كىم بولۇدىكى،
بىلمەيدىكەنمەن دەپتىمەن. شۇ گەپ بىلەن
پۈت - قولۇمنى يەرگە تەككۈزمەيلا بۇ يەرگە
ئەكىلىپ قويدى. بايا، ئۇ ھىلىقى لىن بياۋ
دىگەن باشلىغىمىزكەن ئەمەسمۇ، ھى... ھى...
ھى! كۆردۈڭمۇ ئۇكام، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى؟!
ساۋۇر ئاكىنىڭ كۆزلىرى يەنە كۈلۈپلا
تۇراتتى. بەزىدە، «ئۆگىنىش كۇرسى» نىڭ
باشقۇرغۇچىلىرى بىزنى ئېلىپ چىقىپ، ئانچە-
مۇنچە ئۇچۇغداپ تۇراتتى. ساۋۇركام شۇن-
داق تاياق يەپ كىرگەن چاغلىرىدىمۇ يەنە
كۈلۈمسىرىشى كەتمەيتتى.
— يائاللا، ھىلىقى قارىساق كەلگىنى
بەك ساللىدىغان نىمىكەنا! ئۇكام، سەن
چىقىپ قالساڭ ئۇنىڭ سول قولىغا ھىزى
بول. كاساپەت، سولخەي ساللىدىكەن ئەمەس-
مۇ، — دەيتتى ئۇ مېنى كۈلدۈرۈپ.
دىمىسىمۇ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىدە
قۇربان ئىسىملىك، قارا كەلگەن بىرسى بار
بولۇپ، ناھايىتى رەھىمسىز نىمە ئىدى، ھەم-
مىمىز ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن
قورقاتتۇق. ساۋۇر ئاكىنىڭ گېپىدىن كېيىن
بىز ئۆز ئىچىمىزدە ئۇنىڭغا «سولخەي» دەپ
لەقەم قويۇۋالدۇق.
«ئۆگىنىش كۇرسى» غا كەلگەنىدىن
كېيىن، ساۋۇر ئاكىنىڭ يەنە يېڭى «جىنا-
يەت» لىرى پاش بولۇشقا باشلىدى. بىر
كۈنى ھەممىمىز ئىدارىغا چىقتۇق. ئۆگىنىشنى
ھىلىقى «قۇربان سولخەي» باش-
قۇردى. ئۇ، تاماكىنى يوغان ئورىۋېلىپ،
ئۆزمەي چېكىدىغان نەرسە ئىدى، تاماكا
ئىسلىرى يوغان بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
پۇرقىراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىرە
بولۇپ ئايلىناتتى. ماڭا ئۇنىڭ چىرايى
ئاشۇ تاماكا ئىسىدىن قارىداپ كېتىۋاتقاندەك
بىلىنەتتى. باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ، ساۋۇر
ئاكىنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ، ئوتتۇرىدا
تۇرغۇزۇپ قويدى.
— خوش، ساۋۇر!...
— ھە، ماڭا گەپ قىلدىڭىزما، ئۇكام؟
— مەن سىنىڭ ئۇكاڭ ئەمەس. سەن
ئۇلۇغ فۇتۇڭشۇەيمىز لىن فۇجۇشىنى «تو-
نۇمايمەن» دىگەن ئەكسىلئىنقىلاپچى.
— ماڭا قاراڭ، خۇدا ھەققى، تونۇي-
مەن. نىمىشقا تونۇماي، ئالدىراشلىقتا ئاغ-
زىمدىن شۇنداق چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.
— بولدى، بولدى. يەنە باشقا مەس-
لىلىرىڭنى ئويلاشتىڭمۇ؟
— ئويلاشتىم، ئۇ... (ئۇ، «ئۇكام»
دەۋېتىشكە يەنە تاسلا قالدى.) بۇ
يەردە تەييار نانىنى يەپ، مەسىلە ئوي-
لاشمىساق، يەنە نىمە ئىش بار، دەيسىز.
— تولا گەپ يورغىلاتماي، نەق
جاۋاپ بەر! ئۇن نەچچە كالا سويۇپ
سېتىپ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغىنىڭ راستمۇ؟
— ئۆتكەندە دىدىمغۇ، بىر كالا،
ئىشەنمىسىڭىز تۇز دەسسەپ بېرەي.
— كۆپىچىلىك «ئۇن» دەپ ئىنكاس
قىلدىغۇ. ئىنقىلاۋىي ئاما يالغان سۆزلەمدا!؟
— ئەمدى ئىنكاس دىگەن شۇنداق
بولۇدۇ. مەن ئۇ كالىنى دۆڭ مەھەللىدىن
ئالغان. ئالغان يېرىمدە قۇناخۇن قاسساپمۇ
بار ئىدى. ئىككىمىز مالنى تالىشىپمۇ قالغان.
ئاخىرىدا، مەن بەش تەڭگىنى ئوشۇق بەر-
دىم، سودا مېنىڭ بولدى. ھەقچان، بۇ
ئىشنى شۇ ئادەم ئىنكاس قىلغاندۇ؟ بۇ
بىر...— ساۋۇركام بىر بارمىغىنى پۈكۈپ،
سۆزىنى داۋام قىلدى، — كالىنى يېتىلەپ
چوڭ يولغا چىقىپ تۇرۇۋىدىم، سىز تونام-
سىزكىن؟ ھىلىقى تاماكىغا لازا ياغىچى
ئارىلاشتۇرۇپ، سەلەركىدە قورۇپ ساتىدىغان
ساۋۇت ساختا يولۇقتى. ئۇمۇ ئىنكاس قىلغان

بولسا، ئىككى: دۆك مەھەللىنىڭ دۆڭىدىن چۈشۈۋېتىپ، ئىسمايىل ساتىراش بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇغۇ ئۇنچىۋالا كۆيدۈرگە نەرسە ئەمەس. ئەمدى، ئىنسانچىلىق، ئۇمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا، ئۈچ، كىۋرە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام، زاسۇيېھز ئابدۇرئىماخۇن كۆرۈپ: «سويساك، كالا - پاقالچىگىنى ماڭا ئۆتكەز - ھە!» دەپ قالغان، تۆت: بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تازا ئېسىدە قالماپتۇ، يەنە بىر - ئىككى تونۇش ئۇچرىغان، ئۇلارمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا، بەش - ئالتە...

شۇنداق ساناپ، ساۋۇر ئاكا كاللىنى كېۋرگەلەرنىڭ سانىنى ئون نەچچىگە يەتكۈزدى.

— مانا ئىنىم، ھوي ياق، كادىر! ئىنكاس قىلغان ئادەم ئون نەچچە بولغان بىلەن، كالا ئاشۇ بىر كالا ئەمەسمۇ...

«سولخەي» ساۋۇر ئاكىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىدى، ئىككىلىسى خېلى ۋاقتقىچە تىركەشتى. ئاخىر، ئۇ: «ساۋۇرنىڭ بۇگۈنكى پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىدى» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

— بوپتۇ!— دېدى گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن ساۋۇر ئاكا جىلى بولۇپ،— كاللىنى «ئون» دەپ يېزىپ، خىزمىتىڭنى ئۆستۈرۈۋال!..

بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلار ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. قۇربان سولخەينىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ياتاققا قايتقاندا: مەن ساۋۇركا، كادىرغا قورقماي قاتتىق گەپ قىلىۋەتتىڭىز؟ دېدىم.

— قارىمامسەن ئۇكا، خۇدانىڭ نالەسىنى قىلىپ كەتسەم ئىشەنمىگىنىنى. «پادىشادىن شەھەر قالدۇ، ھارۋىكەشتىن تىرت، ۋا - ۋا» دەپتىكەن، مېنى دېسە «يېگىرمە» دەپ يېزىۋالسۇن!

ئەتىسى ھېلىقى «سولخەي» ئىشنى تېخىمۇ يوغارتتى: ساۋۇر مەلۇم بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەن، دېگەن گەپنى كۆتىرىپ چىقتى. بىز يەنە ئىدارىغا يىغىلىشتۇق. ساۋۇر ئاكا تەشكىلات توغرىسىدىكى گەپتى ئاڭلاپ تېخىرقاپلا قالدى.

— نىمە؟! گېپىڭىزنى تازا ئاڭقىرالماي قالدىم،— دەپ سورىدى ساۋۇر ئاكا.

— تەشكىلاتىڭنى سوراۋاتىمەن، تەشكىل...

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلىدۇ. مەندە تەشكىل نىمە قىلسۇن!

— خۇپسەنلىك قىلما، كۆز بوياپ ئۆتەلمەيسەن!

— خۇدا ھەققى، نان دەسسەپ بەر، دېسىڭىز دەسسەپ بېرەي، تەشكىلىم يوق.

— ئۇنداق خۇراپىي گەپلىرىڭنى بۇ يەردە قىلما. بىز ئەھۋالنى ئىگەللەپ بولدۇق. تەشكىلىڭ بارلىغى ئېنىق.

— تەشكىلىم بولسىغۇ تازا ئوبدان بولاتتى. بىر چاغدا، پاختا زاۋۇتتا بىر - ئىككى ئاي كۈزەتچىلىك قىلىپ قالدىم. ئادەم تەشكىلدە بولسا، كۆڭلىمۇ توق تۇرىدىكەن. ئەمدى تەشكىللىك بولۇپ قالدىغان بولدۇم، دەپ يۈرسەم، بىر كۈنى زاۋۇتنىڭ باشلىغى چاقىرىپ: ساۋۇراخۇن، بىز سىزنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرغان، ھازىر دەرۋازىغا قارايدىغان ئادىمىمىز كېلىپ قالدى، ئەمدى سىزگە رۇخسەت، دەپ ئىشلىگەن پۇلۇمنى بېرىپ، يولغا سېلىپ قويدى. شۇندىن بېرى تەشكىل دىگەن نىمىنى كۆرۈپ باقمىدىم، جىلى گەپ!

بىز كۈلكىمىزنى توختىتالماي قالدۇق. ئاخىر، يىغىنمۇ يىغىن بولماي قالدى.

«سولخەي» ساۋۇركامنى ھەلە ئىشلەتتى،
پوزىتسىيىسى قەبىھ، دەپ خۇلاسە چىقاردى.
بىز بۇ يەردە «پوزىتسىيىسى قەبىھ» دېگەن
سۆزنى «كەچتە قاتتىق تاياق يەيدۇ» دېگەن
مەنىدە چۈشىنەتتۇق.

شۇ كېچىسى باشقۇرغۇچىلار ساۋۇر
ئاكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز
بەك ئەنسىرىدۇق. «ئۈگىنىش كۇرسى» نىڭ
ئادەم ئۇچۇغدايدىغان ئۆيى بىز ياتقان
ياتاقنىڭ خېلى نېرىسىدا — ھويلىنىڭ بۇلۇ-
ڭىدىكى قىستاڭدا ئىدى. ئادەتتە، ئۇچۇغدى-
لىۋاتقانلارنىڭ پەرياتلىرى ئاسانلىقچە ئاڭ-
لانمايتتى. ساۋۇركام چىقىپ كېتىپ بىرەر
سائەتتىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ نالىغان ئۈنىنى
ئېنىق ئاڭلىدۇق. گويا، تاياق بىزنىڭ ئۇس-
تىمىزگە تېگىۋاتقاندەك تولغىنىپ، ھېچقاي-
سىمىز ئۇخلىيالمىدۇق.

ساۋۇر ئاكا بىر ھازادىن كېيىن، ۋاي-
ۋايلاپ، پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە مېڭىپ
كىردى - دە، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى تاش-
لىۋەتتى.

— ساۋۇركا، ھوي ساۋۇركا، بەك
ئۇرۇۋەتتىمۇ؟ — دېدۇق ھال سوراپ.

— ئۇنى بىر دېمەڭلا، ئۇكىلىرىم. مۇن-
داقمۇ باغرى تاش ئادەملەر بولۇدىكەن - ھە!
يېرىم سائەتتەك توختىماي سېلىشتى. باشتا
مەنمۇ: چوپ - چوڭ ئادەم بولغاندىن كېيىن،
چىدىماسلىق قىلسام سەت بولار، دەپ ئىن
دېمەي ياقتىم. ئادەم بولغاندىن كېيىن
ئېرىپ قالار، دەپ: ھوي، سىز كىمنىڭ
بالىسى؟ مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى تونۇيمەن،
جۇمۇ! دەپ ھەلقى ھارامدىن بولغان سول-
خەينىڭ كۆزىگە تازا قاراپ تۇرۇۋالساممۇ
توختىماي سېلىۋاتىمادا، ئاخىرى بولالماي،
«ۋاي - دات!» دەپ ئاۋازىمنى بولۇشىغا
قويۇۋەتتىم. ئۆيدە ئۇششاق باللىرىم بار،

ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۇلار
قانداقمۇ قىلار، دېسەم مەن يوقتە...

ئارىدىن يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆت-
تىمۇ، ئۆتمىدىمۇ ئېسىمدە يوق، ھەلقى
«سولخەي» تۇيۇقسىز بىزنىڭ ئارىمىزغا
قېتىلىپ قالدى. باشتا بىز ھەممىمىز ھەيران
بولدۇق. كېيىن، ئۇ چاغلاردا ئەقىلگە سىغ-
مايدىغان غەلىتە ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇر-
غاچقا، ئۇنىڭمۇ بىر يەردىن مەسىلىسى چىقىر-
گۇلۇپ چىققانلىقىنى تېزلا پەملىدۇق. ھە،
كونىلارنىڭ: بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە،
ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ، دېگىنى ئەنە
شۇ. ساۋۇركام:

— يائاللا! نىمە جاھان بولۇپ كېتىد-
ۋاتىدۇ. مۇنۇنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزغا تىقىلىپ
قالغانلىقىنى كىم ئويلاپتۇ - ھە؟! — دەپ
ياقىسىنى تۇتتى.

«سولخەي» باشتا كىرگەندە، بىزدىن
كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلىپ، چىرايىغا خى-
جالەت كۈلكىسى يۈگۈرۈپ، بىز بىلەن ئەپ
بولماقچى بولدى. لېكىن، ھېچقايسىمىز ئۇ-
نىڭغا چىراي ئاچمىدۇق. بىزنىڭ — ھەممى-
مىزنىڭ بەدەنلىرىدە ئۇنىڭدىن يېگەن تاياق-
نىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. ساۋۇر ئاكا تېخىچە
بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپ يۈرەتتى. كەچتە
«سولخەي» ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە
بوشلۇققا تىقىلىپ ياتتى. «ئۈگىنىش كۇرسى»
دىن بىزگە ھەر كۈنى ئىككى ۋاق تاماق
بېرەتتى: چۈشتىن بۇرۇن ئۇماچ، چۈشتىن
كېيىن ئادەمنىڭ كۆزىدەك ئىككى قوناق
مومىسى بىلەن بىر ساپلۇق گۆشسىز سەي
ئىدى. بەزىدە ئۆيلىرىمىزدىن تاماق كېلىپ
قالسا بىر - بىرىمىزگە سۇنۇشاتتۇق. ھەلقى
«سولخەي» نى ھېچكىم تاماققا قىچقارمايتتى.
ئۇمۇ بىزنىڭ بۇ مۇئامىلىمىزگە ئانچىلىك
پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. ئەمما، ئۇ، تاما-

كىنى ئۆزمەي چىكىدىغان بولغاچقا، ئىككى كۈندىلا يانچۇغىنى قۇرۇتىداپ بولدى. ئۇ-چىنچى كۈنى بولسا، چۈشكىچە خۇمارچىلىقتا ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي يۈردى. چۈشتىن كېيىن پەقەت بولالماي، يەردىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ، ئالقىنىغا ئۇۋاپ، يۆگەپ چەكتى. شۇندىن كېيىن، بىز چەككەن تاماكىلارنى يەرگە تاشلىغاندا، دەسسەپ ئېزىۋېتىدىغان بولدۇق.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بىر ئايال «سولخەي» گە تاماق ئېلىپ كەلدى. بىز قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ياش ئايال بىر قولىدا ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قىزچاقنى كۆتىرىۋالغان بولۇپ، تۆت - بەش ياشلاردىكى يەنە بىر ئوغۇل ئۇنىڭ كۆينىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، بويىنىنى قىسىپ تۇراتتى.

— مانا قاراڭلار، بۇ ھارامزادىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش بالا - چاقىلىرى بارىكەن - ھە؟ — دەۋەتتى ساۋۇركام.

شۇ ئىش بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىزنى لەخمە كولاشقا ئېلىپ چىقتى. لەخمە بىز ياتقان يەردىن ئۈچ - تۆت يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى بوشلۇقتا ئىكەن. ئىلگىرى كىملەردۇ يېرىمىغىچە كولاپ تاشلىۋەتكەن بۇ كونا لەخمىنىڭ تۆپىسىدىن قۇم - شېغىل شۇرقىراپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن.

كەچتە، ئىشتىن قايتقاندا، «سولخەي» ئالدىمىزدا كەتتى. بىز ئارقىدىن مېڭىپ، يەنە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. تەغدىرنىڭ ئۇنىڭغا بىر كۆرۈۋاتقان كۈننى كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىمىزدىن خوشال ئىدۇق. شۇ چاغدا، ئارىمىزدا بىرسى: «ھەي ئاغىنىلەر، يەنە ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرگۈزۈپ قويغان ئىشپىيون بولۇپ قالمىسۇن؟» دەپ قالدى. بۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز خىيالغا چۆشۈپ قالدۇق. «سولخەي» گە بولغان ئۆچمەنلىكىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. «ھەي، مۇشۇنى ئەتە لەخمىنىڭ ئىچىدىلا بىر ياقلىق قىلىۋەتمەيلىمۇ، بىرەر ئەسكىنىڭ دۇنيادىن يوقالغىنىغا نىمە بوپتۇ. ئۇرۇپ شېغىلغا باستۇرۇۋەتكىپلا، لەخمە بېسىۋالدى، قىلىمىز، كىم بىزدىن كۆرەتتى؟» دەپ قالدى يەنە بىرەيلەن. بۇ مەسلىھەت ھەممىمىزگە خوپ چۈشتى.

ئەتىسى مەن يوغان بىر كۆلۈچنى قوينۇمغا تىقىپ ئىشقا چىقتىم. مەسلىھەت بويىچە بىز ئۈچ كىشى ئۇنى جايلىماقچى ئىدۇق. قالغان ئىككىيلەننىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆكۈزدەك كۈچى بار، قاۋۇل يىگىتلەر بولۇپ، مۇشتۇملىرى بازغاندەك ئىدى. ئاۋال مەن ئارقىدىن «سولخەي» نىڭ بېشىغا كۆلۈچ بىلەن سالىمەن، ئاندىن ئۇ ئىككىيلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ، شېغىلنىڭ ئاستىغا باستۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام...

كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە بىز «سولخەي» نى ئايرىپ ئېلىپ قالدۇق.

— يۈرۈ، كۆتىرىشىۋالىدىغان بىر نەرسە بار!

بىز ئۇنى لەخمىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە باشلىدۇق. ئۇ بىزنىڭ پەيلىمىزدىن قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى سەزگەن بولسا كېرەك، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كەڭلىكى بىر مېتىردىن سەل ئاشىدىغان، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يەتمەيدىغان بۇ تارچىلىقتا ئۇ قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز ئىدى. گەپ قىلماي ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەمدىلا ئون - يىگىرمە قەدەم مېڭىپ تۇرۇۋېدۇق، ئارقىمىزدىن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى. بىز نىمە گەپكىن، دەپ توختاپ تىڭشىدۇق. قارىساق، ساۋۇركام ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ بىزنىڭ مەسلىھىتىمىزدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئېھتىمال،

www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىدا بىرسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ۋاقىرىدى:

— توختاڭلار ئۇكىلار، توختاڭلار!

— نېمە بولدى؟!

— ماڭ ئۇكا، چىقىپ كەت! سېنى بىرسى چاقىرىۋاتىدۇ! — دەپ، «سولخەي» نى بىزدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ چىقىرىۋەتتى.

— قويۇڭلار ئۇكىلار، ئۇنداق قىلماڭلار، ھەر كىم يامانلىق قىلغان بولسا ئۆزىگە. ئۇنىڭ جازاسىنى خۇدا ئۆزى بېرىدۇ. ئەسكى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئەسكى قىلمايلى. ئۇنىڭمۇ ئۇششاق باللىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ! مەن سوراپ قالاي! ...

— ھەي، قانداق ئادەم سىز؟ — دەۋەتتىم مەن تىت - تىت بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ قۇربان ئامان قالدى.

ئەتىسى ئۇنىڭ ئايالى يەنە ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تاماق ۋە تاماكا ئەكىلىپ بەردى. «سولخەي» ئايالى ئېلىپ كەلگەن يوغان خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى.

— تەڭ چېكەيلى، خېلى جىق ئەكەپتۇ. يامان ئەمەس كۆرۈنىدۇ.

— كۆتەر، بۇ نېمەڭنى!

مەن ئۇنىڭ قولىغا بىر قويۇۋىدىم، ئوچۇمىدىكى تاماكىنىڭ ھەممىسى يەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ پىشانىسىدىن پۈژژىدە تەر چىقتى. ئۇ، يەنە بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ، يېنىمدىكى كىشىگە تەڭلىدى. ئۇ كىشىمۇ يەرگە بىر تۈكۈرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ، تاماكىسىنى كۆتىرىپ ھەممەنىڭ ئالدىغا باردى. ھېچكىم ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئالمىدى. ئاخىرىدا ئۇ، ساۋۇر ئاكىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ساۋۇركا! سىز بولسىڭىزمۇ ئېلىپ قويۇڭا، ئەمدى تەڭلەپ قاپتىمەن.

— ئەكە، ئۇكا!

ئويلىمىغان يەردە، ساۋۇر ئاكا ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ، يانچۇقىغا قويدى ۋە:

— مەيەرگە ئولتارغىنە. ئاشۇ كەلگەن سېنىڭ باللىرىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم «سولخەي» بىلەن رەسمىي پاراڭلىشىشى ئىدى. «سولخەي» گېلىگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى - دە، بىردىنلا كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ...

3

ئەگەر ۋەزىيەت ئۆزگەرمىگەن بولسا، بىز ھېلىقى «ئۆگىنىش كۇرسى» دا يەنە قانچىلىك «دەرس» ئالاتتۇقكىن. 1976 - يىلى بىزمۇ ئازات بولۇپ تارقىشىپ كەتتۇق.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. بىر كۈنى بىرسىدىن: ساۋۇركام يېزا بازىرىدا ئاشخانا ئېچىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ ئادەمنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرمەي، سېغىنىپمۇ قالغان ئىدىم. بېرىپ تامىقىنى يېگەچ بىر پاراڭلىشىپ كېلەمەكچى بولدۇم.

ۋاي - ۋۇي! بىزنىڭ بۇ بازار نېمە دېگەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. قارىمامسىز، گۆش - ياغ، سەۋزە - پىياز، ئوتۇن - ياغاچ، مەكىگەن - سامان، قوي، توخۇ، ئۇن، ھەر خىل مېۋىلەر، تاتلىق - تۈرۈملەر ھەممىسى سېتىلىدىكەن. ئادەمنىڭ جىقلىقىنى دېمەمسىز، مەن قىستىلىپ يۈرۈپ ساۋۇر ئاكىنىڭ دۇكىنىنى ئاران تاپتىم. ساۋۇر ئاكا ئاق بۆك

كېيىپ، ئاق پەشۋال تارتىپ، ساپلۇقنى ھەۋەس بىلەن تاراقلىتىپ، ھەدەپ سەي قورۇۋېتىپتۇ. مەن ھەيران قالدىم، ھەيران قالغىنىم: دۇكاندا خېمىر تارتىپ، ئاش سېلىۋاتقان ئادەم دەل ھېلىقى «قۇربان سولخەي» ئىدى.

يائاللا! بۇ ساۋۇركام - زە، «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەندەك ئاناڭنى بەر» دېگەننى تازا ئوقۇغان ئادەمكەن - دە! مېنىڭ بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتتى. بۇرۇلۇپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئاشخىچە ساۋۇركام مېنى كۆرۈپ قالدى:

— ھوي، توختاخۇنمۇ بۇ، نىمانداق ...

ئۇ ئالدىمغا چىقىپ، سۆرىگىنىچە دۇكىنىغا ئەكىرىپ كەتتى. ھېلىقى قولۇمدىن «سولخەي» ئالدىراشلىقتا خېمىر قوللىرى بىلەن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئىدى، مەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا: «ھە، قانداقراق؟!» دەپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتتىم.

دۇكاندا تاماق يەۋاتقان بىرنەچچە خېرىدار بار ئىكەن. مەن ئارقىدىكى ئۈستەلگە ئۆتۈپ ئولتاردىم. «سولخەي» دەرھال جوزىنى سۈرتۈپ، بىر پىيالە چاي قويۇپ بېرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدىم. ساۋۇر ئۇستام بىر ساپلۇق سەينى قورۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تەخسە گۆشلۈك سەي بىلەن ئاش كۆتىرىپ كېلىپ، يېنىمدا ئولتاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە كۈلۈپ تۇراتتى.

— تامىغىمىزنىڭ تۇز - تەمىنى تېتىپ باق، ئۇكا.

— ساۋۇركا، بازار يامان ئەمەستۇ؟

— رىسقىغا چۈشلۈق، ئۇكام. بۇ تەرەپلەرگە پەقەت كېلىپ باقمىدىڭ، ھە؟ دېگەن بىلەن ئىشنى يولغا سېلىۋالدۇق.

— بۇ نىمنى يەنە قويرۇغىڭىزغا چېتىۋاپسىزغۇ، — دېدىم مەن قازان بېشىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن «سولخەي» نى شەرەت قىلىپ.

— ۋاي ئۇكام، بىلمەيسەن. ئۇنى ھەممىڭلار يامان كۆرۈسلەر. سەن بىلمەيسەن، مەن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلاشتىم. ئۇ ئەسلىدە گېئولوگ دەمدۇ، بىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىكەن. ئاتا - ئانىسى بۇرۇن ناھايىتى باي ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەن. كېيىن ئۇنى ئىدارىسىدىن «سىنىپىي تەركىۋىنى يوشۇرغان» دەپ بوشىتىۋېتىپتۇ. ئۆزىمۇ شۇ ئاق قەغەزنى قارا قىلىشتىن باشقا ھۈنەرنى ئۆگەنمىگەن بولغاچقا، جەمەيەتتە جىق تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانغاندا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ئاكتىپ بولۇپ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالاي، دەپ ئويلاپتىكەن. بۇرۇنقى ئىشلىگەن ئورنىدىن «بۇ ئادەمدە چوڭ گۇمان بار» دېگەن بىر پارچە قەغەز كېلىپ قېلىپ ھەممە ئىشنى بۇزۇپتۇ. ھەي ئۇكام، يېڭىلمەس ئاللا، بىز ئىنسان ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندە. ئازمايدىغان ئادەم يوق ...

ئۇ مايلىشاڭغۇ قوللىرىنىڭ ئارقىسى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇكام، راستىنى ئېيتسام: مېنىڭ شارا - باراچىلىغىمۇ يامان ئەمەس ئىشتى. قارىسام، بۇ ئىنىم يەنە تەمتىرەپ قاپتۇ، خىزمىتى توغرىسىدا يۇقۇرىغا ئەرز بېرىپ قويغان ئىكەن، تېخى ھەل بولماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ: ئاكا، ئاكىلسام، ئاشپەزلىكمۇ قولىڭىزدىن كېلىدىكەن، بىر ئاشخانا ئاچساق، مېنى خېمىرغا ئۆگەتسىڭىز. سىزنىڭ سايىڭىزدا مەنمۇ كۈن ئالسام، دەپ قالدى. شۇنىڭ زورى بىلەن بۇ دۇكاننى ئېچىپ قالدۇق. خېمىرغا ئوبدانلا قولى كېلىپ قالدى. ئۆتكەن ئىشلارنى زادى يۈزىگە سالمايمەن.

ئىنساننى قاتتىق ئۇيالدۇرۇش گويا، ئۇكام. هازىر تاپقىنىمىز تەڭ، كۈنىمىز يامان ئەمەس كېتىپ بارىدۇ. قېنى، ئاش سوۋۇپ قالدى، بەهۇزۇر ئالغىن، ئۇكا. مەن ئوچاق بېشىغا بىر چىقاي ...

1980 - يىلى بىر كۈنى ئەتىگەندە ساۋۇر ئاكىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر قولىدا يوغان سومكا، قولتۇقىدا چوڭ بىر خالتا. يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولالماي ئاران مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ.

— هوي، ساۋۇركا، نەگە؟

ساۋۇركام مېنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى:

— ئۇكام، ماۋۇلارنى ۋەلسىپىتكە ئېلىپ، ئاۋۇ كوچىغىچە ئاپىرىشىپ بېرە!

ئۇنىڭ قولىدىن سومكا، خالتىلارنى ئېلىپ ۋەلسىپىتىمگە ئارتتىم. ئۇ، بىر قولىدا ۋەلسىپىتىمنىڭ ئارقىسىدىكى خالتىنى تۇتقاچ مېڭىپ پاراڭغا چۈشتى:

— بىزنىڭ هېلىقى «شاگىرت» ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى، شۇنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بارىمەن.

مەن دەرهال «قۇربان سولخەي» نى ئەسكە ئالدىم.

— ئىشى هەل بوپتىمۇ؟

— هە، ئىدارىسى چاقىرتقىلى خېلى بولغان. ئاخىرى ئۇلارنى ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماشىنا ئەۋەتىپتۇ. بالىلىرىنىڭ تەلىيى دىگىنە، ئۇكا.

بىز ئازراق مېڭىپ بىر تار كوچىغا ئەگىلىشىمىز بىلەن ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرىنى بېسىپ مېڭىشقا تەييار تۇرغان ماشىنىنى كۆردۇق، كەپىنەكنىڭ ئىچىگە قۇرباننىڭ ئايالى بالىلىرى بىلەن جايلىشىپتۇ. يۈكنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان قۇربان بىزنى كۆرۈپلا يەرگە چۈشمەكچى بولدى.

— بولدى، بولدى، چۈشمەڭ! — دېيىشتۇق بىز.

ساۋۇر ئاكا ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— ماۋۇ ئازراق ئۇن ئۇكام، بارغاندا بالىلىرىڭ بىلەن يەرسەن. ماۋۇ سومكىدىكى ساڭا قىلغان يوللۇغۇم. ئاز بولسىمۇ ئال. كۆڭلۈمدە جىق ئويلىغانلىرىم بار ئىدى، هى ... هى ... هى.

— ساۋۇركا، نېمانچە ئاۋارە بولۇسىز، بۇنىڭسىزمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز ئازمۇ!

— ئاۋۇ سومكىنى ئوبدانراق يەرگە قوي، ئۇكا. بولمىسا قولۇڭدىلا تۇتۇۋال. هە، ئۆزەڭمۇ مەهكەم ئولتا! ياخشى - يامان دېيىشكەن بولساقمۇ رازى بول! ...

ساۋۇركام شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ماشىنىدا ئولتارغان قۇرباننىڭ بوغدىيىگى يۇقۇرى - تۆۋەن هەركەتلىنىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. ساۋۇركامنىڭ كۆزلىرى يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى.

— هەي ئەخمەق بالا، خوشال بولماي نېمىگە كۆڭلۈڭنى بۇزۇسەن؟ قېنى، شوپۇر ئۇكا، ئەمدى هەيدىسىڭىزمۇ بولۇدۇ.

ماشىنا قوزغىلىپ كەتكەندە، قول سىلكىپ تۇرغان ساۋۇركامغا يەنە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ هەمىشە كۈلۈپ تۇرۇدىغان كۆزلىرى هازىر ياشقا تولۇپ پاقىراپ كېتىپتۇ. نېمىشقىدۇ، مېنىڭمۇ بۇرۇنلىرىمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى ...

قۇربان كېتىپ، ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتمەي، مەهەللە كوچىلىرىدا يەنە ساۋۇر ئاكا پەيدا بولدى. سىلىقلىنىپ كەتكەن شۇ كونا ئەپكەچى، لېكىن، ئەپكەچىنىڭ ئىككى بېشىدىكى سېۋەتلەر بۇرۇنقىدىن كىچىك ۋە يېڭى ئىدى.

— شارا - بارا! كونا - يېڭى بارمۇ؟!

بۇ تونۇش ئاۋاز كوچىمىزدا قايتا ئاڭلىنىشى بىلەنلا مەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم، ساۋۇر ئاكىنىڭ كۆزلىرى يەنە بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەپ-كىچىنى قويۇپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ مېنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— ئۇكا، ياشىنىپ قاپتىمەن. ئاشپەز-لىكمۇ ئېغىر ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شاگىرت كېتىپ قالدى. دۇكاننى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مەھەللە ھۆكۈمىتى ماڭا ئېتىۋار بېرىپ، كونا ماللارنى يىغىپ سېتىۋا-لىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ بەردى. دۇكانغا كەلگەن نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن. بەزىدە، مەھەللىلەرگە ئۆزەم چىقىپ يىغىۋالىمەن، ھى...ھى...ھى. ئۆگىنىپ قاپتىمەن، دېگىنە. مۇشۇ كوچىلارنى ئانچە-مۇنچە بىر ئارىلاپ تۇرمىسام ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ. تاپاۋىتىم يامان ئەمەس. ھى ... ھى ... ھى «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىت بار» دېگەن شۇ. ھىلىقى زەي ئۆيدە يېتىپ كەتكىنىمىز ھە، ئۇكا؟ شۇ كۈنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

— قۇرباندىن خەت كەلدىمۇ؟

— كەلدى، كەلدى. بىر يىلدا ئىككى-ئۈچ پارچە خەت يازدى. ئىككى-ئۈچ مىڭ سومدەك قايتۇرۇش سوممىسى ئاپتۇ. ھازىر تۇرمۇشى خاتىرجەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇرۇن يەردىن چىقىدىغان مەدەن دەمدۇ، بىر نىمىلەر توغرىسىدا يازغان كىتاپتەك بىر نەرسىسى بار ئىكەن، ھازىر ئۇ، شۇنى يېزىۋېتىپتۇدەك، تەشكىل ئۇنى: سەن باشقا ئىشنى قىلماي، مۇشۇ كىتاپنى يېزىپ پۈتتۈر، دەپتۇدەك. قارا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپسا باشقا گەپ-ھە! ...

تېخى مېنى: «ئۆيدىكىلىرىڭىز بىلەن كېلىپ، بۇ يەردە بىر-ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتىڭ» دەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت. ھى ... ھى ... ھى، ۋاي-ۋۇي! ئۇرۇمچى دېگەن نە ئۇ؟

ساۋۇركام ئەپكىچىنى مۈرىسىگە ئېلىپ مېڭىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى پات-پات ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولدۇم. بەزىدە ئۇ سېۋەتىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ ئارانلا ماڭاتتى. شۇنداق چاغلار-دىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى...

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى).

(بېشى 136 - بەتتە)

ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا؛ ب. ب. ب. ب. ب. ب. ب. ب. ئا؛ د. د. د. د. د. د. د. د. ئا...

مۇستەھزات: كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە كۆپ قوللىنىلغان شەكىللەرنىڭ بىرى، ئۇ ئۇزۇن-قىسقا 4 مىسرادىن تۈزۈلىدۇ. يەنى 1 -، 3 - مىسرالىرى ئۇزۇن، 2 -، 4 - مىسرا-لىرى قىسقا، جۈملىدىن، ئۇزۇن مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا، قىسقا مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا قاپىيداش بولۇپ كېلىدۇ.

مۇستەھزاتتا قىسقا مىسرالار ئۇزۇن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كۈچەيـ-تىپ بېرىدۇ ۋە شېئىر ئاخىرلاشقىچە شۇ خىلدا داۋام قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزۇن مىسرالىرىنى قىسقا مىسرالىرىدىن ئايرىپ قارىغاندا، ئۇ مەسنىۋىي ياكى غەزەل شەكلىنى ئېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرالايدۇ.

تۈزگۈچى: م. زەيدى.

# مەن مىسالى غىلاپسىز خەنجەر

مۇتەللىپ مەھەممەت (خۇرسەندى)

ئاتام جەڭدە كۆز يۇمغان كېچە
مەن تۇغۇلدۇم يورۇق دۇنياغا.
غېرىپسىنغان ئانامنىڭ قەلب —
غەزىنىسى تولدى تىللاغا.

باللىغىم ئۆتتى ئەركىنلىك
قوشىغىنى ئاڭلاپ مومامدىن.
باش لىڭشىتىپ كۆلەتتى بوۋام،
ئايدىڭلاردا ئورغان ئومامدىن.

بىرەلمەيمەن ساناپ شۇ يەڭلىغ،
ئىزلىرىمنى بورانلار كۆمگەن.
مانا، قىران ئەر بوپ يېتىلدىم،
قامىتىدىن شىر، يولۋاس ئۆيگەن.

غۇرۇرلۇقمەن، مېھنەتسىز تاجغا
قىيا باقسام ئۇرسۇن يەر مېنى.
قورۇنمامدۇ ئاتامنىڭ روھى،
خەلق «نانكور» دىسە گەر مېنى؟...

ئاشۇ ھىسلار پارلاپ ئېڭىمدا،
كېلەچەككە ئاشىدۇ زوقۇم.
چىن ئىرادە دالالىرىدا
ۋىسال پورەك ئاچىدۇ چوقۇم.

ئاتام ئارزۇ قىلغان كۆنلەرنىڭ
بوستانىدا بۇلبۇلمەن بۈگۈن.
كۆزۈم ئەتە سۈرەتلىرىدە،
ئەتىدىن مىڭ گۈزەلدۇر ئۆگۈن...

نىشان تامان چاپار تۇلپارىم،
تۇيىغىنى تاشلاردا بىلەپ.
تاڭ شاملى ئوينار چېچىمنى،
سەپىرىمگە ئاق يول، شان تىلەپ.

تەنە قىلىپ كۆلىدۇ بەزەن
ئىشلىرىمدىن روھى بوشاڭلار.
گاھى قامال قىلار يولۇمنى،
چۆل - جەزىرە، تىك قىيا - ھاڭلار.

تىكلەر ئۈمىت تاغلارغا شوتا،
چاتقاللارنى كۆيدۈرۈپ پاكىز.
دىلبەر نازى سۆيگۈمنىڭ ئالتۇن
بوسۇغىسىغا سالالمايدۇ ئىز.

تىنىغىمغا چىن مەرتلىك سىرداش،
نەزىرىمدە مىڭ شاھتىن بايمەن.
ساختىلىقتا قەھرىم يانار تاغ،
ھەقىقەتنى سۆيۈپ ياشايمەن.

مەن مىسالى غىلاپسىز خەنجەر،
پاسىقلارنىڭ جانلىرىغا ۋاي.
كۆزۈم ئەتە سۈرەتلىرىدە،
ئارغىمىغىم چاپار توختىماي.

(خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى 1985 - يىللىق 1 - سانىدىن)




www.uyghurkitap.com

## تاگور «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپات»غا ئېرىشكەندىن كېيىن

ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زاماندىكى بۈيۈك شائىرى، يازغۇچىسى ۋە دراماتورگى تاگور (1861 — 1941) مۇنۇ ئىككى جۈملە سۆزنى تولىمۇ ياقتۇراتتى:

«ھەرقانداق بۇتقا ئەسلا چوقۇنما،
ھەرقانداق كىشىنىڭ ئېتىقادىغىمۇ شەك كەلتۈرمە.»

بۇ، ئۇنىڭ دادىسى ئۆز ھويلىسىنىڭ دەرۋازا بېشىغا يېزىپ قويغان ئەقلىيە سۆز ئىدى. تاگور مۇشۇ ئەقلىيە سۆزنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى، ئۇ باشقىلارنى بۇت قىلىپ چوقۇنمىدى، شۇنداقلا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ چوقۇنىدىغان بۇت قىلىۋېلىشىغىمۇ يول قويمىدى.

1912 - يىلى تاگورنىڭ «كىتانىكىيالى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ، مۇشۇ شان - شەرەپكە ئېرىشكەن تۇنجى شەرقلىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگرامما ھىندىستانغا يېتىپ بارغاندا، ھىندى خەلقى قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. ئۇلار شات - خوراملىقتا چۆمۈپ، ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ھەممەيلەن كوچا - كويلاردا تەنتەنە مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار تاگورنىڭ سادىق كىتابخانلىرى ئىدى. مۇشۇ پەيتتە، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۈيۈك شائىرنى نەدە ئىدى دېمەمسىز؟ ئۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى كەيپىياتى جامائەتچىلىكنىڭكىگە ئوخشاش بولمىدى، ئۇ خوشاللىنىپ كەتمىدى، ئەكسىچە، غەمگە چۆكۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «ئەمدى ماڭا ئاراملىق كۈن يوق» دەۋەتتى.

شائىرنىڭ بۇ پەرىزى تامامەن توغرا چىقتى. ئۇ ھەر قايسى ئەللەرگە ساياھەتكە بارغىنىدا، بارغانلا يېرىدە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىندى ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ياپونىيىگە بارغاندا، ياپونلۇقلار ئۇنى ئەۋلىيادەك ئىززەتلەپ «ئەۋلىيا تاگور» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئامېرىكىغا بارغاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇنى كۈتۈۋېلىشتىكى داغدۇغىسى ئەنگلىيە شاھزادىسىنى قارشى ئالغىنىدىن قېلىشمىدى، شىۋېتسىيە ۋە دانىيە ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمى شەرىپىگە مەشئەل يىغىلىشى ۋە پانۇس كېچىلىكى ئۆتكۈزدى؛ گېرمانىيىدە ئۇنىڭ

نۇتقىنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەر مەيدانغا سىغماي قالدى. بىر مۇنچە كىشىلەر ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ كېيىمىنىڭ پېشىنى سۆيدى.

بۇنداق شان - شەرەپ ئالدىدا تاگور تەشۋىشلەندى ۋە بىئارام بولدى. ئۇ: «ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تاگور راستىنلا ھەرگىز مەن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇمەن، ئۆزەم ئۈچۈنمۇ قايغۇرۇمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ: «ھامان بىر كۈنى نام - شۆھرەتنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىمەن!» دەپ بەل باغلىدى.

تاگور شۇنداق دىدى ھەم شۇنداق قىلدى. ئۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، تېخىمۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولدى، تېخىمۇ تىرىشىپ ھىندىستان خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئاكتىپ ئىشلىدى. ئۇ، ئېرىشكەن غايەت زور ئەدەبىيات مۇكاپات سوممىسىنى ۋە بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ قۇرغان خەلقارا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىئانە قىلدى؛ ئۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، شېئىر ۋە ماقالىلار يېزىپ جۇڭگو خەلقى، ئافرىقا خەلقى ۋە ئۆز مەملىكىتى خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەققانىي كۈرىشىنى قوللىدى، ئۇ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يىلى يەنە «باغۋەن» ۋە «ئۇچار قاناتلار» ناملىق ئىككى لېرىكا توپلىمىنى ئېلان قىلىپ، «كىتانكىيالى»غا قارىغاندا تېخىمۇ ئاكتىۋئال، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلدى. ئۇ تاكى 80 يېشىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر قەلىمىنى توختاتمىغان ئىدى.

## ئىشنى خەت يېزىشتىن باشلىغان چوڭ يازغۇچى

ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر دىراماتۇرگى بېرنادشاۋ (1856 — 1950) 14 يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلە قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەچكە، ئۇ، دۇبلىندىكى ئۆي - جاي شىركىتىدە خەت كۆچۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىدى، كېيىن بۇ شىركەتنىڭ بوغالتىرى بولدى. ياش بېرنادشاۋ بۇ خىزمەتنى تولىمۇ مەنىسىز بىلەتتى ۋە بۇ ئىشتىن بەكمۇ بىزار ئىدى. شۇڭا ئۇ، باشقا بىر جايدا ئۆزىگە ئوخشاش خىزمەت ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشى مەينۇدىغا خەت يېزىپ، كۆڭلىدىكى ئىچ پۇشۇغىنى ئىزھار قىلدى.

بېرنادشاۋ ئەسلىدە مەينۇدىنى ئۆزى بىلەن «تەقدىرداش بىچارە» دەپ قاراپ، يازغان خېتىنىڭ بۇ ساۋاقدىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىشىنى كۈتكەن ئىدى. لېكىن مەينۇدى جاۋاپ خېتىدە، بېرنادشاۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىش گەرچە ئاددىي ئىشلار بولسىمۇ، بىراق جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھازىرقى خىزمىتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بېرنادشاۋ دەرھال جاۋاپ خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس بەس - مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇلار خىزمەت ۋە تۇرمۇش مەسىلىسىنى مۇنازىرىلەشكەن ئىدى. كېيىنچە مۇنازىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار مۇنازىرىلەشكەنسېرى شۇنچە قىزىقىپ، ئۇنىڭدىن

چەكسىز لەززەت ئېلىشتى، شۇنداقلا بۇ مۇنازىرىگە «مەكتۇپ دۇئېلى» دەپ ئات قويۇشتى. بۇ توختىماس «دۇئېل»دا ئۇلار ئىدىيىسىنى تاۋلىدى. جەمىيەتتىكە كۆڭۈل بۆلۈدىغان، رىئاللىقنى تەھلىل قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇردى. شۇنداقلا بۇ مۇنازىرە ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يېزىش، ئىپادىلەش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى. مانا بۇ «مەكتەپ دۇئېلى» بېرنادشاۋنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

بېرنادشاۋ تولا خەت يېزىۋەرگەچكە، خەت يېزىشقا «خۇمارى» تۇتۇدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، ساۋاقداشلىرىغا خەت يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ژورناللارغىمۇ خەت يازاتتى. ئۇنىڭ «جامائەت پىكرى» ژورنىلى رېداكسىيىسىگە يازغان بىر پارچە خېتى ئۇزاق ئۆتمەي ژورنالدا ئېلان قىلىندى. ئۇ، ئۇلاپلا يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى، ئۇ خەتمۇ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېزىش ھەۋىسى تېخىمۇ قوزغالدى. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ رايى چۈشمىگەن ئەسلىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، لوندونغا كەلدى-دە، يېزىقچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈشكە بەل باغلىدى. لېكىن مۇۋەپپەقىيەت يولى تەپ-تەكشى ئەمەس ئىدى، ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلىش بىر پارچە خەت ئېلان قىلىشقا قارىغاندا كۆپ قىيىن ئىدى. ئۇ يېزىقچىلىقتا ئارقا-ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان توققۇز يىل ئىچىدە ئاران ئالتە فونت ستېرلىڭ قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. ۋاھالەنكى، بۇنىڭ بەش فونت ستېرلىڭى دورا پۈرۈشلارغا ئېلان يېزىپ بېرىپ تاپقان قەلەم ھەققى ئىدى.

لېكىن بېرنادشاۋ بۇنىڭلىق بىلەن مەيۈسلەنمىدى. ئۇ ھاردىم-تالدىم دىمەي يېزىۋەردى. ئۇ يېزىشقا خۇددى نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەك تۇتۇنغان ئىدى. «بولىكا بولسىمۇ ياشاۋېرىمەن، لېكىن يازمىسام ياشىيالمايمەن» دەيتتى ئۇ. ئۇ توختىماي يېزىۋەردى، خەت يازدى، ئوبزور يازدى، درامىمۇ يازدى. 1892-يىلى ئاخىرى لوندوننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «بويتاق بوۋاينىڭ ئۆي-جايى» ناملىق درامىسىنى يېزىپ چىقتى. كېيىن يەنە چوڭ-كىچىك درامىدىن 50نى يازدى. 1925-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «مەكتۇپ دۇئېلى»غا قاتناشقان مەيۇدىمۇ كېيىنچە داڭلىق يازغۇچى بولۇپ قالدى.

## تالادا قالغان يازغۇچى

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سىنكلېر (1878 — 1968). ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، تۇرمۇش قامداش ۋە ئوقۇش پۇلى تۆلەش ئۈچۈن گېزىت-ژورناللارغا پات-پات ئەھمىيەتسىز، بىمەنا لەتىپە، چۆچەك ۋە قورقۇنچلۇق ھېكايىلارنى يېزىپ تۇراتتى. گېزىت-ژورنال خوجايىنلىرى سېمىزلىكىنىڭ دەردىدە قالغان غوجام-خېنىملارنىڭ ئاش-تاماق، ھاراق-شاراپتىن كېيىنكى ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يازغانلىرىنى تېزلا ئىشلىتەتتى. ئۇ يازغان نەرسىلەر گەرچە قىزىق، يۇمۇرلۇق ۋە ئاجايىپ-غارايىپ بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئەدەبىي قىممىتى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ شېئىر-نەزمىلەرنى يېزىپ، نەشرىياتلارغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نەشرىياتچىلار ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىگە قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ

كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلدى.

ۋاھالەنكى، سىنكلېر ئۇلۇغ ئىستەكنى قەلبىگە پۈككەنلىكتىن، ئۇ ئەمدى بايلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچچىدىغان ھېلىقىدەك بىرنىمىلەرنى يازماي، «باھار ۋە ھاسىلات» دېگەن تېمىدا بىر رومان يېزىشقا بەل باغلاپ، نەچچە يىلدىن بېرى توپلىغان بىر نەچچە يۈز يۈەن پۇلىغا ئورمانلىقتىن كىچىككىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، تالا - تۈزىگە چىقماي بېرىلىپ يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يېمەكلىك ۋە لازىمەتلىك ئەكەلدۈرگەندىن باشقا، بۇ يەردە ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمايتتى. بىراق ئۇنىڭ مىسكىنانە مۇشەققەتتە يېزىپ پۈتكۈزگەن رومانىنى نەشرىيات سودىگىرى ۋە كىتابخانا خوجايىنى «بۇ كىتاپ بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ، قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

شۇ مەزگىلدە ئۇ ئەمدىلا توي قىلغان بولۇپ، ئۆي ۋە ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن، ۋاقتىنچە ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆي تۇتقان ئىدى. بۇ ئەھۋالدا، تۇرمۇشتىكى زىددىيەتتىن خالى بولغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئايالى ناھايىتى چىرايلىق، لېكىن تولىمۇ ئابرويپەرەست، تاماق خىللايدىغان، ياسىنىشقا ئامراق ئايال بولغاچقا، پۇل بولمىسا بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش تەس ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بەزىلەر ئۇنىڭغا: يەنىلا ئىلگىرى ئۆزەڭ يازغاندەك بىرنىمىلەرنى يېزىپ قەلەم ھەققى ئېلىپ، تۇرمۇشۇڭنى قامدىساڭ بولمامدۇ؟ دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، سىنكلېر: ئۇنداق مەنىسىز نەرسىلەرنى يازىدىغان قۇللارچە تۇرمۇشتىن ئەمدىلا قۇتۇلدۇم، ئەمدى قانداقىسىگە ئۇ پاتقاققا يەنە ئۆزەمنى ئاتاتتىم! دەپ زادى ئۇنىمىدى. ئۇ كۆڭلىدە: يازىدىكەنمەن، ياخشى ئەسەر يېزىشىم كېرەك؛ يازغۇچى بولماقچى ئىكەنمەن، قەدىر - قىممىتى بار يازغۇچى بولۇشۇم كېرەك؛ ئاچلىقتىن، سوغاقتىن ئۆلسەممۇ ھەرگىز پۇشايمان قىلماسلىقىم لازىم، دېگەن ئىرادىگە كەلگەن ئىدى.

كېيىن ئۇ ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆردى، تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى، شۇڭا ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن كىتاپلارغا باھا تىپىدىكى كىچىك ماقالىلارنى يېزىپ، گېزىت - ژورناللارغا ئەۋەتىشكە باشلىدى. بىراق، بۇنداق ماقالىلارمۇ تەھرىرلەر ۋە خوجايىنلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچە يېزىلمىسا ئىشلىتىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ غەزەپلىنىپ بۇ ئىشتىن قول ئۈزدى ھەمدە بىر ئارالغا بېرىۋېلىپ، بىر كەپىدە ياشاشقا ۋە كەپىگە مۆكۈنۈۋېلىپ «شاھزادە خاگىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا باشلىدى. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئايالى ۋە بالىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن نيو - يوركقا قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى. ئايالى ئۇنى كۆرۈپلا ئاچچىقىدا ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ، ئىچىدىن تاقىۋالدى.

— ھەي، مېنى نېمىشقا ئۆيگە كىرگۈزمەيسىز؟ — دېدى سىنكلېر تاقەتسىزلىك بىلەن ئايىلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ.

— ئۆزىڭىزدىن سوراڭ! — دېدى ئايالى ئاچچىقى بىلەن، — بالا - چاقىڭىز بىلەن كارىڭىز بارمۇ - يوقمۇ؟

بۇ خانىم سىنكلېرنى باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش پۇل تېپىپ بالا - چاقىسىنى باقمىغان، گېزىت - ژورناللارغا ھېلىقىدەك ئاسان باسىدىغان مەزىسىز ماقالىلارنى يازمىغان دەپ قەسەم قىلسا، ئاندىن كېيىن ئۆيگە كىرگۈزۈدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى. بۇ گەپ سىنكلېرنى ئىنتايىن بىئارام قىلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇماق ئوغلىنى كۆرۈۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ

قىلاتتى - ھە! بىراق ئۆز ئۆيىگە كىرىشىنىڭ شەرتى شۇنچە قاتتىق ئىدى. ئۇ، چاكىنا تۇرمۇشنى دەپ ئۇلۇغۋار ئىشنى قۇربان قىلىشنى خالىماي، بىر ھازاغىچە جاۋاپسىز تۇرۇپ قالدى.

— سىز زادى ئۆيگە كىرىشنى خالامسىز - يوق؟ — دەيتتى ئايال ئۆينىڭ ئىچىدە ۋاقىراپ.

— ياق! مەن ئۆزەم كۆرۈپمۇ ئويلىمىغان ماقاللارنى ئەمدى ھەرگىزمۇ يازمايمەن! — ئۇ تالادا تۇرۇپ قەتئىي جاۋاپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا، ئۆيگە كىرىشنى مەڭگۈ ئويلىماڭ! — ئايالى دىگىنىنى قىلىپ، ئۇنى ئۆيگە زادىلا كىرگۈزمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا - باشقا ئۆتۈشتى. سىنكلېرنىڭ ئوغلىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. شۇڭا بالىنىڭ ئىنىكئانىسى نەچچە كۈندە بىر قېتىم بالىنى كىچىك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، باغچىدىكى پۈتۈشكەن جايغا ئېلىپ باراتتى - دە، ئۇ كۆرۈۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېلىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇمۇ نىيىتىدىن يانماي، رومان يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. تەخمىنەن ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ «شاھزادە خاگېن» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە «شىددىرىن خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىمۇ يېزىپ چىقتى. ئايالى بىلەن ئايرىلىپ ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ ئەسەر يېزىش ۋاقتى تېخىمۇ كۆپەيگەن ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ گويا ئەسەبىلەشكەندەك، كېچە - كۈندۈز توختىماي يېزىپ، ئىككىنچى رومانى «شىددىرىن خاتىرىلىرى» نى ئالتە ھەپتىدىلا يېزىپ بولدى. بۇ ئەسەر بىلەن ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كېيىن ئۇ يەنە «ماناساس»، «قوشخانا» قاتارلىق ئىككى پارچە كاتتا رومانىنى يازدى. «قوشخانا» دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سېتىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى، سىنكلېرمۇ شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە داڭلىق يازغۇچى بولۇپ قالدى.

## دودنىڭ يار - يۆلىگى

فرانسىيىنىڭ 19 - ئەسىردە ئۆتكەن يازغۇچىسى دود (1840 — 1897) ئۆمرىدە 20 پارچە رومان، تۆت دراما ۋە بىر شېئىرلار توپلىمى يازغان بولۇپ، ئەسەرلىرى فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ۋە «بېرلىن قورشاۋى» ناملىق ھېكايىلىرى دۇنياغا داڭلىق نادىر ھېكايىلار ھېسابلىنىدۇ. «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» مەملىكىتىمىزدە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇ ھېكايىدا پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، فرانسىيىدىكى ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈلگەن بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسى يېزىلغان بولۇپ، كىچىك سېيۈژېت ئارقىلىق كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىپادىلىنىپ، قىسقا سەھىپە ئارقىلىق ئاساسىي ئىدىيە چوڭقۇر قېزىلغاچقا، ئۇ ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي تىپى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

دودنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ ئايالى ژىيولىيا ئالاننىڭ ياردىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ژىيولىيا ئەدەبىي جەھەتتە خېلى چوڭقۇر بىلىمگە

ئىگە ئايال بولغاچقا، دودنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن غايەت زور مەھنەت سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇ بەزىدە دودنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاقىقا كۆچۈرۈپ بەرسە، بەزىدە تۈزىتىپ بېرەتتى، ھەتتا بەزىدە دود يېزىپ پۈتتۈرەلمىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ پۈتتۈرەتتى. شۇڭا دود ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. بىر قېتىم دود ئۆزىنىڭ دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، قىلچە يوشۇرماستىن:

— ناۋادا مېنىڭ ئايالىم بولمىغان بولسا، مەن جەزمەن قولۇمنىڭ ئۇچىدا بولۇشىغا يېزىۋەرگەن بولاتتىم. مېنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىمدە ئايالىم ئىنچىكىلەپ كۆرمىگەن، تۈزەتمىگەن بىرمۇ بەت يوق، ئۇنىڭ تىرناق ئىزى چۈشمىگەن بىرمۇ ئەسىرىم يوق، — دېگەن ئىدى.

دود جان ئۆزۈش ئالدىدا ژىيولىيانى ئالدىغا چاقىرىپ، ئېھتىرام ۋە ئىشەنچ بىلەن: «ئەپسۇسكى، بەزى ئەسەرلىرىمنى تېخى يېزىپ پۈتتۈرەلمىدىم. ئەمدى سىزگە تاپشۇرۇپ كېتىمەن، قالغان ئەسەرلىرىمنى سىز پۈتتۈرگەيسىز» دەپ ئۆتۈنۈش قىلغان ئىدى. دود قازا تاپقاندىن كېيىن، ژىيولىيا ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ پۈتمىگەن ئەسەرلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى قانائەتلىنەرلىك ئورۇندىدى. شۇندىن باشلاپ ژىيولىيائالا فرانسىيە ئەدەبىيات ساھەسىدە يازغۇچىنىڭ «ياخشى يار - يۆلەنچۈكى» بولۇپ تونۇلدى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولغانلىقىغا دائىر ياخشى نام قالدۇردى.

## تولستوينىڭ ياخشى ياردەمچىسى

1873 - يىلى لېۋ.تولستوي «ئاننا كارېننا» نى ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئايالى سوفىيا ئۇنىڭغا ۋە باللىرىغا ناشتىلىقنى تەييار قىلىپ تۇراتتى. تولستوي پىشۇرۇلغان تۇخۇمدىن ئىككىنى يەپ، بىر ئىستاكان قېنىق چاي ئىچەتتى - دە، ئاندىن سوفىيا ئوراپ قويغان پاپىروسنى ئېلىپ كىتاپخانىسىغا كىرىپ يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇ ئولتۇرغىنىچە گۈگۈم چۈشكەندە ئاندىن كىتاپخانىدىن چىقاتتى.

يولدىشى ۋە باللىرى شىرىن ئۇيقىغا چۆككەندە، سوفىيا شام يورۇقىدا ئاقىقا كۆچۈرۈشكە باشلايتتى. قىش كېچىلىرى ئۆيگە مەش يېقىلسىمۇ، سوغاق جاندىن ئۆتەتتى. سوفىيا باش كۆتەرمەي كۆچۈرۈۋەرگەچكە، ئۇنىڭ گەجگىسى قورۇلۇپ، قولى تېلىپ، بېلى ئاغرىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ تاكى ئەتىگەن سائەت ئۈچ - تۆتلەرگىچە توختىماي ئىشلەپ، يېڭى كۆچۈرۈلگەن ئارگىنالنى ئېرىنىڭ ئۇيغانغاندا كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن شىرەگە تەقلەپ قوياتتى. «ئاننا كارېننا» رومانى تولستوينىڭ 12 قېتىم ئىنچىكىلەپ تۈزىتىشى ئارقىلىق تۆت يىلدا ئاران پۈتكەن بولۇپ، سوفىيامۇ ئۇنى تۆت يىل كۆچۈرگەن ئىدى. سوفىيا بۇ جاپاغا قىلچە نارازىلىق بىلدۈرمىگەن ئىدى. سوفىيا مۇشۇ ھەقتە سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز ھازىر ھەقىقىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، ئۇ ھەر كۈنى تولۇق بىر باپنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ، مەن باش كۆتەرمەي كۆچۈرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشىنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ماڭا چەكسىز خۇشاللىق بەخش

ئەتتى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىم ئاشتى. يازغۇچىنىڭ ئائىلى بولۇش سۈپەتىم بىلەن مەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە چىن قەلبىمدىن كۆڭۈل بۆلىمەن».

## نامراتلىق ۋە مۇھەببەت

روسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى دوستويېۋسكى (1821 — 1881) 30 دىن ئارتۇق رومان ۋە پوۋېست يازغان ئىقتىدارلىق يازغۇچى بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ، نامراتلىقتا ئۆتكەن ئىدى.

دوستويېۋسكى قەرزنى قايتۇرالماي تۇرغان بىر پەيتتە بىر كىتابخانىنىڭ ستەيلوۋسكى ئىسىملىك نېمىس خوجايىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، دوستويېۋسكىنىڭ ئۈچ توملۇق ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئۈچ مىڭ رۇبلىغا سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭغا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يەنە بىر رومان يېزىپ تاپشۇرۇسەن، ئەگەر بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە تاپشۇرالمىساڭ، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جەرىمانىسى تۆلەيسەن، شۇنداقلا بارلىق ئەسەرلىرىڭنىڭ نەشر ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىنىسەن، دەپ تەھدىت سالىدۇ. يازغۇچى قەرزىنى تۆلىۋېتىش ئۈچۈن، بۇ ئېغىر شەرتكە ماقۇل بولىدۇ.

رومانىنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتقا بىر ئاي قالغاندىمۇ تېخى يېزىشنى باشلىمىغان دوستويېۋسكى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى كۆچۈرۈپ، دېگەن مۆھلەتتە تاپشۇرالىشىغا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن، تېز خاتىرىلىگۈچى قىزدىن بىرنى ياردەمچىلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ قىز ھەر كۈنى دوستويېۋسكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يازغۇچىنىڭ بايان قىلغانلىرىنى خاتىرىلىۋالىدۇ ۋە كەچتە رەتلەپ، ئاققا كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. 26 كۈنلۈك جىددىي ئەمگەك نەتىجىسىدە «قىمارۋاز» ناملىق يېڭى رومان توختامغا مۇۋاپىق پۈتۈپ چىقىپ، ھېلىقى نېمىس خوجايىنىنىڭ دوستويېۋسكىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ ئاردىن پايدا ئېلىش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى يۇتىۋېلىش قەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك نەتىجىلىنىشى شۇكى، يازغۇچى بىلەن تېز خاتىرىلىگۈچى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش جەريانىدا بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ، قىز دوستويېۋسكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا چىن قەلبىدىن قايىل بولىدۇ؛ يازغۇچىمۇ بۇ خاتىرىلىگۈچى قىزنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى ۋە ئىشچانلىقىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئۇرۇقى بىخ سۈرىدۇ، رومان پۈتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارمۇ توي قىلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىخلاس.**

# ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

**ماقالا:** (ئەرەبچە. مقال — نۇتۇق، باپ سۆزلىدىن، كۆپلىگى ماقالات) — سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ياكى ئەدەبىي ھايات توغرىسىدا يېزىلغان پۇبلىستىك ئەسەر.

**مېلودراما:** (گرېكچە. melos — ناخشا، dirama— ھەركەت سۆزلىرىدىن) — ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ناخشا-مۇزىكىلىق دراممىلار «مېلودراما» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ھەم ساز چېلىپ ئورۇنلىغان ئويۇنلىرى مۇشۇ خىلدىكى «مېلودراما» غا ياتىدۇ. كېيىن بۇ شەكىل تەرەققىي قىلىپ درامىنىڭ ئوپېرا شەكلى مەيدانغا كەلدى.

**مېتافورا:** (گرېكچە. metaphora — ئىستىئارە سۆزىدىن) — مېتافورا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا «ئىستىئارا» دېيىلىپ كەلگەن. مېتافورا ئۇقۇمىدا ئوخشىغان نەرسە چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ-دە، ئوخشىتىلغان نەرسە ۋە ئوخشىغان نەرسىنىڭ سۈپىتىلا ساقلىنىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا سۆزلەر ئەسلى مەنىلىرىدىن سىرت كۆچمە مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاق كۆڭۈل ئادەم» دېسەك، بۇ «ئاق كۆڭۈل» سۆز بىرىكمىسىدىكى «ئاق» سۆزى ئادەم كۆڭلىنىڭ رەڭگىنى ئەمەس، بەلكى خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ ئادەمنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل كۆچمە مەنىدىكى سۆز «مەجاز» (خەلقارا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا «تراپ») دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاق كۆڭۈل» مېتافورىسىدىكى «ئاق» ناھايىتى كۆپ ئاق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما ئۇلار تىلغا ئېلىنماي، ئۇلارغا خاس ساپلىق ساقلانغان ھەمدە كۆڭۈلگە نىسبەتلەشتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەپلىك «مېتافورا» نى قىسقارتىلغان، ئىخچام ئوخشىتىش دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

مەجازى مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز سۈپەتلىگۈچى ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، بۇ «مېتافورىك سۈپەتلەش» دېيىلىدۇ. شۇم خەۋەر، قارا نىيەت مېتافورىلىرىدىكى «شۇم»، «قارا» سۆزلىرى مېتافورىك سۈپەتلەشتۇر.

**مېتونىمىيە:** (گرېكچە. metonymia — مەجاز سۆزىدىن) — بىر نەرسىنى ئۆز نامىدىن باشقا نام بىلەن ئېيتىش مېتونىمىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مېتونىمىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش تىلغا ئېلىنمىغان نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان نام ئارىسىدا مەنىۋىي ماسلىق ۋە ئۇيغۇنلۇق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ ئۇسۇل بىلەن كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئوبرازلىق مەنزىرە ۋە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ:

«ئەنە ئالدىمدا كۆكلۈمدەكلا كەڭ،
يېيىلىپ ياتار، ئالتۇن يەر-ئېتىز.
يۇمشاق يەلپۈنگەن شۇ ئېتىز خۇددى،

يۇمشاق دولقۇنلانغان پايانسىز دېڭىز.
شۇ دېڭىزدا، كۆز يېتىم يەردە،
پەيدا بولۇپ قالدى ئەنە بىر يەلكەن.
پايانسىز دېڭىزدا گويا بىر لاچىن،
ئۈينىشىپ يۈرەتتى دولقۇنلار بىلەن.»
(ئابلىز نازىرى)

شائىر ئاشلىق دالىسىنى ئالتۇنغا، كېيىن دېڭىزغا ئوخشىتىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىتابخاندا ئېتىز توغرىسىدا گۈزەل ئىستېتىك زوق ھاسىل قىلىدۇ.

**مىنىئاتيۇرا:** (لاتىنچە. minium — بۇيۇك سۆزدىن) — قەدىمقى قول يازمىلار ۋە تاش باسما كىتاپلارنىڭ سەھىپىلىرىنى بېزىگەن رەڭدار لەۋھە، سۈرەت ۋە باشقا تەسۋىرىي نەقىشلەر. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىنىئاتيۇرا سەنئىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ناۋايى، جامى قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئەينى دەۋردە كۆچۈرۈلگەن ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن مىنىئاتيۇرىلار بىلەن زىننەتلەنگەن.

قەدىمقى مىنىئاتيۇرا سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا ۋە يېڭى سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشمەكتە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رەسساملىرى ۋە خەتتاتلىرى ئىشلىگەن نەمۇنىلىك رەسىم ھەم مۇقاۋا نەقىشلىرى بۇنىڭ روشەن بىر دەلىلىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ يېڭى نەشرىگە ئىشلەنگەن سۈرەت ۋە نەقىشلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مىنىئاتيۇرا دېگەن بۇ سۆز يەنە ئوچېرك، ھېكايە، كىچىك دىراممىلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بىرلا پەردىلىك كىچىك تىياتىرمۇ «مىنىئاتيۇرا» دېيىلىدۇ، يازغۇچى ت. ساماساقنىڭ «ئۆيي ئىشىمۇ ئىش» دېگەن ئەسىرىنى مىنىئاتيۇرا دېيىشكە بولىدۇ.

**مىللىي شەكىل:** شەكىل جەھەتتىن شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۆز خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت. ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: «تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئاملى (ئېلېمېنتى)، ئۇنىڭ ئاساسى ماتېرىيالى. شۇڭا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز ئانا تىلى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ»① تىل — مىللەتنىڭ خاراكتېرلىق بەلگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، مىللىلىك ئەڭ ئالدى بىلەن تىلدا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تىل — ئاساسىي ئامىل، ئۇ ئەدەبىياتقا كونكرېت، روشەن مىللىي تۈس بېرىدۇ.

مىللىلاشتۇرۇش دېگەن سۆز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكلى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە مىللىي پۇراق ۋە مىللىي ئۇسلۇپقا ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. مىللىلاشتۇرۇش — مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ

① «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىك، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان، 405 - بەت.

www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى.

**مىسرا:** شېئىرنىڭ ھەر بىر سەترى، قۇرى. شېئىردا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلىگەن بىر قۇر سۆز. مەسىلەن: «ئەلنى ئويغاتماق تىلەك تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.»

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

**مىف:** (گرېكچە. mythos — ئەپسانە، رىۋايەت (ھازىرقى سۆزىدىن)— قەدىمقى زامان كىشىلىرىنىڭ كائىنات ۋە ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، خۇدالار ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەقىدە ھەم خىياللىرىنى بايان قىلىدىغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلار. «مىف» ئەرەبچە «ئەساتىر» دەپ ئاتالغان.

**مىفولوگىك ئوبرازلار:** چۆچەك، ئەپسانىلەردىكى خۇدا، دىۋە، پەرى ھەم ئالۋاستىلار مىفولوگىك ئوبرازلاردۇر. ئۇلار ۋەقەلىكنىڭ فانتاستىك تەسۋىرى ۋە خەلق ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. مىفولوگىك ئوبرازلار «كىشىلىكنىڭ بالىلىق دەۋرىنى» (كارل. ماركس) ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرمۇ قىزىقارلىقتۇر.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە مىفولوگىيە نېگىزىدە يارىتىلغان ئوبرازلار مىفولوگىك ئوبرازلار دېيىلىدۇ. گومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» ئېپوسلىرىدا، پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە، ناۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىدا ۋە «چاستانى ئېلىگ بەگ» دە ئاشۇنداق ئوبرازلار بار.

**مونولوگ:** (گرېكچە. monos — بىر، logos — سۆزلەردىن ياسالغان)— پېرسوناژنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بەزىدە تاماشىبىنغا قارىتا ئېيتقان سۆزى، نۇتقى. مونولوگ سەھنە ئەسىرىنىڭ بېشىدا تاماشىبىننى ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن بىلەن تونۇشتۇرىدۇ، ۋەقە ئىشتىراكچىسىنىڭ سەھنىدە پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ ۋە ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ، مونولوگ قەھرىماننىڭ پىكىر ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئوبرازنىڭ ماھىيىتىنى ئاچىدۇ.

**مونورىم:** (فرانسۇزچە. monorime سۆزىدىن)— ھەممىلا مىسراسى بىر خىل قاپىيە بىلەن يېزىلغان شېئىر. مۇنداق شېئىرلارنى قەدىمقى شەرق شائىرلىرى جىق يازغان. رۇس پوئېزىيىسىدە مۇنداق شەكىل ئادەتتە ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك پوئېزىيىگىلا خاس.

**مونتاژ:** (فرانسۇزچە. montage — يىغىش، جەمغۇرۇش سۆزىدىن)— 1-بىر ياكى بىرنەچچە بەدىئىي ئەسەردىن ئېلىنغان ئايرىم ئېپىزوت ۋە كۆرۈنۈشلەردىن تەشكىل تاپقان بەدىئىي ئەسەر؛ 2-كىنو، رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردىكى ئايرىم بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلارنىڭ بۆلەكلىرىنى ئومۇمىي ماۋزۇ ھەم سيۇژېتقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر بىرىگە ئۇلاش.

**ماتىۋ:** (فرانسۇزچە. matif — ئاھاڭ، كۈي، مۇقام سۆزىدىن)— مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئاساسى ئېلېمېنتى. ئەدەبىي ئەسەردە «ماتىۋ» ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن پەرقلىق ھالدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تېمىسى بولۇپ، ئاساسىي تېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**مۇئەللىپ:** (ئەرەبچە. تالىيف — تۈزۈش، يېزىش سۆزىدىن)— ئەسەر يازغان كىشى، ئاپتور.

**مۇئەممما:** (ئەرەبچە. معما — مۆكتۈرۈلگەن، يوشۇرۇنغان سۆزىدىن)— ئەدەبىياتتا كىشى-

نىڭ پىكىر قىلىش ماھارىتىنى سىناش ۋە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان تېپىشماق. ئۇ كۆپىنچە، ئاتاقلىق كىشىلەر ئىسىملىرىنىڭ ھەرپلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ.

مۇئەمما شەكلىدە شېئىر يېزىش 15 - ئەسىردە كەڭ تارقالغان. ناۋايى، جامى قاتارلىق ئەدىبلەر مۇئەمما يېزىش ۋە ئۇنى يېشىش جەھەتلەردە شۆھرەت قازانغان. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا بۇ شەكىل ئاز ئۇچرايدۇ.

«موللىنىڭ باشىنى كەس مامات بولسۇن،
دەپنە قىل قەبىر ئارا ھايات بولسۇن.»

بۇ مۇئەممانىڭ تەگتىگە يەتسەك، موللىنىڭ «م» ھەرپىنى «قەبىر» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويساق «قەمبەر» (كونا ئىملادا «قبىر» شەكلىدە يېزىلاتتى) سۆزى كېلىپ چىقىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

**مۇبالىغە:** نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ئاشۇرۇپ، چوڭايتىپ تەسۋىرلەش. مۇبالىغە گەرچە ئەسلىدىكى پاكىتتىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن پاكىت بىلەن ئىچكى باغلىنىشتا بولۇپ، نەرسە - ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەسەر ياكى نۇتۇقنى جەزىبىلىك كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

مۇبالىغە كلاسسىك ئەدەبىياتتا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، ئېپوسلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «... ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى. ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى» («ئوغۇزنامە»).

«ئاھ ئۇرسا ئالەمنى بۇزار تاۋۇشى،
توقسەن مالنىڭ تېرىسىدىن كاۋۇشى.
تىكىلسەم قورۇيدۇ دەريانىڭ گۆمى،
نەرە تارتسام، غۇلار قورغاننىڭ تېمى.»

(«ئالپامىش» تىن).

**مۇۋەششەھ:** (ئەرەبچە. زىننەتلەنگەن، بېزەنگەن سۆزىدىن) — ھەربىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسرالىرىدىكى بىرىنچى ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن شائىر قەلەمگە ئالغان شەخس نامى ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنلار كېلىپ چىقىدىغان لىرىك شېئىردۇر. مەسىلەن: ل. مۇتەللىپنىڭ «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» ناملىق شېئىرىدىن «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن خىتاپ چىقىدۇ.

**مۇسەللەس:** (ئەرەبچە. ئۈچ سۆزىدىن) — بەند (كۇبلېت) لىرى ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر. شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بۇ خىلدىكى شېئىرلار باشقا تۈردىكى شېئىرلارغا قارىغاندا ئاز ئۇچرايدۇ. رۇس ۋە غەرب ئەدەبىياتىدىمۇ مۇنداق شېئىرىي شەكىل بولغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلگەن كۇبلېتلارنىڭ بىرىنچى كۇبلېتى بىر خىل قاپىيىدە بولىدۇ. كېيىنكى كۇبلېتلىرىنىڭ دەسلەپكى 2 مىسراسى بېيىت شەكلىدە قاپىيىلىنىپ، پەقەت 3 - مىسراسىلا دەسلەپكى كۇبلېتتا قاپىيىداش بولىدۇ. مەسىلەن:

«چىن ساداقەت، سۆيگۈنى جىسمىڭ ئۈچۈن جان ئەيلىدىڭ،
جان ئاتاپ سەنئەتكە سەن بارىڭنى قۇربان ئەيلىدىڭ،
زەر بىلەن تارىخ پۈتۈپ، نەسلىڭ ئۈچۈن كان ئەيلىدىڭ.

بىر ئۆمۈر بولدۇڭ نەفسە خەلققە شاگىرت، ھەمنەپەس،
تاجى، زىننەت، مەئشەتكە قىلمىدىڭ ئەسلا ھەۋەس،
مېھنىتىڭدىن باغ بىنا قىلماقنى ئارمان ئەيلىدىڭ.»

(ھاجى ئەخمەت)

**مۇناجات:** (ئەرەپچە. يېلىنىش، يالۋۇرۇش سۆزىدىن) ـــ قەدىمقى زامانلاردا قوللىنىلغان شېئىرىي ژانىر. بۇنىڭدا «گۇناكار بەندە»نىڭ نىجاتلىق تېپىش ئۈمىدى بىلەن قىلغان لىرىك مۇراجىئىتى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن، پادىشالىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە شائىرلار ئۆز قەسىدىلىرىنىڭ بېشىدا خۇداغا سېغىنىش «ھەمدىسەنا» لىرىنى ئىپادىلەش بىر ئادەتكە ئايلانغان، ئۆز زامانىسىدا ناۋايى قاتارلىق بويۈك مۇتەپەككۇر شائىرلارمۇ «خەمسە»گە ئوخشاش داستانلىرىدا يۇقۇرقىدەك شەكىلدە يېزىشتىن خالى بولمىغان.

**مۇرەببە:** (ئەرەپچە. تۆت بۆرجەك سۆزىدىن) ـــ كىلاسسىك شېئىرىيەتتە كۆپ قوللىنىلغان تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىل شېئىرىيەتتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. «مۇرەببە»دە ھەر بىر بەند (كۇبلېت) تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇدۇ. دەسلەپكى كۇبلېتنىڭ تۆت مىسراسى بىر خىلدا قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ - دە، كېيىنكى كۇبلېتلارنىڭ ئۈچ مىسراسى بىر خىلدا قاپىيىلىنىپ، پەقەت 4 - مىسراسىلا 1 - كۇبلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيىداش بولۇدۇ.

مۇنداق شەكىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بار. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرۈلگەن تۆتلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇرەببە شەكلىگە ئىگە. بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھەر بىر كۇبلېتى بىرلا خىل ئا. ئا. ئا. ئا؛ ب. ب. ب. ب؛ د. د. د. د قاپىيە شەكلىدە تۈزۈلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ن. بۇساقۇپ «ئالغا باس»ناملىق شېئىرنى مۇشۇنداق شەكىلدە يازغان:

«ئانا ۋەتەن زېمىننى تازىلاشقا ماڭ،
چىقسۇن بىزدىن جەسۇرانە غەيرەتلىك داڭ.
گۈزەل ۋەتەن ئۈستىنى قاپلىمىسۇن چاڭ،
ھەممىمىزدە كۆچلەنسۇن ئىنقىلاۋىي ئاڭ!

قوللارغا قورال ئېلىپ ئۇدۇل چېنەپ ئات،
ئالغا بېسىپ قورقماستىن دۈشمەننى يوقات.
دوست بولمايدۇ بىزلەرگە زالىم، قانخور، يات،
دائىم يوللا، ئۇلارغا زەربىدىن سوغات.»

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇرەببەنىڭ كۆپلىگەن خىللىرى بارلىققا كەلدى. تۆت مىسرادىن تەركىپ تاپقان بۇ شېئىر شەكلىنىڭ 1 - ، 2 - مىسرالىرى بىلەن 4 - مىسراسى قاپىيىداش (3 - مىسراسى ئوچۇق) ياكى 2 - مىسراسى بىلەن 4 - مىسراسىلا قاپىيىداش كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇنداق شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى 7 بوغۇمدىن تاكى 14 - 15 بوغۇمغىچە تۈزۈلىسمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

«سەيلى قىلدىم باغ ئارا،
ئېشتىن يېنىپ ئاخشامدا.
خوشاللىغىم چاراڭلار
جۇشقۇنلىغان ناخشامدا.»

**مۇخەممەس:** (ئەرەبچە. بەشلىك سۆزىدىن) — كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى قاپىيىلىنىش تەرتىۋىگە مۇۋاپىق تۈزۈلگەن شېئىر شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇبلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بەش مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئوخشاش قاپىيىداش بولىدۇ. كېيىنكى كۇبلېتلارنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسى ئۆز ئالدىغا باشقىچە قاپىيىلەنسىمۇ، بەشىنچى مىسراسى بىرىنچى كۇبلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيىداش بولىدۇ. مەسىلەن:

«ئاياساقىي، شاراپ تۇت، بىل، بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئىلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈزمىنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزار رەت - رەت،
ئايان بولسۇن كۆيۈمدە كۆي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت.
شاراپ تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت.»
(ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)

**مۇسەددەس:** (ئەرەبچە. مىدىس — ئالتىلىك سۆزىدىن) — ھەر بىر كۇبلېتى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان كلاسسىك شېئىر شەكلى. باشتا 6 مىسرا بىر خىلدا قاپىيىلىنىدۇ. كېيىنكى كۇبلېتلارنىڭ 5 مىسراسى باشقىچە قاپىيە بىلەن كەلسىمۇ، 6 - مىسراسى باشتىكى كۇبلېتقا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. ناۋائىينىڭ مۇسەددەسلىرى ئەنە شۇنداق قاپىيىلەنگەن. بەزىدە بىرىنچى كۇبلېتتىن كېيىن كېلىدىغان كۇبلېتلارنىڭ تۆت مىسراسى بىرخىلدا قاپىيىلىنىپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بىرىنچى كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى بېيىتىنىڭ نەقراتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن: فۇرقەتنىڭ «سەيدىڭ قويابەر سەيياد» ناملىق مەشھۇر مۇسەددەسى شۇ تەرىقىدە قاپىيىلەنگەن.

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ خىل شېئىر شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. بىلال ئەزىزى «نىمە بولدى» ۋە «ئۆمۈر ئاتقان ئوق» ناملىق مۇسەددەسلەر يازغان.

**مۇسەببە:** ھەر بىر كۇبلېتى 7 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ قاپىيىلىنىشى مۇسەددەس ياكى مۇخەممەسكە ئوخشايدۇ. لېكىن مۇسەببە تۈركىي شېئىر ئەدەبىياتىمىزدا كەم ئۇچرايدۇ.

**مۇسەممەن:** ھەر بىر كۇبلېتى 8 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى. ئۇنىڭ قاپىيىلىنىش تەرتىۋى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا. ئا؛ ب. ب. ب. ب. ب. ب. ئا. ئا؛ د. د. د. د. د. د. ئا. ئا ...

**مۇتەسسە:** ھەر بىر كۇبلېتى 9 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى. قاپىيىلىنىش تەرتىۋى مۇنداق:

(ئاخىرى 122 - بەتتە)

# كەمبەغەلنىڭ مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقى

دىككېنس (ئەنگلىيە)

مەن ئەزەلدىن بىرەر نەرسە يېزىپ ئېلان قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن. بىر ئىشچى ھەر كۈنى 12 سائەت ياكى 14 سائەتتىن كەم ئىشلىمەيدۇ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق! ئېيتماقچى بولغانلىرىمنى ئۇدۇللا يېزىشقا توغرا كەلگەن ئىكەن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ باقاي، كەم-كۈتا، ناباپ جايلىرىنى ئەپۇ قىلىشار.

مەن لوندون ئەتراپىدا تۇغۇلدۇم، شاگىرتلىقتىن دۇكان ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، بىرمىنھامدىكى بىر ئىشخانىدا ئىشلىدىم (سىلەر زاۋۇت دەپ ئاتايسىلەر، بىز بۇ يەردە ئىشخانا دەيمىز). مەن تۇغۇلغان يىرىمگە يېقىن دانتۇ فورتتا شاگىرت بولۇپ، تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەندىم. مېنىڭ ئىسمىم جون. 19 يېشىمدىن تارتىپلا، بېشىمدا بىر نەچچە تال چاچمۇ بولمىغاچقا، خەقلەر مېنى «قېرى جون» دېيىشىدىغان بولدى. ھازىر 56 ياشقا كىردىم، چېچىم 19 ياشلىق چېغىمدىكىدىن كۆپەيمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، شۇڭا، بۇ جەھەتتە ئېغىزغا ئالغۇدەك ھېچقانداق يېڭى ئەھۋال يوق.

كېلەر ئاپرېل ئېيى ئۆي-ئوچاقلىق بولغىنىمغا 35 يىل توشۇدۇ. مەن ئالداش بايرىمى① كۈنى ئۆيلەنگەن ئىدىم. مەن شۇ كۈنى ئوبدان خوتۇنغا ئېرىشتىم، ئاشۇ كۈن ھەقىقەتەنمۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك كۈن.

بىز جەمئى ئون بالا تاپتۇق، ئۇلارنىڭ يەتتىسى ھايات. چوڭ ئوغلۇم ئىتالىيىنىڭ «مەنزو جېنونو» ناملىق يولۇچىلار پاراخودىدا ماستىر بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئۇ ئوبدان ئۇستا، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن ئۇششاق نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كەشپىياتلار ئۇنىڭغا قىلچىمۇ نەپ بەرمىدى. ئىككى ئوغلۇم يېڭى جەنۇبىي ئۇئېلستىكى سىدنېيدا،② ھەر

① ئالداش بايرىمى — 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. غەربنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە شۇ كۈنى باشقىلارنى خالىغانچە ئالدىشقا، چاقچاق قىلىشقا بولىدۇ. — ت.

② ئاۋسترالىيىنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى، ئىقتىسات، قاتناش، سودا مەركىزى، يېڭى جەنۇبىي ئۇئېلس شىتاتىنىڭ مەركىزى، ئاسان دېڭىزى قورۇقلۇقىغا 25 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن جېكسون قولتۇقىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. — ت.

ئىككىلىسى ئوبدان ئىشلەيدۇ، ئۆتكەن قېتىم كەلگەن خېتىگە قارىغاندا، تېخى ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولماپتۇ. يەنە بىر ئوغلۇم (جېنىمىس) تەلۋىرەك بولغاچقا، ھىندىستانغا كېتىپ ئەسكەر بولدى، شۇ يەردە ئۇنىڭغا ئوق تەگدى، تاغاق سۆڭىكىدە ئوق تۇرۇپ قالغاچقا، دوختۇرخانىدا ئالتە ھەپتە ياتتى، بۇنىمۇ ئۇ ماڭا خېتىدە يازدى. ئوغۇللىرىمنىڭ ئىچىدە چىرايلىقى شۇ. بىر قىزىم (مېرى) راھەت-پاراغەتتە ياشايدۇ، شۇغىنىسى، كۆكرىگىگە سۇ يىغىلىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. يەنە بىر قىزىم (شارلۇتتى)نى ئېرى تاشلىۋەتتى، بۇ تازىمۇ شەرمەندىلىك بولدى، ئۇ ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ، بىز بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەمدىلەتىن ئالتە ياشقا كىرگەن ئەڭ كىچىك بالام ماشىنا-مىخانىزىملارغا خېلىلا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن ئەزەلدىن نىزامنامە تەرەپدارلىرىدىن ① ئەمەس. مەن، ھەققەتەنمۇ نۇرغۇن ئومۇمى ئىللەتلەر جامائەتچىلىكىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە سەۋەپچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، لېكىن، مەن نىزامنامە تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىللەتلەرنى تۈزىتىشنىڭ ياخشى چارىسى، دەپ ھېساپلىمايمەن. ئەگەر شۇنداق دەپ ھېساپلايدىغان بولسام، ئۇ ھالدا راستىنلا نىزامنامە تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ قالاتتىم. لېكىن مەن ئۇنداق دەپ ھېساپلىمايمەن، شۇسەۋەپتىن نىزامنامە تەرەپدارلىرى بولالمايمان. گايىدا گېزىت ئوقۇش ئۈچۈن، بىرمۇنچامىدىكى بىز «ساراي» دەپ ئاتايدىغان يەرگە بېرىپ، مۇزاكىمىلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، شۇڭا، نىزامنامە تەرەپدارلىرىدىن بولغان بىر مۇنچە ئادەملەرنى تونۇيتتۇم. شۇنداقتىمۇ، ھەر قايسىلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويай، ئۇلار مەسىلىنى قارامىلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ ②.

ئەگەر ئۆزەمنى ئەزەلدىن ئىجادىيەت-كەشپىياتقا ھېرىسمەن دىسەم، ماختانچاقلىقىمۇ بولماس. مەن بىر خىل ۋىنتا كەشپ قىلىپ، يىگىرمە فونت ئىستىرلىڭ تاپتىم، بۇ پۇلنى ھىلىمۇ ئىشلىتىۋاتىمەن. يىگىرمە يىل مابەينىدە بەزىدە ئۈزۈپ قويۇپ، بەزىدە داۋاملاشتۇرۇپ، كەشپىيات بىلەن شۇغۇللاندىم، كەشپىياتىمنى ئۆزگەرتىپ-ياخشىلاپ باردىم. ئۆتكەن روژدېستۋا، بايرىمىنىڭ هارپا كېچىسى سائەت 10 دا، ئاخىرى بۇ كەشپىياتىمنى تاماملىدىم. تاماملاپ بولۇپ ئايىلىمنىمۇ كىرىپ كۆرۈشكە قىچقاردىم. شۇ چاغدا ماشىنا مودېلى يېنىدا تۇرغان ئىككىمىزنىڭ كۆز ياشلىرى ماشىنا مودېلى ئۈستىگە تاراملاپ تۆكۈلدى.

مىنىڭ ۋىلھېلىم بۇچ دىگەن ئاغىنەم نىزامنامە تەرەپدارى، مۆتىدىللەردىن ئىدى.

① نىزامنامە تەرەپدارلىرى — نىزامنامە ھەركىتىگە قاتناشقان ئەنگلىيە پرولېتارىياتى نەزەردە تۇتۇلۇدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدا ئەنگلىيەدىكى نىزامنامە ھەركىتى ئۈچ قېتىم دولقۇنغا كۆتىرىلدى، ھەر قېتىم بىر مىليوندىن ياكى ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئادەم پارلامېنتقا يېزىلغان تەلەپنامىگە ئىمزا قويىدى، تەلەپنامىدە قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ئومۇمى سايلام ھوقۇقى قاتارلىق ئالتە سىياسىي تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ خەلق نىزامنامىسى دەپ ئاتالدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بېسىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، نىزامنامە ھەركىتى ئاخىرى مەغلۇپ بولدى.

② مەسىلىنى قارامىلىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ — نىزامنامە ھەركىتىنىڭ ئوڭ قانىتى «مەدەنىي ئەخلاق تەرەپدارلىرى» بولۇپ، قانۇنىي كۈرەشنى تەشەببۇس قىلاتتى؛ سول قانىتى «زورلۇق كۈچ تەرەپدارلىرى» دەپ ئاتىلاتتى، لېكىن بۇ گۇرۇھتىكى كۆپ سانلىق رەھبەرلەر ئىنقىلاۋىي كۈرەش، ئاساسەن قوغدىنىش ۋاستىسى، دەپ ھېساپلايتتى، پەقەت ئاز ساندىكى رەھبەرلەرلا خەلقنى قوراللاندۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. — ت.

ئۇ ناھايىتى ئوبدان ناتىق بولغاچقا، ئۆتكۈر ۋە مەردانە سۆزلەيتتى. ئۇ دائىم: «بىز ئىشچىلارنىڭ ھەممىلا جايدا دەككە يېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆزىمىزدىن بۇيان شەكىللەنگەن چاچتىن تولا يامان ئادەتلەرنى بېقىۋاتىمىز، ئەمەلدارلار سورۇنىنىڭ كۈنا ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىۋاتىمىز، يامۇلدىكىلەرنى زادىلا تۆلەشكە تېگىشلىك بولمىغان خىراجەتلەرنى تۆلەپ بېقىۋاتىمىز» دەيتتى.

— شۇنداق، — دەپ داۋاملاشتۇراتتى ۋىلھېلىم بۇچ، — بۇ ئېغىرچىلىقنى جامائەتچىلىك تەڭ تارتىۋاتىدۇ، لېكىن ئىشچىلار جىنىنى ئاران جان ئېتىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ يۈكى ھەممىدىن ئېغىر؛ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر ئىشچى سەپسەتە - خاتالىقنى تۈزىتىپ، ھەققانىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغىنىدا، كىمكى ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلسا بۇ تازىمۇ ناھەقچىلىك بولىدۇ.

بۇرادەرلەر، مەن ناھايىتى ۋىلھېلىم بۇچنىڭ ئېيتقانلىرىنى خاتىرىلىۋالدىم، خالاس. ئۇ ھىلىراقتىلا ئۆزىنىڭ نۇتقىدا شۇنداق دىدى.

ئەمدى، يەنە ماشىنا مودېلىغا كېلەي. ئۇنى بىر يىل ئاۋالقى روژدېستىۋا بايرىمى ھارپا كېچىسى سائەت ئونلاردا تاملىدىم. تېجىگەن پۇللىرىمنىڭ جىمىسىنى مودېلغا سەرپ قىلدىم. تەلەي ئۇڭدىن كەلمەي، قىزىم شارلوتىنىڭ بالىسى ئاغرىپ قالدى، بالا - قازا قېشلاپ كەپتۇ، دىگەن شۇ - دە! شۇنىڭ بىلەن مودېلنى بىر نەچچە ئايغىچە تۇتماي، تاشلاپ قويدۇم. مەن ئۇنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ، ئۆزگەرتىپ قايتىدىن ياساپ، نۇرغۇن قېتىم ھەيلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يېقىنقى ئىپتىقىنىمدەك مودېل ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئىدىم.

بۇ مودېل ھەققىدە ۋىلھېلىم بۇچ بىلەن ئىككىمىز روژدېستىۋا بايرىمى كۈنى ئۇزۇن سۆھبەتلەشتۇق. ۋىلھېلىم ئەقىللىق ئادەم، لېكىن غەلىتە مىجەز - خۇلقىمۇ بار.

— بۇنى نىمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن، جىن؟ — سورىدى ئۇ.

— مەخسۇس پايدا ئېلىشنى خىيال قىلىۋاتىمەن. — دىدىم مەن.

— قانداق ئالماقچىسەن، جىن؟

— مەخسۇس پايدا ھوقۇقى① بېرىشنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن.

ۋىلھېلىم شۇندىلا ماڭا مەخسۇس پايدا ھوقۇقى ھەققىدىكى قانۇنىنىڭ كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىرنىمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

—جىن، — دىدى ئۇ، — ئەگەر مەخسۇس پايدا ئېلىشتىن ئىلگىرى كەشپىياتىڭنى جامائەتچىلىككە مەلۇم قىلىۋەتسەڭ، باشقىلار جاپالىق ئەجرىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئوغرىلىۋېلىپ سېنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا، زىيان تارتىدىغان سودا قىلىپ، ئالدى بىلەن مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا كېتىدىغان نۇرغۇن خىراجەتنى ئۇستىگە ئالىدىغان بىر تۈركۈم شىركەتلەرنى تەكلىپ قىلىشىڭ كېرەك.

بۇنداق بولغاندا، خەقلەر بېشىڭنى قايمۇقتۇرىدۇ، بارغانلا يېرىڭدە بۇرنۇڭغا يەيسەن، بىر نەچچە تۈركۈم شىركەتلەر باھا تالىشىپ، كەشپىياتىڭنى كىلدۈرلىتىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىخەستەلىكىڭدىن پايدىلىنىپ كەشپىياتىڭنى ئېلىپ كېتىشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى

① مەخسۇس پايدا ھوقۇقى — كەشپىياتچىنىڭ مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۆز كەشپىياتىغا مۇستەقىل ئىگە بولىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدىغان ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ

يېقىن.

— ۋىلھېلىم بوۋچ، بۇ خىيالىڭ غەلىتىلىكىغۇ، بەزىدە غەلىتىلا خىياللارنى قىلىسەن.

— مەن غەلىتە خىياللارنى قىلىۋاتقىنىم يوق، جون ساكا ھەقىقى ئەھۋالنى دەۋاتىمەن. — دىدى ئۇ ۋە ماكا بەزى تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەردى.

مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى مەن ئۆزەم ئىلتىماس قىلىمەن. — دىدىم مەن ۋىلھېلىمغا.

مېنىڭ شىرەم تۇۋقىنىم، غەربىي بىروم - ۋىچىتىكى جورج بېللېر (ئۇنىڭ خوتۇنى بەختىكە قارشى ھاراق ئىچىدىغان يامان ئادەتنى يوقىتۇرۇۋېلىپ، ئۆي بىساتىنى خانىۋەيران قىلدى، بىرمىنھام تۇرمىسىگە ئىلگىرى - كېيىن 17 قېتىم قامالدى، ئاخىرى تۇرمىدە ئاغرىپ ئۆلۈپ تۇگەشتى) ئۆلۈش ئالدىدا ھەمشىرىسى بولىمىش خوتۇنۇمغا 128 فوۋنت ئىستېرلىڭ 10 شىللىڭ ئەنگلىيە بانكىسىنىڭ پاي چېكىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. خوتۇنۇم ئىككىمىز ھازىرغىچە بۇ پۇلغا تەگمىدۇق. بۇرادەرلەر، ھەممىمىز قېرىدىمىز، خىزمەت ئىقتىدارىمىزدىنمۇ قالىمىز. شۇڭا مۇشۇ كەشپىيات ئۈچۈن مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھەر ئىككىلىمىز رازى بولدۇق. بىز ھەتتا يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان پۇلنى خەجلەپ بولسىمۇ، مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتقان ئىدۇق. ۋىلھېلىم بوۋچ مېنىڭ نامىمدىن لوندوندىكى تومىس جورجىغا بىر پارچە خەت يازدى. تومىس جورجى بويى 6.4 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان، سىرتماق تاشلاش ئويۇنىغا ھەممىدىن ئۇستا ياغاچچى ئىدى. ئۇ لوندوندىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. قايتىپ كېلىپ خىزمىتىمنى ئىشلەۋېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشخانىدىن رۇخسەت سورىدىم: مەن ئوبدان ئۇستا ئىدىم. مەن ھاراقنى مەڭگۈ قىلغۇچىلاردىن بولمىسامىمۇ، ھېچقاچان مەس بولۇپ باقمىدىم. روژدېستۋا تەتىلى ئۆتكەندىن كېيىن، «4 - دەرىجىلىك ۋاگون»غا ئولتۇرۇپ، لوندونغا بېرىپ تومىس جورجىدىن بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم. جورجى ئۆيلەنگەن، دېڭىزچى ئوغلى بار ئىدى.

تومىس جورجى (بىر كىتاپتىن كۆرۈپتىكەن) مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە ۋىكتورىيە ئايال پادىشاسىغا بىر پارچە ئىلتىماسنامە يېزىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ۋىلھېلىم بوۋچمۇ شۇنداق دىدى ۋە ماكا دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ بەردى. بۇرادەرلەر، ۋىلھېلىم تېز يازالايدىغانلاردىن ئىدى. ئىلتىماسنامىگە چوڭ سوراقچىغا بېرىلىدىغان بىر پارچە باياناممىنمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك ئىدى، بىز بۇنىمۇ يېزىپ چىقتۇق. بىر مۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، ئەدلىيە مەھكىمىسى سوراقچىلىرى كوچىسىدىكى سانساپدون بىناسىدىن بىر سوراقچىنى تېپىپ، بايانناممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 18 پېنس تۆلىدىم. ئۇ مېنى بايانناممە بىلەن ئىلتىماسنامىنى ئاق زالدىكى① ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى، (بۇ يەرنى تاپقىنىمدىن كېيىن) ئىككى نامىنى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ئىمزا قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن شۇ يەردە قالدۇرۇپ 2 فوۋنت ئىستېرلىڭ 2 شىللىڭ 6 پېنس تۆلىدىم.

① ئاق زال — ئەنگلىيىنىڭ. لوندون شەھىرىدىكى بىر كوچىنىڭ ئىسمى، بۇ كوچىدا ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئەنگلىيىنىڭ بەزى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بار. خەۋەرلەردە، كۆپ ھاللاردا، ئاق زال ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نامى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالته كۈندىن كېيىن، ۋەزىر ئىمزا قويۇپ، مېنى يەنە ئىككى نامىنى ئېلىپ باش تەپتىش مەھكىمىسىگە بېرىپ، بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىشقا بۇيرۇدى. مەن ئۇنىڭ دىگىنىنى قىلىپ، 4 فونت ئىسترلىڭ 4 شىللىڭ تۆلىدىم. بۇرادەرلەر، مەن باشتىن ئاخىر ئۇچراشقان بۇ ئادەملەرنىڭ بىرەرسىمۇ پۇلنى ئالغان چاغدا رەھمەت ئېيتمىدى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قىلچە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۇقمايدىغان ئادەملەر ئىكەن.

مەن ۋاقىتلىق تومۇس جورىيېنىڭكىدە تۇردۇم. ئۇيىنىڭ ئىجارە مۆھلىتىنى بىر ھەپتە ئۇزارتتىم، مانا يەنە بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. باش تەپتىش رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلادى يازدى، ئاندىن مېنى بۇ نەرسىنى يەنە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگىگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگى ئۇنىڭغا ئاساسەن قوشۇمچە نۇسخا تەييارلىدى، ئۇلار بۇنى گوۋۋانامە دەيدىكەن. مۇشۇ گوۋۋانامە ئۈچۈن 7 فونت ئىسترلىڭ 13 شىللىڭ 6 پېنس تۆلىدىم. بۇ گوۋۋانامىنى يەنە ئايال پادىشا ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئىمزا قويدۇرۇشقا توغرا كەلدى، ئايال پادىشا ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قايتۇرۇپ چۈشۈرۈپ بەردى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى يەنە بىر قېتىم ئىمزا قويدى. مىنىستىرلىكنى يوقلاپ بارغىنىمدا، مىنىستىرلىكتىكى بىر مۆتىۋەر جاناپ گوۋۋانامىنى ئالدىمغا شارتتىدا تاشلاپ: «سەن ئەمدى بۇنى لىنكولىن مېھمانخانىسىدىكى مەخسۇس پايدا ئىدارىسىغا ئېلىپ بارغىن» دىدى. مېنىڭ تومۇس جورىيېنىڭكىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئۈچ ھەپتە بولدى، ناھايىتى كۆپ چىقىمدار بولغانلىغىم تۈپەيلىدىن، ھەممە نەرسىدە تېجەپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. روھىم چۈشۈپ بىر ئاز بوشىشىپ قالدىم.

لىنكولىن مېھمانخانىسىدىكى مەخسۇس پايدا ئىدارىسىدىكىلەر مەن ئۈچۈن بىر نۇسخا «ئايال پادىشا پەرمانىنىڭ لايىھەسى» دىگەن بىر نەرسىنى، يەنە بىر نۇسخا «پەرمانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى ئىشلەپ چىقتى. مانا مۇشۇ نەرسە ئۈچۈن 5 فونت ئىسترلىڭ 10 شىللىڭ 6 پېنس تۆلىدىم. مەخسۇس پايدا ئىدارىسى يەنە «رەسمى ھالدا ئىككى پارچە پەرمان نۇسخىسى يېزىپ، بىرىنى مۆھۈر ئىدارىسىغا، يەنە بىرىنى مۆھۈردار ۋەزىر يامۇلىغا ئەۋەتتى.» مۇشۇ رەسمىيەت ئۈچۈن 1 فونت ئىسترلىڭ 7 شىللىڭ 6 پېنس، ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 فونت ئىسترلىڭ ماركا بېجى تۆلىدىم. بۇ ئىدارىدىكى كۆچۈرگۈچى ئايال پادىشا پەرمانىنى كۆچۈرۈپ، ئىمزا قويدۇرۇشقا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا 1 فونت ئىسترلىڭ 1 شىللىڭ تۆلىدىم. بۇنىڭغا قوشۇپ 1 فونت ئىسترلىڭ 10 شىللىڭ ماركا بېجى تۆلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئايال پادىشا پەرمانىنى باش تەپتىشكە ئىمزا قويدۇرۇشقا ئېلىپ باردىم. پەرمانىنى ئالغىلى بارغىنىمدا، 5 فۇنت ئىسترلىڭدىن ئارتۇقراق پۇل تۆلىدىم. پەرمانىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىگە ئېلىپ باردىم. ئۇ ئۇنى يەنە ئايال پادىشاغا يوللاپ بەردى. ئايال پادىشا يەنە بىر قېتىم ئىمزا قويدى. بۇ رەسمىيەت ئۈچۈن يەنە 7 فۇنت ئىسترلىڭ 16 شىللىڭ 6 پېنس تۆلىدىم. مانا ئەمدى تومۇس جورىيېنىڭكىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا بىر ئايدىن ئاشتى. سەۋرى ـ تاقىتىم تۈگەي دىدى، ھەميانىممۇ قۇرۇغدىلىشقا ئازلا قالدى.

تومىس جورىيى پۈتۈن ئەھۋالىمنى ۋىلھېلىم بۇچقا ئەۋەتىپتۇ. بۇچمۇ بۇ ئەھۋالنى بىرمىنھامدىكى ئۈچ «ساراي» دىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇ يەردىن يەنە ھەممە «ساراي»لارغا تارقىلىپتۇ. ئاڭلىسام، كېيىن شىمالىي ئەنگلىيەدىكى بارلىق ئىشخانىلارغا پۇر كېتىپتۇ. بۇرادەرلەر، ۋىلھېلىم بۇچ ئۆزى تۇرۇشلۇق «ساراي»دا نۇتۇق سۆزلەپ، مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، بۇ ئىشنى ئادەملەرنى نىزامنامە تەرەپدارلىرىدىن قىلىشنىڭ بىر يولى دەۋاپتىمىش تېخى.

لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئايال پادىشا پەرمانىنى يەنە دەريا بويىدىكى چوڭ يولغا جايلاشقان سامۇسېيت بىناسىدىكى مۆھۈر ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى، ئۇ يەرگە بارسام مۆھۈر ئىدارىسىدىكى كاتىپ بىر نۇسخا «مۆھۈردار ۋەزىر ئىمزا قويىدىغان مۆھۈر ئىدارىسى پەرمانى» تەييارلىدى، ئۇنىڭغا 4 فونت ئىستېرلىڭ 7 شىللىڭ تۆلىدىم. مۆھۈردار ۋەزىرنىڭ كاتىپمۇ بىر نۇسخا «چوڭ سوراقچى ئىمزا قويىدىغان مۆھۈردار ۋەزىر پەرمانى» تەييارلىۋىدى، ئۇنىڭغا 4 مۇفت ئىستېرلىڭ 2 شىللىڭ تاپشۇردۇم. «مۆھۈردار پەرمانى» ئەمدى مەخسۇس پايدا ئىشىنى بېجىرىدىغان كاتىپنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئۇ، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 5 فونت ئىستېرلىڭ 7 شىللىڭ 8 پېنىس تۆلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ مەخسۇس پايدىنىڭ ماركا بېجى ئۈچۈن يەنە 30 فونت ئىستېرلىڭ پۈتۈن پۇل تۆلىدىم. ئارقىدىن «مەخسۇس پايدا قۇتىسى سېتىۋېلىش خىراجىتى» ئۈچۈن يەنە 9 فونت ئىستېرلىڭ 7 پېنىس تاپشۇردۇم. بۇرادەرلەر، ئوخشاشلا مەخسۇس پايدا قۇتىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ناۋادا تومىس جورىيى بولغان بولسا، ئۇ 18 پېنىسلا ئالغان بولاتتى. ئارقىدىن «چوڭ سوراقچى مالىيە ياردەمچىسىنىڭ خىراجىتى» ئۈچۈن 2 فونت ئىستېرلىڭ 2 شىللىڭ تاپشۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ھۆججەت قىسقۇچىنى ساقلىغۇچى كاتىپ خىراجىتى» ئۈچۈن يەنە 7 فونت ئىستېرلىڭ 13 شىللىڭ تاپشۇردۇم. يەنە ئاندىن، «ھۆججەت قىسقۇچىنى ساقلىغۇچى ياردەمچى كاتىپ خىراجىتى» ئۈچۈن 10 شىللىڭ تاپشۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېڭىۋاشتىن چوڭ سوراقچىغا 1 فونت ئىستېرلىڭ 11 شىللىڭ 6 پېنىس تۆلىدىم. ئاخىرىدا، «مۆھۈردار ۋەزىر ياردەمچىسى ۋە ياردەمچى پېچەتلىگۈچى خىراجىتى» ئۈچۈن يەنە 10 شىللىڭ 6 پېنىس تاپشۇردۇم. بۇ چاغدا، تومىس جورىيىنىڭكىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئالتە ھەپتە بولدى. ئوڭۇشلۇق ماقۇللانغان بۇ كەشپىيات ئۈچۈن 96 فونت ئىستېرلىڭ 7 شىللىڭ 18 پېنىس خەجلىۋەتتىم. بۇ، تېخى مەملىكەت ئىچىدىلا كۈچكە ئىگە ئىدى. ئەگەر بىرلەشمە پادىشالىق تەۋەسىدىن ئېلىپ چىقىلسا، يەنە 300 فونت ئىستېرلىڭ خەجلەشمەگە توغرا كېلەتتى.

مەلۇمكى، ياش ۋاقتىلىرىمدا، تەلىم - تەربىيە ناھايىتى ناچار ئىدى، ئاز - تولا تەلىم - تەربىيە ئالغان تەقدىردىمۇ، ئۇمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. بۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن تولىمۇ يامان بولغانلىقىنى دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزەممۇ شۇنداق دەيمەن. ۋىلھېلىم بۇچ مېنىڭدىن 20 ياش كىچىك بولسىمۇ، ماڭا قارىغاندا 100 يىللىق ئىشلارنى ئارتۇق بىلەتتى. مۇبادا ۋىلھېلىم بۇچمۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى ئۈچۈن مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، خەقلەر ئۇنى بۇ يامۇلدىن ئۇ يامۇلغا ئىتتىرىپ قارىتىمەن دېسە، ئۇنىڭغا ماڭا

تاقابىل تۇرغىنىدەك ئاسان تاقابىل تۇرالمايتتى. بۇرادەرلەر، ۋىلھېلىم دېگەن بۇ ئادەمنىڭ تەرسالىقىمۇ بار، بىلىپ قويۇڭلاركى، ھامىال، پېشتەكەش، كاتىپلاردىمۇ ئاز-تولا تەرسالىق بولىدۇ.

مەن مەخسۇس پايدا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بۇ ئىشنىڭ جەريانى ئارقىلىق تۇرمۇشتىن بىزار بولغانلىقىمنى ئىسپاتلىماقچى ئەمەسمەن. لېكىن، شۇنى دېمەكچىمەنكى، بىر ئادەمنىڭ ئاجايىپ تېخنىكا يېڭىلىقى يارىتىشى، قانداقلىكى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقۇ، ئۇنى گويا خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويسا، شۇمۇ ئادالەتلىك بولامدۇ؟ ئەگەر بىر ئادەم ھەممىلا يەردە مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپلا تۇرسا، شۇنداق خىيالغا كەلمەي، يەنە قانداق خىيالغا كېلەتتى؟ مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان كەشپىياتچىلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق ئويلايدۇ. ئەمدى بۇ خىراجەتلەرگە قاراپ باقايلى. كىچىككىنە ئىشنى بىجىرە-بىجىرمەيلا، مېنى شۇنچىۋالا چىقىم قىلدۇردى، بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك؛ ئەگەر مېنىڭ ئاز-تولا ئىستىداتىم بولغان بولسا، بۇ، پۈتكۈل دۆلەت ئۈچۈنمۇ نە قاتارلىق رەھىمسىزلىك دېسىڭىزچۇ! (مىننەتدارلىق بىلەن شۇنى دېيىشىم كېرەككى، ھازىر كەشپىياتىم ھەرھالدا قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئۇبدانلا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.) ئەمدى ھېساپلاپ بېقىڭچۇ، خەجلىگەن پۇلۇم 96 فونت ئىستېرلىڭ 7 شىللىڭ 8 پېنسقا يەتتى ئەمەسمۇ. ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، شۇنچىلىك پۇل خەجلىدىم.

شۇنچە نۇرغۇن ئەمەل مەسىلىسى توغرىسىدا، مەن ھەقىقەتەنمۇ ۋىلھېلىم بۇچقا رەددىيە بەرگۈدەك گەپ تاپالمايمەن.

قاراڭ: ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، باش تەپتىش، مەخسۇس پايدا ئىدارىسى، كۆچۈرگۈچى كاتىپ، چوڭ سوتچى، مۆھۈردار ۋەزىر، مەخسۇس پايدىنى بېجىرگۈچى كاتىپ، چوڭ سوتچىنىڭ مالىيە ياردەمچىسى، ھۆججەت قىسقۇچىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ياردەمچى كاتىپ، مۆھۈردار ياردەمچىسى، يەنە پېچەتلىگۈچىنىڭ ياردەمچىسىمۇ بار. ئەنگلىيىدە ھەرقانداق ئادەم ھەتتا بىر تال رەزىنكە بوقۇچ ياكى تۆمۈر چەمبىرەك ئۈچۈن مەخسۇس پايدا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ، شۇنچىۋالا نۇرغۇن يامۇللار بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى يامۇللار بىلەن قايتا-قايتا ئالاقىلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئىلگىرى-كېيىن جەمئى 36 رەسمىيەت ئۆتىدىم. مەن ئىشنى ئەنگلىيىنىڭ پادىشا تەختىدىكى ئايال پادىشا بىلەن ئالاقىلىشىشتىن باشلاپ، ئاخىرى قىزىل سورغۇچ بىلەن پېچەتلىگۈچى ياردەمچىسى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تاماملىدىم. بۇرادەرلەر، مېنىڭ بۇ قىزىل سورغۇچ بىلەن پېچەتلىگۈچى ياردەمچىسىنىڭ زادى ئادەملىگى ياكى باشقا بىر نىمە ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باققۇم بار.

مەن كۆڭلىمدىكى دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېدىم. دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يازدىم. يازغانلىرىم ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولىدى، دەپ ئۈمىت قىلىمەن. بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم خەتتاتلىق ئەمەس (بۇ جەھەتتە ماختانغۇچىلىكىم يوق)، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەنا. گېپىمنى تومۇس جورىپ بىلەن ئاياقلاشتۇراي. خوشلىشىۋاتقىنىمىزدا، تومۇس ماڭا مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 88 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# باللارنىڭ ئارزۇسى

(ئۆسمۈرلەرنىڭ تىلىدىن)

## روزى سايىت

قىلماق بولۇپ زىيارەت،
يېڭى ئەۋلات غۇنچىنى،
ئارىلىدىم بىر كۈنى
مەكتەپ، يەسلى، باغچىنى.

ئۇ يەردىكى باللار
ئەتراپىمنى ئورىدى.
«ئاكا، بارمۇ دەپتىرىڭ،
قەلەمچۇ؟» دەپ سورىدى.

دىدى: «يەتسە پۇرسىتىڭ
ئارزۇمىزنى يېزىپ بەر.
ئۆسمۈرلەرنىڭ تىلىدىن
شېئىردى سۈرەت سىزىپ بەر.»

ماقۇل دىدىم، قوشۇلدۇم،
باللارنىڭ سۆزىگە،
ئايرىم ـ ئايرىم بەت ئاچتىم،
ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە:

## زۇنۇن قادىرغا

لەززەتلىنىپ بولغانسەن،
«ئەسلىمىلەر»① ئىلكىدە.
قىشىمىزغا كەل بوۋا،
ياشىرىۋال كۆلكىدە.

## ئەلقەم ئەختەمگە

قاچانلاردا ئوقۇيسىز،
تاغا «دەرۋىش موللىنى».②
«موللا ـ موللا» دەۋېرىپ،
ئۇنۇتماڭ، بىز باللىنى!

## تېيىپجان ئېلىيوپقا

يېڭى توپلام تۈزۈپسىز،
ئۇرغۇپ «باھار ئىلھامى»③.
باللارغا ئاتماەدۇ،
شۇ ئىلھامنىڭ ئىنئامى؟

## ئابلىز نازىرىغا

«پەرھات بولغىن ئىنىم» دەپ ④
دولىمىزنى قاقتىڭىز،
بىستىن قازساق سوغات يوق،
نەدىن ئىپەن تاپتىڭىز.

---

① يازغۇچىنىڭ يېزىۋاتقان ئەسلىمىلىرى كۆزدە تۇتۇلدۇ؛ ② شائىر يېزىۋاتقان ئەدىبىي خاتىرە «دەرۋىش موللا» كۆزدە تۇتۇلدۇ؛ ③ شائىرنىڭ شۇ ناملىق توپلامى؛ ④ «پەرھات بول» شېئىرى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە

بوۋا «قەشقەر كېچىسى»①
زىمىستاننىڭ شاھىتى.
يېزىلامدۇ پات - يېقىن
نەۋ باھارغا ئائىتى؟

## ئىمىن تۇرسۇنغا

ئېيتقىن بوۋا، ئۆسمۈرلەر،
ئەس يادىڭدىن كېچەمدۇ؟
«بالا مىجەز» گەپ قىلساڭ،
تاغ جايىدىن كۆچەمدۇ؟

## ئابدۇكېرىم خوجىغا

«تەمەچ»② تېرىپ كەلدىڭىز
سىز قەشقەردىن ياناردا.
غۇنچە ئۈزۈپ يۇرارمىز
ئەمدى «تۇپراق، باھار»③دا

## تۇرغۇن ئالماسقا

تۇرغۇن بوۋا، ھونلارنى
تەتقىق قىلىپ قاندىڭمۇ؟
نەۋرەڭ ساڭا تەقەززا،
سەن ئۇلاردىن تاندىڭمۇ؟

## قۇربان ئىمىنگە

بولما، دىدىڭ بەتقىلىق④،
ئالدۇق شۇئان لەۋزىڭنى.
ئەمدى بولساق ئەخلاقلىق،
يۇمۇسەنغۇ كۆزۈڭنى.

## مۇھەممەت رېھىمگە

بىر تەرەپكە خىلدىن
بېسىلمىدى ئىزىڭىز.
ياكى ئەستىن چىقتىمۇ،
قەن تەگلگەن قىزىڭىز؟⑤

## تۇردى سامساققا

«تىيانشاننىڭ باغرىدا»⑥
ئات چاپتۇرۇپ يۈرەمسىز؟
يوقلاپ قوياي دىمەيسىز
ياكى «بالا» كۆرەمسىز؟

## مەھەممەتجان سادىققا

تاغا «ئىلى پەرزەنتى»⑦
بوي تارتىپتۇ، راس گەپمۇ؟
چىچىپ - چىچىپ يازىسىز،
ئىخچاملىماق تەس گەپمۇ؟

## ئابدۇۋەلى خەلپەتكە

شېجاڭ بوۋا، نەشرىيات
كېچىكلەردىن بىزارمۇ؟
تەھرىر بۆلۈم بىر ئۈچۈن
بىرەر كىتاپ تۈزەرمۇ؟

---

① شائىرنىڭ شۇ ناملىق داستانى؛ ② «قەشقەر تەمەچلىرى» سېكمىلى كۆزدە تۇتۇلمدۇ؛ ③ «تۇپراق، باھار ۋە مەن» ناملىق توپلام كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ④ «بەدقىلىق بولماڭ، بالام» شېئىرى؛ ⑤ «قەن قىزىم» شېئىرى؛ ⑥ شۇ ناملىق ھېكايىلار توپلىمى؛ ⑦ شۇ ناملىق شېئىرىي رومان.

## قەيىۋم تۇردىغا

«كۇرەشچان يىل»①— يېڭى يىل،
قەيىۋم تاغا سەزدىڭمۇ!
بىز ھەقتە ھېچ پاراڭ يوق،
كىچىكلەردىن بەزدىڭمۇ؟

## زوردۇن سابىرغا

دائىم شۇنداق «ئىز دىنىڭ»②
ھاردۇق يېتىپ قالمىسۇن.
«دىلئارا»③نى رەنجىتمەڭ،
سىزدىن كۆڭلى يانمىسۇن.

## ئەخەت تۇردىغا

ھېكايىدىن پوۋىستقا،
كۆچكىنىڭگە كۆپ بولدى.
بىزگە نەزەر سالسا دەپ،
كۆزلىرىمىز تۆت بولدى!

## ئەخەت ھاشىمغا

خورما يېگەن ئەركىنجان،④
ساقايدىمۇ، كېسەلمۇ؟
بۇ يىل يازار بولغىنىڭ
ھېكايىمۇ، مەسەلمۇ؟

## قاھار جېلىلغا

خېلى ئوبدان ئىش قىلدىڭ،
«جىنايەت»⑤نى پاش قىلىپ.
ئەمدى يازساڭ، ياز بىزنى
قەلبى گۈزەل ياش قىلىپ.

## مەمتىلى زۇنۇنغا

رادىئودا ياڭرايدۇ،
«ئامراق قىزىم»،⑥ناخشىسى.
سىزگە پەقەت ياقمامدۇ،
«قىز»نىڭىزدىن باشقىسى؟

## ئەرشىدىن تاتلىققا

مىراس ئايرىپ «مىراس»⑦تىن،
ئالدىراپلا يۈرەمسىز؟
چۆچەك، بېيىت يىغىشنى
بىزدىن ئەۋزەل كۆرەمسىز؟

## بوغدا ئابدۇللاغا

تۆگەتكەنمۇ ئىلھامنى،
«ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى»⑧.
بىز كۈتۈمىز يېڭىنى،
سىز ئويلايسىز نېمىنى؟

## جاپپار ئەمەتكە

«گۈلەمچى»⑨نى ماختىدىڭ،
تاتلىق - تاتلىق قوشاقتا.
بىزگە نەزەر سالمايسەن،
نېمە غوم بار قوشاقتا؟

---

① يازغۇچىنىڭ «كۇرەشچان يىللار» تېمىلىق گېزىتىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ②، ③ يازغۇچىنىڭ «ئىزلىنىش» رومانى ۋە ئۇنىڭدىكى بالا پېرسوناژ كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ④ «ئۇ راستىنلا كېسەل بولۇپ قالدى» ھېكايىسى؛ ⑤ شۇ ناملىق ھېكايە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ⑥ شۇ ناملىق ناخشا تېكىستى؛ ⑦ «مىراس» ژورنىلى؛ ⑧ شۇ نامىلىق داستان كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ⑨ «گۈلەمچىنىڭ قىزى» داستانى.

www.uyghurkitap.com

## رەخىم قاسىمغا

«ئۆتتۈۋالاي ‹كۆۋرۈك›①تىن،
ئاندىن نەزمە پۈتەرمىز.»
شۇنداق دەيسىز ھەمىشە،
نەۋاقىتچە كۈتەرمىز؟

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىنگە

رۇبائىنى② ھاپاشلاپ،
پەلسەپە دەپ باش قاشلاپ،
بىزگە نۆۋەت كەلگەندە،
ياتىسىزغۇ يانپاشلاپ؟

## ئابدۇللا تالىپقا

قانائەتلىك ياستۇقمۇ،
تاغا، «قاينام ئۆركىشى③»
«چالا»④ قويما ئىشىڭنى،
بول، باللار دىلكەشى!

## ئابدۇسالام توختىغا

يىلدا دەرسلىك يېزىلاش
كۆپ ۋاقتىڭنى ئالامدۇ؟
ئاشقان ۋاقت چوڭلارغا،
بىزنىڭ نېسىي قالامدۇ؟

## ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرگە

«ئالما»⑤ بەردىڭ «پۇل»⑥بەردىڭ،
سوغىتىڭنى قوش قىلىپ.
يەنە قاچان كېلىسەن،
بىزنى خۇرسەن — خۇش قىلىپ؟

## ماخمۇتجان ئىسلامغا

قەلەم ھېرىپ قالدىمۇ؟
ئىلھام قېرىپ قالدىمۇ؟
ياكى چۆچەك تەھرىرلەش
ۋاقتىڭنى كۆپ ئالدىمۇ؟

## تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنگە

پىشقان ھامان «جىنەستە»⑦
سېتىۋالدۇق بەس - بەستە.
ئۇنۇتقاچقا سىز بىزنى،
قالدۇق ھەيران ھەس - ھەستە.

## ھاجى ئەخمەتكە

باشلىنۇدىڭ بىر چاغدا،
«ئەپەندى»⑧نى مەلگە.
شۇ كەتكەنچە كۆرمىدۇق.
يوقاپ كەتتىڭ نەلگە؟

## مىرزاھىد كېرىمگە

بوۋاق گېلى ساقايدى،⑨
(دېمىسەكمۇ بىلىسىز).
«يېڭى بوۋاق» ھەققىدە
قاچان يېزىپ كېلىسىز؟

## مۇھەممەت باغراشقا

ھەر سورىساق «يولدا ئۇ»
ئاڭلايمىز شۇ جاۋاپنى.

① «كۆۋرۈك» ژورنىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ② «رۇبائىيات» توپلىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ③ «قاينام ئۆركىشى» رومانى؛ ④ يېزىلىۋاتقان «چالا تەككەن ئوق» رومانى؛ ⑤، ⑥ «ئالما» ۋە «بىرمو پۇل» ھېكايىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ⑦ شۇ ناملىق شېئىرلار توپلىمى؛ ⑧ باللار ئۈچۈن تەييارلانغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى؛ ⑨ «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاكا، قاچان يازىسىز،
بىزگە ئاتاپ «ساۋاپ»①نى؟

### مەمتىمىن ھەزرەتكە

تويى بولدى «رەنا»②نىڭ
ۋىسال تاپتى «نىجات»③مۇ.
ئىسىڭىزدىن چىقمىسا،
بىزگە تالىق ئىجاتمۇ!

### قۇربان باراتقا

قوندۇرۇپسەن نەشپۈتكە،
ياغلىقى ئاق پەرىنى.④
ئۈسمۈرلەرگە گەپ يوقمۇ،
ياراتمىدىڭ نەرىنى؟

### ئارسلانغا

چىرمىۋالغان ئوخشايدۇ،
«يۇلتۇز يۇرتى»⑤دىلىڭنى.
بىزمۇ مەنپەت كۆرەيلى،
يۇمشىتىپ باق تىلىڭنى.

### ئوسمانجان ساۋۇتقا

ئالەمچىلىك سۆيگۈنى⑥،
دىل ئالماققا سولايسەن.
بىر تەلمۈرسەك يازماققا،
نېچۈن تىرناق كولايسەن؟

### تاھىر تالىپقا

تەرمىلەردە («تارىم»دا)
كۆرۈپ قالدۇق سىزنى بىر⑦.
ئەمما سىزدىن كۈتەتتۇق
باللارچە ئىزنى بىز!؟...

### سەمەت دۇگايلىغا

«كىچىك لەقۋا»⑧ھەققىدە،
باش قاتۇردى ئاكىمىز.
ئېيتسۇن، كىچىك باتۇرلار،
ئاكا قاچان ياقىمىز؟

### ئابلىمىت ھاجىغا

«ئاتا ئىزى»⑨، «تۇتىيا»⑩
دىلىمىزنى رام قىلدى.
بىراق، ئۆزى دەپ باقسۇن،
ئۇ نىمىنى كام قىلدى؟

### مەھەممەت شاۋدۇنغا

«داڭ ئاۋازى» سىزنىڭكى⑪،
«ئالىم، ئايىم» ھەمشىرىك⑫.
يەنە قاچان بولۇمىز،
ھىسسىياتتا تەڭ شىرىك؟

### ئەبەيدۇللا ئىبراھىمغا

تولۇقلايتتۇق ئەمەسمۇ،
بىز ياشلارنىڭ سېپىنى.

---

① شۇ ناملىق ھىكايە؛ ②،③«رەنانىڭ تويى»، «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم» كىنو سىنارىيىسى؛ ④«ئاق روماللىق پەرىزات» داستانلار توپلىمى كۆزدە تۇتۇلدۇ؛ ⑤ يۇلتۇزلار يۇرتى داستانى؛ ⑥ «ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى، ⑦ «تارىم» ژورنىلىنىڭ «تەرمىلەر» سەھىپىسى كۆزدە تۇتۇلدۇ؛ ⑧ شۇ ناملىق پوۋېست فاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلدۇ؛⑨، ⑩ شۇ ناملىق پوۋېست ۋە ھىكايىلار توپلىمى؛ ⑪ شۇ ناملىق باللار شېئىرى؛ ⑫ شۇ ناملىق داستان كۆزدە تۇتۇلدۇ.

نىچۈن قىلىپ قويمايسىز،
«زاپاس كۆچ»نىڭ گېپىنى؟

## مەھەممەتجان راشىدىنغا

تۇمان تارقاپ، تاڭ ئېتىپ،
يەتتىڭ باھار پەسلىگە.
ۋاقتىڭ بولسا كېلىپ كەت،
ئاكا، بىزنىڭ يەسلىگە!

## مىركامىل ياقۇپقا

ئۇزۇن مەزگىل بوپقالدى
يولىڭىزغا باقىملى.
سىزنى ئىجات بېغىدىن
بولمايدىغۇ تاپقىلى؟

## تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىنگە

«بوۋام ئېيتقان ھېكايە»①
جاراڭلايدۇ قۇلاقتا.
ئاڭلىغىلى بولاركىن
داۋامىنى نەۋاقتا؟

## تۇرغان شاۋدۇنغا

يېڭى - يېڭى دىراما،
رادىيودىن چىقمىدى،
بىزگە پەخسىق شۇ ئىلھام
تېكىست ئۇچۇن جىقمىدى؟

## مامۇت زايىتقا

ئىسكەندەرنىڭ گارمۇنى،
سەكرەتتى شوخ توشقاننى②.

توشقان پەستە، بىز كۆكتە،
يېزىڭ كۆكتە ئۇچقاننى!

## مەتتىمىن ھوشۇرغا

«نەي ئاۋازى»③ياڭرىدى،
تىڭشاپ باقساق ساز ئىكەن!
«يەنە بولسا...» دەپقالدۇق،
ئامال قانچە، ئاز ئىكەن...

## ئابلىمىت سابىرغا

ئىجات ئەمدى «بىخ» ④سۈرسە،
«قونالغۇ»⑤دا قونامسىز؟
بۇرۇن تېخى قونغىلى،
بۇ تەكلىپكە ئۇنامسىز؟

## ئابدۇراخمان ئەبەيگە

غەلىبە بىلەن قايتتىڭىز،
ئەخمەتجاننىڭ قېشىدىن⑥.
ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭدۇ،
ئىشنى باشلاڭ بېشىدىن!

## ماخمۇت مەھەممەتكە

نەۋاققىچە يۈرۈسىز،
ھىسامكامغا ئەگىشىپ⑦.
كېلىڭ، بىزمۇ ئويناپلى،
قالمىدۇققۇ تەگىشىپ؟

## جالالىدىن بەھرامغا

مۇقاۋىدىن بوشىسا،
يېزىپ پوۋېست، ھېكايە.

---

① شۇ ناملىق باللادا؛ ② شۇ ناملىق بالىلار ناخشىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ③ شۇ ناملىق ھېكايىلار توپلىمى؛ ④ شۇ ناملىق ھېكايىلار توپلىمى؛ ⑤ شۇ ماۋزۇلۇق ھېكايە؛ ⑥ ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدىكى ھېكايىلار توپلىمى كۆزدە تۇتۇلدى؛ ⑦«ھىسام چاقچاقلىرى» كۆزدە تۇتۇلۇدۇ.

يۇرۇدۇ دەپ ئاڭلايمىز،
قىلامدۇ شۇ كۇپايە؟...

## مەھەممەت روزى(يارقىن)غا

كۈڭلىمىزگە ياقىدۇ
«ئاق ئاسلان» ۋە«تامچە قىز»①
بىزگە ئاتاپ يازغىنىڭ،
ئېيتىپ باقە، قانچە «قىز»؟

## ئىمىن ئەخمىدىگە

مۆلجەر تاغدا، بوراندا②
چېكىپسىز مىش كۆپ جاپا،
كۆزەتمىگەچ «يەسلى»نى،
باشلىق ئاكا، بىز خاپا!

## ئالىمجان ئىسمايىلغا

گاھى باغۋەن — «نەشپۈتچى»③
گاھى «ئاق چاچ» سىياقتا،
يۇرۇۋەرمەي سىز رەسىم،
بىزگە لايىق بۇياقتا.

## ئابدۇللا سۇلايمانغا

ئاكا، نەدىن سورايمىز،
بىز ئۈچۈن ھېچ گېپىڭ يوق.
«بالا» تۇرۇپ بالىغا،
نىچۈن مەنپەت - نېپىڭ يوق؟

## ئابلەت ئابدۇللاغا

ئېيتايلى بىز ئاستىلا،
قولىغىڭغا — ئۆزۈڭگە:
يۇلتۇزلارمۇ ئۇچراشسۇن،
«ئاي»④چىلىقتان كۆزۈڭگە.

## مەھەممەت شانىيازغا

ئوبدان ئاكا شانىياز،
توختاپ قالماي يەنە ياز!
ئېيتىپ باقە، يازغىنىڭ
كىملەرگە كۆپ، كىمگە ئاز؟

## ئابلىكىم باقىغا

تېيىن شەرەپ قازاندى،
ئۆتكەن يىلى بەيگىدە⑤.
يەنە بەيگە ئۆتكۈزسەك،
قىپقالماسسەن كەينىدە؟

## ئابابەكرى ئەمەتكە

داستانىڭدا داڭلاندى
يېڭى ئەۋلات باتۇرى⑥.
ئۆتمۈشكىلا مايىلمۇ،
ئىلھامىڭنىڭ ماتورى؟

## روزى نىيازغا

كۆپ چىقاتتى تۇرپاندىن
قوغۇن بىلەن ۋاسالغۇ.
بىراق، بىزگە سوغاڭ يوق،
بارمۇ، ياكى توسالغۇ؟

*      *

باللارنىڭ ئارزۇسى،
پۈتتى شۇنداق يېزىلىپ.
قاپىيەگە سىڭىلىپ،
مىسرالارغا تىزىلىپ.

---

① شۇ نامىلىق ھېكايىلار توپلىمى؛ ② «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» درامىسى؛ ③ «نەشپۈتزارلىقتا» درامىسى بىلەن «ئاق چاچلىق كىشى» ھېكايىسى كۆزدە تۇتۇلۇدۇ؛ ④ «ئاق تۆپىدە ئاي كۆردۈم» شېئىرى كۆزدە تۇتۇلۇدۇ؛ ⑤ «تېيىنمەك تۇۋۇرۇك سانىشى» نامىلىق مەسەل كۆزدە تۇتۇلۇدۇ؛ ⑥ «باتۇر ئوغلان» نامىلىق داستان.

www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ بەرسەم يازغاننى،
قوشتى مۇنداق تىلەكنى:
«...تەڭ ئوينايلى ھەممىمىز،
30 يىللىق كۆرەكنى①.

بىزغۇ ئاشۇ بايرامنى،
شان - زەپەردە كۈتمەكچى
قەلەمكەشلەر بىز ئۈچۈن
قانداق ئەسەر پۈتمەكچى؟...»

تىركەپ قويدۇم ئۇنىمۇ،
ئاخىرىغا قوشاقنىڭ.
ئەمدى كىمدىن ئاڭلايمىز،
جاۋابىنى چاقچاقنىڭ؟!

# شېئىرلار

ئابلىكىم روزى

## ئاكا دېيىش نومۇسمۇ؟

ئىككى بالا سۆزلىشەر،
(بىرى كىچىك بىرى چوڭ.)
نىمىشقىدۇر، ئۇلاردىن
كىچىگىنىڭ كېپى توڭ.
چوڭى شۇنچە ئىززەتلەپ،
سۆزلەۋاتسا ئۇكام دەپ؛
سەكرەپ كەتتى كىچىگى:
«سەن قانداقچە ئاكام؟» دەپ.
«ئۆيدە مېنىڭ ئاكام بار،»
دىدى يەنە كىچىگى.
بۇ سۆزلەردىن چوڭىنىڭ
ئازاپلاندى يۈرىگى.
قېنى، ئاشۇ بالىنىڭ
قىلغان كېپى دۇرۇسمۇ؟
يېشى چوڭنى ھۆرمەتلەپ،
ئاكا دېيىش نومۇسمۇ؟!

## قول ياغلىق

قىزىلگۈلگە ئوخشايسەن،
كىچىككىنە قول ياغلىق.
شۇنچە يۇمشاق، چىرايلىق،
ئەپچىلگىنە قول ياغلىق.

سېنى تۇتۇپ پاكىزە،
سۈرتىمەن قول، يۈزۈمنى...
شۇنچە تېتىك. كۆڭۈللۈك،
ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى.

قول ياغلىقىم، مەن سېنى
ئايرىسايمەن يېنىمدىن.
تازىلىقنى ھەرقاچان
سۆيۈمەن چىن دىلىمدىن.

## ئاپپاق بور

دانە - دانە، ئىنچىكە،
سۈپەتلىكسەن ئاپپاق بور.
ئۆگىنىشتە بىز ئۈچۈن
كېرەكلىكسەن ئاپپاق بور.

ئەپچىل تۇتۇپ بىز سېنى
خەت يازىمىز دوسكىغا.
ئوخشىتىمىزدۇ ھەممەيلەن
سېنى يېقىن دوستىغا.

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويى كۆزدە تۇتۇلۇۋدۇ.

ساقلاش ئۈچۈن بىز سىزنى
ياساپ قويدۇقساندۇقچە.
سىزنى ئاسراپ ئاپپاق بور،
ئىشلەتمەيمىز ئارتۇقچە.

### نوتا ئۆگەندۇق

چىن كۆڭۈلدىن قىزىقىپ،
ئۆگەندۇق بىز نوتىنى.
«دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شى...»
قوزغايدۇ دىل زوقىنى.

جاراڭلايدۇ رىتىملىق
شات ئاۋازلار، ئاھاڭلار.
نېمە دېگەن يېقىملىق،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار.

### سوراپ قالدى مۇئەللىم

سوراپ قالدى مۇئەللىم،
ئارزۇيۇڭلار نېمە؟ دەپ.
قەلبىڭلەردە جۇش ئۇرغان
شاتلىقىڭلار نېمە؟ دەپ.

جاۋاپ بەردۇق: «ئىلىم - پەن
ئارزۇيىمىز بىزنىڭكى.
ئۇنى ھارماي ئۆگىنىش—
شاتلىقىمىز بىزنىڭكى!»

1985 - يىل، مارت، قەشقەر.

## ئىككى شېئىر

**ھەسەن تىلىۋالدى**

### ئىنىم

كىچىك ئىنىم دىلمۇرات
خەت يازىدۇ قىزىقىپ
جىجىلايدۇ قەغەزگە
كەتكىنىدە ئېزىقىپ.

دەيدۇ: «ئاكا، خەت يازسام
بىردەمدىلا ئازىمەن،
ئېيتىپ بەرگىن، جان ئاكا،
قاچان سەندەك يازىمەن؟»

دىدىم: «ئىنىم ئۆگەنسەڭ
زېرىكمەيلا تىرىشىپ،
يېڭەلەيسەن مۈشكۈلنى،
ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ.

### بولسام يامغۇر تامچىسى

ياغدى يامغۇر شاقىراپ،
يەر ئۈستىگە چېچىلىپ.
گۈللەر قېنىپ سۇ ئىچىپ،
كەتتى چوغدەك ئېچىلىپ.

پايانسىز تاغ - داللار
كىيدى ئىسىل يېشىل تون.
ياساندى ئۈز تەبىئەت،
يوقاپ تۈتەك ئىس - جۇدۇن.

ئاقتى شاتلىق يامغۇرىغا
تولۇپ قەلبىم باغچىسى.
كۆكەرتسەم يەر - زېمىننى
بولۇپ يامغۇر تامچىسى.

# باللار قەلبى

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

## ئاينى ئېلىپ بەر ماڭا

دادا - دادا، جان دادا،
بىر تەلىۋىم بار ساڭا:
ئاينى ئېلىپ بەر ماڭا،
كۈننى ئېلىپ بەر ماڭا.
يۇلتۇزنىمۇ ئېلىپ بەر،
ئېلىپ باقاي سانىنى.
مىنىۋېلىپ ئۇلارغا،
ئايلىناي يەر شارىنى.
كۆرۈپ يېقىن ئۇلارنى،
تۇتۇپ باقاي قول بىلەن.
ماڭىدىكەن ئاسماندا
ئۇلار قايسى يول بىلەن؟
تۇرىدىكەن توختىماي،
ئۇلار دائىم ئالمىشىپ.
بەلكە تۇرسا بولمامدۇ،
قاتارلىشىپ قارىشىپ؟
بىلسەم دەيمەن ئۇلارنىڭ
قونالغۇ جاي - يېرىنى.
قىزىقىمەن بىلىشكە
خىسلىتىنى . سىرىنى...
دادا - دادا، جان دادا،
قەتئى تەلەپ بۇ ساڭا:
ئاينى ئېلىپ بەر ماڭا،
كۈننى ئېلىپ بەر ماڭا!

## شوتا بولسام

دادام بىلەن تىككەن ئىدۇق،
يول بويىغا ھەر خىل كۆچەت.
بۇ يىل ئۇلار سايە تاشلاپ،
بولۇپ قالدى يولغا زىننەت.

بەزىلىرى بەردى مېۋە،
بەزىلىرى نوتا بولدى.
بەزىلىرى ئۆگزىلەرگە
چىقىش ئۈچۈن شوتا بولدى.

قاراپ ئاشۇ كۆچەتلەرگە،
ئەمگەكتىن يايراپ كەتتىم.
يۈرىگىمگە تولۇپ ئارزۇ،
تومۇچۇقتەك سايراپ كەتتىم...

دىدىم: «مەنمۇ كۆچەتلەردەك
مېۋىلىك بىر نوتا بولسام.
چىقىش ئۈچۈن پەللىلەرگە،
ئاددىغىنا شوتا بولسام!»

# باللار ناخشىلىرى

ياسىن ئىسمايىل

## تايچىغىم

ماڭا زەپمۇ ياقسەن،
چەلان تورۇق تايچىغىم.
كۆرسەم سىنى ھەر دائىم،
تاشار دىلدا شاتلىغىم.

www.uygurkitap.com

قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق،
كۆڭلۈمنى زەپ ئاچىسەن.
تۇتۇپ قويسام بېشىڭنى،
سەكرەپ . . سەكرەپ قاچىسەن.

ئوت سەپ بەرسەم سەھەردە،
يەيسەن ئۇنى زوقلىنىپ.
قۇۋۋەت يىغىپ ئۇنىڭدىن،
ئويناقلايسەن روھلىنىپ.

تېز چوڭ بولغىن، تايچىغىم،
تولۇپ قۇۋۋەت ـ مادارغا.
ئىككىمىز تەڭ چوڭ بولۇپ،
قوشۇلايلى قاتارغا.

## ئارزۇيۇم

بال ھەرىسى بال يىغار،
قونۇپ گۈلگە، چېچەككە.
ھوسۇل بەرسە ئەل ئۈچۈن،
دەيدۇ: يەتتىم تىلەككە.

مەن ئوخشايمەن ھەرىگە،
كىتاۋىم گۈل ـ چېچەككە.
بولۇپ ئاڭا پەرۋانە،
بال يىغىمەن يۈرەككە.

بال ھەرىدەك ئەجرىمدىن
بەرسەم مەنمۇ ئەلگە نەپ؛
كۆلەر مېنىڭ ئارزۇيۇم،
قىزىل گۈلدەك پۈرەكلەپ.

## مەن ئانامغا چاي تۇتتۇم

ئانام ئىشتىن يانغاندا،
ئىككى قوللاپ تۇتتۇم چاي.
ئانام ماڭا زوقلىنىپ،
ئالدى ئۇنى خۇشچىراي.

شۇ چاي بىلەن ئانامنىڭ
ھارغىنلىغى تارىدى.
كىچىككىنە بۇ ئىشىم
ئانامغا بەك ياردى.

# ئايگۈلنىڭ مېھرى

مەتەمىن بارى

ئالدىراپ كەلمەكتە مەكتەپتىن قىز،
يېزىنىڭ يولىدا خىيال ئىلكىدە.
كەلمەكتە شۇ يولدا ئاڭا ئەگىشىپ،
بىر تالاي ئوغۇل . . قىز قىنىغا پاتماي،
ناخشا ـ كۈي ياڭرىتىپ قىزىتىپ كۈلكە.

مەسۇمە قىز بىراق خالى كۈلكىدىن،
كېلىدۇ ھەر دائىم تەشۋىشكە چۆمۈپ.
مەڭزىنى ھۆللەيدۇ بەزى ـ بەزى ياش،
نىمىشقا يۈرمەيدۇ ئۇمۇ شات كۈلۈپ؟

ئەپسۇسكى، ئايگۈلنىڭ روھى ـ ھالىتى
ئالدىمغا تۇساتتىن قويدى بىر سوئال.
تېگىگە يەتمەكچى بولۇپ مەن شۇڭا،
ئەگەشتىم ئۇنىڭغا سۈرگەنچە خىيال.

مەلىنىڭ چېتىدە ئايگۈلنىڭ ئۆيى،
ئىشىگى ئېچىلغان چوڭ يولغا قاراپ.
ھويلىنى قاپلىغان تال ـ باراڭلىرى،
مېۋىلىك دەرەخلەر قالغان سۇسراپ.
ھويلا تېچ، ئۆيمۇ تېچ.

هەممە ياق تىپ - تىنچ،
شۇ يالغۇز تۈرخۈندا ئىسىۇ كۆرۈنمەس.
يېقىنلاپ كەلمەكتە گۈگۈم ۋاقتىمۇ،
كۆزنەكتىن تۆكۈلۈكتىن يورۇق كۆرۈنمەس.
يەتتىممەن ئاخىرى ئىشنىڭ تەكتىگە،
ئايگۈلنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن.
بىر ئانا،
بىرلا قىز،
ئىككىلا كىشى
بىر ئۆينى باشقۇرۇپ جاننى - جان ئەتكەن.

يىل ئۆتۈپ ئاردىن كەلگەندە كەچكۈز،
ئانىسى ئاغرىققا مۇپتىلا بولغان.
ئۆي ئىشى، باغ هويلا، ئېتىز پەرۋىشى،
هەممىسى شۇ قىزنىڭ ئۈستىدە قالغان.
قىز كېلىپ كەچاگى بوخچىنى قويۇپ،
ئىللىتار ئۆينى تېز كاڭغا ئوت قالاپ.
ئۆيلەرنى، هويلىنى، سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ،
چاي بېرەر ئانىغا سۈتكە نان چىلاپ.
ئاخشىمى ئۈستىلەپ ئەتىنىڭ غېمى،
غەملىنىپ ئىشلىسە ئاندىن تاپشۇرۇق؛

كېچىسى ئانىنىڭ باش - كۆزىن سىلاپ،
مۇڭىغا، مۇڭ بولار، روهىغا ئوزۇق.
ئەمدىلا ئون بىردە بولسىمۇ يېشى،
يۈكلەنگەن ئۇنىڭغا بىر ئۆينىڭ ئىشى.
تۈنلەرنى ئۇلىغان كۈنلەرگە شۇنداق،
قولغا قول، پۇتقا پۇت بولۇپ ئانىغا —
ئۇيقۇسىز تۈنلەردە هەتتا سىردىشى.

ئانىنىڭ تېنىدە كېسەل ئازاۋى،
چېهرىدە خوشاللىق، لېۋىدە كۈلكە.
بىلدۈرۈپ ئايگۈلدىن خۇرسەنلىگىنى
تەرىپلەپ بېرەركەن كىرگەن كىشىگە.
«رازىمەن قىزىمدىن رازى مىڭ مەررە.
مېنى دەپ تارتتى ئۇ قانچىلىك جاپا.
كېچىسى هەتتاكى قاقمىدى كىرپىك،
گوياكى مەن بالا، بولدى ئۇ ئانا.»

خىسلىتى ئۇ قىزنىڭ نامۇ - شەرىپى،
قىزغىندى قەلبىمدە تۈگىمەس ئىلهام.
ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئىش ئىزى
سۆزلىنىپ كەلمەكتە بولۇپ بىر داستان.

# ئىككى شېئىر

روزىتوختى داۋۇت

## قېنى، سىزگە كىم كېرەك؟

مانا بىر تۈپ باللار،
قاتار ئىككى رەت بولۇپ،
«دوست تاللاش» ئويۇننى
باشلىۋەتتى سەپ بولۇپ.

بۇ تەرەپتىن تۈۋلىسا:
«ئاپپاق تېرەك، ئاق تېرەك،
دوست بولۇشقا بىزلەردىن
قېنى، سىزگە كىم كېرەك؟!»

دەيتتى شۇئان ئۇ تەرەپ:
«بىزگە كېرەك - ئوت يۈرەك،
ئۆگىنىشتە ئەلاچى،
ئىشچان، باتۇر، گاڭ بىلەك!»

بۇ تەرەپتىن يۈگرەيتتى
قارشى ياقتا بىر بالا.

چوڭ بولەتتى شاتلىققا،
ئۇندا تۇرغان ھەر بالا.

دەيتتى ئۇلار شۇ ھامان:
«بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟»
قارشى تەرەپ تووۋلايتتى:
«بىزگە كېرەك مەرت، زىرەك!»

ئىككى تەرەپ ئاشۇنداق،
دوست تاللايتتى ئۆزىگە.
كەلگەن دوستى گويا گۈل
كۆرۈنەتتى كۆزىگە.

## يايلىغىم

كۆك مەخمەلگە ئوخشايسەن،
يېشىل چىمەن يايلىغىم.

سەندە تىنىم ئۈزۈلمەكتە،
قوزا، ئوغلاق، تايچىغىم.

قوينۇڭ سېنىڭ شۇنچە كەڭ،
چەت ـ چېتىڭگە كۆز يەتمەس.
ئوت ـ چۆپلەر مول قۇچىقىڭ،
چاقناپ تۇرغان گۈل، ئەتلەس.

ھەر كۈن كېلىپ باغرىڭدا
قوي ـ قوزامنى باقىمەن.
مەخمەل كەبى ئۈستۈڭدە
ھۇزۇرلىنىپ ياتىمەن.

يايراپ كېتەر ۋۇجۇدۇم،
شۇندا سەندىن سۆيۈنۈپ.
مەن ئاسرايمەن باغرىڭنى،
ئۆز جېنىمدەك كۆيۈنۈپ.

# دوستلۇق ناخشىسى

قادىر تۇردى

تىك ئۇچار غاقىراپ كەلمەكتە ھەيۋەت،
يۇرەكلەر تەلمۈرەر ئاڭا ئىنتىزار.
خالايىق ئۆزىچە پىچىرلىشىدۇ:
«يەرگە تېز قونىسىدى… ساقىمىدۇ ئۇلار؟»
«تېپىلدى يىگىرمە توققۇز كىشى» دەپ
بەختىيار لابادىن بەرگەندە خەۋەر.
تاشلىدى دىلدىكى تەشۋىشنى يۇلۇپ،
سۆيۈملۈك كىشىلەر قۇچقان شان زەپەر.
سۆيۈندى كۈمۈش چاچ بوۋاي، مومايلار،
سۆيۈندى نەۋقىران يىگىت، چوكانلار.
سۆيۈندى باللار سەكرىشىپ قۇۋناق
سۆيۈندى خوشنىلار دوست ۋە يارانلار.

1

دىكابىر ئېيىنىڭ بىر كۈن ئاخشىمى،
بەدەننى ھەرىدەك چاقىسىمۇ سوغاق.
جۇڭغارنىڭ پايانسىز ئويمانلىقىدا،
بۇرغىلاش ئەتىرىدى قازاتتى قۇدۇق.
تۇساتتىن ئۆزگىرىپ ھاۋانىڭ پەيلى
ئاپپاق تون يېپىندى بىپايان قۇملۇق.
گىرادۇس نۆلدىن پەس قىرىققا چۈشۈپ،
ماتورمۇ توڭلىدى بەرمىدى يورۇق.
توك بولماي ئىشلىمەي تېلېگىراممۇ،
ئاش ـ ئوزۇق ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى.
نېفىتنىڭ يىگىرمە توققۇز جەڭچىسى
قار مۇزلار ئىچىدە قورشىلىپ قالدى.
ۋە لېكىن جەڭچىلەر تاپمىدى تىنىم،
بۇرىدى ماتورنى زورلىدى ئىشقا.
شۇ مۇدھىش سوغاقنىڭ تەرسالىقىدىن،
كەتتى مىڭ چارىمۇ بىكارغا ـ بوشقا.
قىزىدى يەنىمۇ ماتور بىلەن جەڭ،
سوتكىلاپ ئۈزۈلمەي قىلدى ئۇ داۋام.
ماتور ئۇ، نىمىدى ئادەم ئالدىدا،
ئىشلىمەي كاج ماتور تاپمىدى ئارام.
ئۈچ سوتكا ئىنجىقلاپ، پۇشقۇرۇپ ئاخىر،
رېتىملىق سايرىدى يورۇدى ۋادا.
«توك كەلدى! توك كەلدى!» دېيىشتى ئۇلار،
جەڭگاھنى قاپلىدى يېقىملىق سادا.
جەڭچىلەر ۋاقىتنى بىلىپ غەنىمەت
قاراماي شەھرىگە سوقتى تېلېگىرام:
«قۇتقۇزۇپ ئېلىڭلار، ئەھۋال خەتەرلىك…»
توك ئۆچتى، سۆز تېخى بولمايلا تامام.

2

زىمىستان لەشكىرى قۇترىدى دەھشەت،
قار بىلەن شۇۋىرغان چۈشتى بەس ـ بەسكە.
سوغاقنىڭ ھەيۋىسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ،
گىرادۇس تۆۋەنلەپ سىلجىدى پەسكە.
شۇ مۇشكۈل ئىچىدە تىك تۇرۇپ باشلىق،
قوزغىدى قوشۇننى چارە ئىزلەشكە.
غولغۇلا قىلىشىپ جەڭچىلەر بىردىن،
زېھنىنى جەم قىلىپ چۈشتى ئەسلەشكە.
ئارىدىن بىر يىگىت ئاۋال سۆز ئېلىپ:
«ئونبەش يول يىراققا كېتەيلى» دېدى.

«ئۇندا مەن بىر ئەپلىك ئۈڭكۈرنى كۆرگەن
شۇ جايىنى بىز ماكان ئېتەيلى» دېدى.
يىگىتنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ھەممە،
يول ئالدى جەڭچىلەر شۇ ئۈڭكۈر تامان.
ئۈڭكۈر ئۆز قوينىدىن بىرىپ پانالىق،
ئۇلارنى جۇدۇندىن ساقلىدى ئامان.
ۋە لېكىن ئوزۇق يوق قىينىلىپ قالدى،
بەزىلەر ھالسىراپ يىقىلىپ قالدى.
نەچچە يىل تۇتمىغان كونا كېسەللەر،
سوغاقتا يېڭىدىن قوزغىلىپ قالدى.
جەڭچىلەر كۆچكەندە ئاشۇ ئۈڭكۈرگە،
لېيىفېگچە خىسلەتمۇ كەلگەندى كۆچۈپ،
شۇ خىسلەت بەئەينى ئىپار - رەيھاندەك،
ئۈڭكۈرنى بىر ئالدى خۇشبۇي ھىد تۆكۈپ.
تاۋلاندى جەڭچىلەر پولاتتەك مەھكەم
شۇ ئېغىر تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىدا.
بىمارلار، ھۇشسىزلار ياتاتتى ئەپلىك،
ياش يىگىت — ئوغۇلنىڭ قۇچاقلىرىدا.

3

تەككەندە ئاق چاچلىق شۇجى قولىغا
«قۇتقۇزۇپ ئېلىڭلار...» دىگەن تېلېگىرام.
كېچىلەپ ئېچىلدى بىر جىددى يىغىن
چوڭ - كىچىك ھېچ كىشى ئالمىدى ئارام.
«قۇتقۇزۇپ ئېلىڭلار» دىگەن بۇ خەۋەر،
چاقماقتەك تارالدى پۈتۈن شەھەرگە،
تەييارلاپ باشلىقلار كىيىم ۋە ئوزۇق،
پۇتكۈزدى كېچىنى ئۇلاپ سەھەرگە.
كېلىشتى سەپداشلار بىز بارايلى دەپ،
بۇرغىلاش ئەترەتنى قۇتقۇزايلى دەپ.
ئۆزلۈلمەي كېلىشتى بىر نەچچە ئەترەت،
بۇ ئىشنى زىممىگە بىز ئالايلى دەپ.
بىر سائەت ئىچىدە تارقىلىپ خەۋەر،
نېفىتلىك شەھەرنى تەشۋىشكە سالدى.
تاللىشىپ ئاخىرى ماشىنا ئەترەت،
قۇتقۇزۇش ئىشىنى زىممىگە ئالدى.

ئۇخلايدۇ تاغ - دالا شىرىن ئۇيقۇدا،
ئۇستىگە ئاق قاردىن يوتقان يېپىنىپ.
قارىغاي، ئارچىنىڭ يوغان شاخلىرى
ئېگىلىپ قالغانتى ئۇيقۇغا پېتىپ.
ۋە لېكىن ئۇخلىماي ماشىنا ئەترەت،
سەپەرگە ئاتلاندى، تەييارلىق تولۇق.
چاقنايتتى قەلبىدە ئۈمىت يۇلتۇزى،
چاقنايتتى كۆزلىرى چولپاندەك نۇرلۇق.
ماشىنا ئەتىردى كەتتى - يۇ، لېكىن،
باشقىلار يەنىلا تاپمىدى ئارام.
تېلېفون تۇغرىلاپ ھاۋا قىسمىغا
ۋەقەنى بىرمۇ بىر ئەيلىدى بايان.

4

«بۇرغىلاش ئەترەتنى قۇتقۇزۇش كېرەك!»
دىگەن سۆز كەلگەندە قىسىم ئىچىگە.
«مەن باراي!»، «مەن باراي!» دىگەن
تەلەپلەر،
قىسىمنى بىر ئالدى ئاشۇ كېچىدە.
بېرىلدى ئاخىرى بۇ بىر ۋەزىپە،
ئۇچقۇچى بەختىيار گۇرۇپپىسىغا.
بېقىشتى گۇرۇپپا ئەزالىرىمۇ،
تەبەسسۇم ئىلكىدە ياش ئۇستازىغا.
لازىمەت تولۇقلاپ، تىك ئۇچار بىلەن —
جەڭچىلەر ئالدىراش ئۇچتى پەلەككە.
قۇترىغان بۇلۇتنىڭ باغرىنى يېرىپ،
جۆنىدى چاقماقتەك جۇڭغار تەرەپكە.
ئالاقە بولمىغاچ قارار گاھ بىلەن،
نىشاننى پەرق ئېتىش توختىدى تەسكە.
پەس ئۇچۇپ بەختىيار يەرنى بېغىرلاپ
كۆزنى مىڭ قىلىپ قارايتتى پەسكە.
ئاقتۇرۇپ بىرمۇ - بىر ھەر بىر جىرانى،
تالمىمۇ چىدايتتى كۆزنىڭ قارىسى.
ئويلايتتى «چەككەندۇ قانچىلىك ئازاپ،
خەلقىمنىڭ نېفىتچى ئوغلى ۋارىسى»
ئون سائەت، ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن،
قۇدۇقنىڭ سايىمنى چېلىقتى كۆزگە.
ئەپسۇسكى، ئادەمنىڭ سايىسىمۇ يوق،

ھېچنەرسە كۆرۈنمەس سايىماندىن ئۆزگە.
تىك ئۇچار ۋاقىراپ چاقىردى تىنماي:
«نېفىتچى دوستلىرىم قېنى نەدە سەن؟!
مەن سېنى سېغىنىپ كەلدىم قېشىڭغا،
بولامدۇ بىر قېتىم ماڭا ھە دېسەڭ؟»
«بارغانچە ئازايدى تىك ئۇچار مېيى،
تۈگىسە ماي سوراپ بارىمىز نەگە؟
تاپالماي قۇرۇق قول قايتساق مۇبادا،
خەلقىمىز ئالدىدا قارايمىز يەرگە...»
ئويلىسا بەختىيار ئەنە شۇلارنى،
باشلىرى پىقىراپ، چۆمەتتى تەرگە.
دەيتتى ئۇ «ئېرىشەي قايتمايمىز چوقۇم،
بۇ قېتىم جەڭدىمۇ پارلاق زەپەرگە.»
ۋاھ! ئەنە ئۆڭكۈردىن چىقىشتى ئۇلار،
ھاۋادىن ماتورنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ.
يۈگۈردى تىك ئۇچار ئالدىغا ئەنە،
سۆيۈملۈك كىشىلەر كەلدى دەپ تۇۋلاپ.
تىك ئۇچار پەسلىدى، قوندى قېشىغا،
ھاياجان ئىلكىدە بېقىشتى ئۇلار.
ئارمىيە ۋە خەلق بىر گەۋدە بولۇپ،
يۈرەكنى يۈرەككە يېقىشتى ئۇلار.
تىك ئۇچار ئىچىدىن تۆكۈلدى جۇۋا،
تۆكۈلدى مامۇقتەك پاختىلىق چاپان.
تۆكۈلدى خىلمۇ-خىل شىپالىق دورا،
تۆكۈلدى مۇراببا، شىرىن تائام، نان.
تارقىتىپ بېرىلدى كىيىم ۋە ئوزۇق،
تارقىتىپ بېرىلدى لازىمەت تولۇق.
بىتاپلار دورا يەپ ھوشىغا كېلىپ،
دەۋەتتى «ئارمىيە نەقەدەر ئۇلۇغ!»
ئۈمىتنىڭ ئۇچقۇنى ياندى لاۋۇلداپ،
ئويىندى يۈرەكلەر شات- خورام تېپىپ.
ئارمىيە- خەلقنىڭ دوستلۇق مېھرىدىن.
مۇھەببەت دەرياسى ئۆركەشلەپ ئېقىپ.

5

تىك ئۇچار قوزغالدى غاقىراپ ھەيۋەت،
نېفىتچى قوشۇنى سىغدۇرۇپ تولۇق.
ئېغىزدىن چۈشمەيتتى ئاشۇ بىرلا سۆز،
«ئازاتلىق ئارمىيە نەقەدەر ئۇلۇغ!»
تىك ئۇچار غاقىراپ ئۇچماقتا ھەيۋەت،
يولداشلار قەلبىدە غورۇر- ئىپتىخار.
دالىدا تەبىئەت ئاق تون كىيسىمۇ،
تىك ئۇچار ئىچىدە چاقنايدۇ باھار.
مەيدانغا قوندى ئۇ، چۈشتى جەڭچىلەر،
ياڭرىتىپ يۈرەكتىن چىققان ناخشىنى.
جىمىكى خالايىق جۆر بولدى ئاڭا،
ياڭراتتى دوستلۇقنىڭ زەپەر مارشىنى.
شۇ ناخشا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ھەردەم،
نېفىتلىك شەھەرنىڭ قۇچاقلىرىدىن.
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ شۇ ناخشا ھەردەم.
يۇرتۇمنىڭ چەت — بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن.
شۇ ناخشا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ھەردەم،
نېفىتنىڭ قاينىغان بۇلاقلىرىدىن.
شۇ ناخشا ئاڭلىنىپ كەتمەيدۇ نېرى،
جاراڭلاپ خەلقىمنىڭ قۇلاقلىرىدىن.
ئارمىيەم دوستلۇقنىڭ نەمۇنىسى سەن،
سەن بىلەن خەلقىمنىڭ قەلبى بىر تۇتاش.
قوغىدىڭ شۇ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى،
قوغىدىڭ كۆزۈڭنىڭ قارىچۇغى ئوخشاش.
ھەر باسقان ئىزىڭدىن ئۈندى گۈل چىچەك،
چۆللەردە يارالدى مىڭلىغان گۈلشەن.
ئازاتلىق ئارمىيەم قەھرىمان قوشۇن،
كۆڭۈللەر كۆكسىنىڭ چولپانى ئۆزەڭ.
سەن بىلەن خەلقىمنىڭ ئىناقلىقىدىن،
ئارتۇق كۈچ دۇنياغا كەلمىدى تېخى.
شۇڭلاشقا ئەل ئامان — خەلقىمىز ئامان،
دۈشمەن ئىز باسقىلى مىڭ ئەمەس جېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇرغىچى ناخشىسى

قادىر سىدىق

بۇرغىچىمەن، بۇرغىنىڭ دىلدارى تانماس تائەبەت،
بۇرغىنى سۆرىگەچكە چىن ۋەسلىگە قانماس تائەبەت.

خۇددى مەن مەجنۇن سۆيەت چۆللەرنى كەزسەم ھەر كۈنى،
لەيلىگە ئوتلۇق ۋاپا قەلبىمدە ئىخلاس تائەبەت.

ۋىشكىدا يانغان بىھەد نۇرلۇق چىراقلار — كۆزلىرىم،
ياقمەن كۈن - تۈن گۈزەل ھۆسنىگە، تالماس تائەبەت.

بۇرغا، ماتورلار ئوقۇيدۇ ھەر كۈنى شات ناخشىنى،
ناخشىسى ناخشامغا جۆر، ئاۋازى تەڭــماس تائەبەت.

دۇچ كېلىپ قالسا كىــىمكى گەر جاپاغا ھەرقاچان،
ئۆلگە — بايراقتۇر چىدامى، ئارتقا يانماس، تائەبەت.

بەزىلەر دەيدۇ مېنى: «مەينەت، مۇشەققەت بەندىسى»
ئەكسىچە ئەھدىمگە چىن سادىقكى، ئاغماس تائەبەت.

پاك قەلب مېھرىم ئوتى ئۆندەيدۇ: قازغىن چەشمىنى
سەن بولۇپ چوڭ بۇرغىنىڭ دەندانى① ئالماس، تائەبەت.

مەن پەقەت مېھنەتكە يار، خىسلەتكە باي ياش بۇرغىچى،
يۇقسىمۇ جىسمىمغا كىر، قەلبىمگە يۇقماس تائەبەت.

بەختىيارمەن، ماختىنارمەن بۇرغىچى نامىم بىلەن،
خۇشلىقىــم فونتان نېفىت. ئوخچۇيدۇ — تۇرماس، تائەبەت.

ماي بىلەن قۇچتى ئېلىم دۇنيادا چەكسىز شان - شەرەپ،
ئەھلى - ئالەم بۇنى قايىل دەيدۇ: «ھەق - راست!» تائەبەت.

بۇرغىنى باغرىمغا باستىم، مەن دىمەيمەن «سوغ تۆمۈر»
بۇرغا ھەر كۈن - ھەر ۋاقىت، ھەممىدىن ئۇ، خاس تائەبەت.

ياڭرىتىپ جەڭ مارشىنى چۈشتۈم كۈرەشكە ئاتلىنىپ،
قۇچىمەن غەلىبە چوقۇم، توسقۇن توسالماس تائەبەت.

① دەندان — چىش.



ئوقۇغۇچىلار لاگېردا

سۈرەتنى غەيرەت ئوسمان تارتقان.

www.uyghurkitap.com



# تارىم


塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM (in Uighur A monthly Literature jornal)

1985 - يىل 6 - سان (290 - سان)، 28 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى (تېلېفون نومۇرى: 24784)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارى-
لىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى).
n· p· Box 614, Beijing, China

باسما تاۋاقى: 10، ژورنال نومۇرى: 66 — 58، باھاسى: 0.50 يۈەن.

دۆلەتلىك ژورنال نومۇرى: 356

定价：0.50元